# «توختى پوكان»
# هىكايىلەر توپلىمى

«توختى پوكان» هىكايىلەر توپلىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابلىمىت غوجابدۇللا قاراقاش

# «تونتى پوكان» ھەققىدىكى ھېكايىلەر توپلىمى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2016 -يىلى 2 -ئاي

مەنبە: باغداش مۇنبىرى،

# مۇندەرىجە


1. توختى پوكان.......................................3

2. توختى پوكان ۋە غالتەك ۋەقەسى......................31

3. توختى پوكان ۋە ئون ئىككى يىپ......................52

4. توختى پوكاننىڭ ئامتى...............................75

5. توختى پوكان ۋە كۇسار ئوغرىسى.......................93

6. توختى پوكان ۋە پالتىچى ئارخات......................105

7. توختى پوكان ۋە پىلەكسىز قاپاق......................123

8. توختى پوكان ۋە كېپەن ئوغرىسى.......................149

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان

(بىرىنچى ھېكايە)

مېنىڭ ئىسمىم توختى لېكىن كىشىلەر مېنى دائىم توختى پوكان دەپ ئاتىشىدۇ، «پوكان» دېگەن بۇ لەقەم دادامدىن ماڭا مىراس قالغان بولۇپ ئاڭلىشىمچە دادام رەھمەتى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە كەنت كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن، ئۇ يۇقىرىغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن كەنتتىكى جاپاكەش دېھقانلارنىڭ يەيدىغان ئاشلىقىنى قىسىۋالغاچقا كىشىلەر ئۇنى «ھۇ تويمىغۇر قىزىل پاچاق! بارچە ئاشلىقنى پوكىنىڭغا بېسىپ ياتقۇچە ئۆلسەڭ بولمامدۇ؟!» دەپ كەينىدىن قارغىشىپ يۈرگەچكە شۇ چاغلاردىن باشلاپ دادامنىڭ لەقىمى «پوكان» بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ دەۋرلەردە بارچە كىشىلەر دۆلەت داھىيسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكنى كىيىمىنىڭ سىرتىغا قاداپ ماڭسا دادام رەھمەتى مەيدە گۆشىنىڭ تېرىسىگە ئىككى-ئۈچنى قادىۋالىدىكەنمىش.

كېيىنچە دادام يەنە شۇ ئىزناكنىڭ يىڭنىسىنى مەيدە تېرىسىدىن ئۆتكۈزىمەن دەپ تۇيۇقسىز تارتىشىپ قېلىپ زۇۋاندىن قاپتۇ، بۇ «زور ئىنقىلاب»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قىزىللىشىپ كەتكەن ئانام بولسا- بىلىكىگە قىزىل يەڭلىك تاقاپ يۇرت بايلىرىغا كولا كېيگۈزۈپ «باي-پومىشچىكلار ئۇرۇپ جازالايدىغان» ھەركەتكە باش بولۇپ قاتنىشىپ شۇ قېرى-چاللارنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىكەن، ئانام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قولىدىكى دۇمبا كالتىكىنى تاشلاپ دەرھال دادامنى دوختۇرغا ئاپىرىپتۇ لېكىن دوختۇر دادامنىڭ قاتما كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ساقىيىشتىن ئۈمىد يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئاخىرەت ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ كەنتتىكى كىشىلەر دادامدەك بىر زومىگەردىن قۇتۇلغىنىدىن يىغا-زار قىلىشىپ ئۇنى ئوبدانلا يەرلىكىدە قويۇپتۇ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى مازارلىق قىلىنىدىغان يەرنىڭ توپىسى بەك يۇمشاق ئازراق كولىسىلا زەي سۇ چىقىدىغان يەر بولغاچقا كىشىلەر مېيىتنى يەرنى كولاپلا كۆمۈۋېتىدىكەندۇق، بۇ ئۇرانلىق كولاش دادامنىڭ مېيىتىغا كەلگەندە كىشىلەر كۆز يېشى

قىلىشىپ ئۆزلىگىدىن توپ-توپ بولۇشۇپ كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە يەرلىكنى باشقىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇركولاپ سۇ چىكەتكىنىگە قارىماي دادامنىڭ مېيتىنى زەي سۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرسىغا دەپنە قىلىۋەتكەن ئىكەن، كېيىن ئاڭلىسام دادامنىڭ يەرلىكىنى كولىغان ئۇ بىچارىلەر «رەھمىتى خىزمەتكە بەك ئامراق ئىدى يەنە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ ياتقان يېرىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋالمىسۇن شۇڭا چوڭقۇرراق كۆمۈۋېتەيلى!» دەپ شۇنداق قىلىشىپتۇ.

مەن سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى يېگىلى نان يوق ئەتىدىن-كەچكىچە قۇناق پاخلىنى قاينىتىپ ئىچىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ شۇئارلىرىنى توۋلاپ يۈرۈيدىغان جاپاكەش «قىزىل يەڭلىك» ئاكتىپ ئانام ئۆپكە سىل كېسىلى سەۋەبلىك مىنى يالغۇزتاشلاپ قويۇپ دادامنىڭ يېنىغا شۇئار توۋلىغىلى كەتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن كىچىكلا ئىگە-چاقىسىز قالدىم، ئاتا-ئانامنىڭ ئۇرۇغ-توققانلىرىمۇ ماڭا ئانچە قاراپ كەتمىدى، چۈنكى رەھمەتلىك دادام- ئانام ھايات ۋاقتىدا ئۆلۈمگەئىشەنمەي بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئىشىنىپ كەتكەچكە ئۇلارغىمۇ بوش ئەسكىلىك قىلماپتىكەن.

مەن شۇنداق قىلىپ يىغلاپ-قاقشاپ، يېقىلىپ-قوپۇپ كىشىلەرنىڭ ئېھسان-سەدىقىسىدە چوڭ بولدۇم.

ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ تەگتۈشلىرىم پۈتۈنلەي ئۆي-ئۇچاقلىق بولۇپ بولدى، ئۆيۈمدە ئاتا-ئانامدىن قالغان بىر پارچە كىگىزدىن بىلەك ھېچنىمەم يوق، مەھەللىدىكى ئەپكەش كۆتۈرۈپ ماڭغان قىزلارنى كۆرسەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كۆل بويىغىچە بىللە بارىمەن، ئۇلار مىنى بوزەك قىلىشىپ كۆلدىن سۇ ئالغىلى سېلىشىدۇ، مەنمۇكىيىم-كىچىكىمنىڭ ھۆل بولۇپ چېلەك-چېلەك سۇنى ئۇسۇش بەدىلىگە ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ كۆزۈمنى ھېيتلىتىۋالىمەن، ئۇلار مەندەك تولىمۇ پوكاننى ياراتمىسا كېرەك ماڭا سۇنى ئالدۇرۇپ بولۇشۇپلا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ مىنى يەپ كىتىدىغاندەك ماڭا ئالىيىپ قارىشاتتى...

لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە مەھەللىمىزدىكى مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ قىزى پاتىمخان ماڭا ئۇنداق سوغۇق كۆزى بىلەن قارىمايتتى، بىز بۇرۇندىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان،كىچىكلىكىمىزدە باللار بىلەن تايىتاڭلاپ يۈرۈپ ئوينايدىغان «مېھماندار- چىلىق» ئويۇنىدا باللار ھە دىسە ئىككىمىزنىڭ تويىنى قىلىپ قوياتتى، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان كوكاتلىق ئېرىق بويلىرىدا ياكى خالى پىنھان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەرلەردىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدا ھەممىمىز قول-قولچە ئۆي سالاتتۇق، ئىگىزلىكى بىر غېرىچ كەلمەيدىغان تۇپا تاملىق ئۆيلىرىمىزنىڭ ئايۋان-سارايلىرى، مېھمانخانىلىرى ھەتتا ئايرىم ياتىدىغان ھۇجرىلىرىمۇ بار ئىدى، مېنىڭ ياسىغان ئۆيۈم ھەر قېتىم باشقا بالىلارنىڭكىدىن چوڭ چىقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئارىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق،كىيىنىشى ئەڭ ياخشى بولغان مەزىننىڭ كىچىك قىزى پاتمىخاننى ماڭا تويلاپ بېرەتتى.

ئىككىمىز پاتمىخاننىڭ ياسىغان ئۆيىدىكى ئايۋاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتۇق، ئارىمىزدىكى بالىلاردىن بىرسى ئالدىراپ نىكاھ ئوقۇيتتى: «ئاسماندىن ئاسا چۈشتى، تۈڭلۈكتىن پاسار چۈشتى، توختەكىنىڭ كۆڭلىگە پاتمىخان راسا چۈشتى...» شۇنداق قىلىپ بالىلار كۈلۈشۈپ ئىككىمىزنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىلىپ قۇياتتى، بىز ئۆجمە يۇپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە كوكاتنى ياكى ھەرخىل يوپۇرماقلارنى توغراپ ئاش قىلىپ ھەر بىر بالىنىڭ ئالدىغا بىرقاچىدىن ئەكېلەتتۇق، بالىلار ئالدىدىكى ئاشنى يېگەن بولۇپ ئېغىزلىرىنى ماكچايتىشىپ يوپۇرماق ئۈستىدىكى توغرالغان غىزالارنى كەينىگە چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتى، ئارقىدىن دۇئا ياندۇراتتى، ئاندىن ئارىمىزدىن بىر بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تال ئاپتاپپەرەسنىڭ چوڭراق گۈلىدىن بىرنى ئۈزۈپ ئۇنى چوڭراق بىر تاياققا سانچىپ ھۇجرا ئۆيىمىزنىڭ يېنىغا تىكلەپ قۇياتتى-دە «ئەمدى كېچە بولدى، ئاي چىقتى، ئەمدى ھۇجراڭلارغا كىرىڭلار!» دەپ ھېلىقى ئاپتاپپەرەسنى كۆرسىتەتتى، بىزمۇ ئاپتاپپەرەسنى تولۇن ئاي چىقتى دەپ بىلىپ ھۇجرىمىزغا كىرىپ شۇ يەردە يانمۇ-يان بولۇشۇپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتاتتۇق...

مانا ئەمدى چوڭ بولدۇق، ۋاقىتنىڭ سۇدەك ئۆتۈشى ئىككىمىزدە ئاسمان-زېمىن پەرقلەرنى پەيدا قىلدى، ئۇنىڭ مەزىن دادىسى يىراق-يېقىنغا نامى پۇر كەتكەن ھاجىمغا ئايلىنىپ ھەرەمدىن ئەكەلگەن كونا كىيىم-كېچەكلەرنى سېتىپ تېخىمۇ بېيىپ كەتتى، ئۇلار كۈنلىكى لەگمەن يېگەنچىلىك قىلىدۇ مەن بولسام بىرە تال نانغا زار يۈرىمەن...ئەمەلىيەتتە پاتمىخاننىڭ ماڭا كۆڭلى بولسىمۇ مېنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق نامراتلىقىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغدەك تۈرسۇق پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا پۇتلىكاشاڭ بولاتتى ماڭا نىسبەتەن بۇ بىرھىساپتا ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەندەكلا بىر ئىش ئىدى.

بىر كۈنى مەھەللە مەسچىتىمىزدىكى باغرى يۇمشاق خاتىپنىڭ مېنىڭ

يىتىملىقىمغا ئىچى ئاغرىپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ قوشنا كەنتىمىزدىكى بىر ساھىلنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، باشتا «مەن تېخى تىلەمچىنىڭ قىزىنى ئالامدىمەن؟» دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى رەت قىلدىم. چۈنكى بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى يۇرتتا نامى بار كەسپى تىلەمچىلەردىن بولۇپ چوڭىدىن كىچىككىچە يۇرت ئاتلاپ كوچىمۇ-كوچا ھابداللىق قىلاتتى.

كېيىن خاتىپ ئاچچىقلىنىپ «ھوي ئۇكام، كەپتىرى يوقنىڭ پەغىزى چوڭ، تاماكىسى يوقنىڭ قەغىزى چوڭ دىگەندەك ئىشنى قىلماي ئالدى بىلەن ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقامسەن؟!» دەپ مىنى زورلىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە ئۇ ھابدالنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم، دىگەندەك تىلەمچىنىڭ ئۇ قىزى راستىنلا چىرايلىق ئىمىكەن، بىر كۆرۈپلا پاتمىخانىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا قىززىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ بۇ كەسپىنىڭ نېمىنى يەپراق چوڭ بولغان شۇڭا خاتىپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئالدىمىزدىكى چارشەنبە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ چوڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدۇم.

چارشەنبىمۇ يىتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يالغۇز باردىم، ئۇلار مىنى ئايۋانغا باشلىدى، توۋۋا دەيمەن ئۇلارنىڭ ئۆيى تىلەمچىنىڭ ئۆيىگە زادى ئوخشىمايتتى، مەھەللىمىزدىكى كەنتە مۇدىرىنىڭ ئۆيىمۇ بۇنچە ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى، مەن خاتىپنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئالدى بىلەن دۇئا قىلىپ ئۇلاردىن تىنچلىق سورىدىم، ماڭا قىيىن ئاتا بولغۇچى نەشە چېكىدىغان بەڭگى بولسا كېرەك ئادەمنىڭ تەرىگىمۇ قارىمايدىغان مۇز چىراي كىشى ئىدى.

ئاغىزىم چايغا بارماستا ئۇ كىشى مەندىن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن گەپ سوراشقا باشلىدى:

-بىرە ھۈنىرىڭىز بارمۇ؟

مەن نىمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمىدىم، چۈنكى مەن كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى بىلمەيتتىم.

-ھازىرچە... بىرە ھۈنىرىم يوق! - دىدىم كېكەچلەپ.

-قانچىلىك يىرىڭىز بار؟ -دەپ ۋەزنىلىك سورىدى ئۇ كىشى قاپىقىنى چىمىرىپ تۈرۈپ.

-مىنىڭ...مىنىڭ تېرىيدىغان يىرىم يوق، مەن ...

-قوي-ۋارانلىرىڭىز باردۇ؟

www.uyghurkitap.com

- قويۇمىۇ يوق...شۇ...شۇ...

ئىچىمدە «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ بولدى مانا! خۇتۇنىمۇ ئېلىپ بولدۇم !» دەپ ئويلىدىم، كىم بىلسۇن قېرى بەگنىڭ چىرايى ئېچىلىپ ئالدىمغا يېقىنراق سۇرۇلۇپ ئولتۇردى-دە بايامقى سوئال-سورىقىنى خۇلاسىلىدى:

- كۆرۈپ تۇرۇپسىز بالام ! قىزىم گۈلدەكلا چوڭ بولدى، -دەپ گېلىنى قىرىپ سۆز باشلىدى ئۇ كىشى ئالدىرماي، - ئۆيۈمگە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ماڭا يارىمىدى، مەن قىزىمنى ئۆز كەسپىمدىكى كىشىگە ياتلىق قىلىشىم كېرەك، دېھقان ياكى ھۈنەرۋەن دېگەندەك بىرنېمىلەرگە ئەزەلدىن خۇشۇم يوق، ئۇلارغا بېرىدىغان قىزىم يوق مېنىڭ!

مەن بۇگەپنى دە ماللا چۈشىنەلمەي ماڭا ياپتا گەپ قىلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇ كىشىدىن سورىماقچى بولدۇم:

- سىلى دېمەكچى...

- شۇنداق ، ئۇلارغا قىزىمنى بەرسەم ئۇلار بۇ بىچارە قىزىمنى ئەتىدىن-كەچكىچە ئېتىزلىقتا باغلاپ ئۆلگىدەك ئىشقا سالىدۇ، تاماقنىڭ ئورنىغا دەشنەم، ئىگىنىنىڭ ئورنىغا تاياق بېرىدۇ، ئۇنى خارلاپ ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرسىتىدۇ، مەن ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ باغرى تاش ئەبلەخلەرگە قىزىمنى بەرمەيمەن!

مەن گاڭگىراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، دېمەك بۇ قېرى كۇسپۇرۇچ مېنى ئۆز كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرماقچى ئىدى، شۇ چاغدا مەن ئالماقچى بولغان قىز تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان ئىككى تال ئۆرمە چېچىنى ئويىنىغىنىچە بىز ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ دادىسىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلىدى، ئۆتكەن قېتىم بۇ قىزنىڭ بەدىنىگە ئوبدان زەن سېلىپ قارىمىدىمۇ تاڭ، بۇ قېتىم كاساپەتنىڭ تولغان مەيدىسى كۆزۈمگە چېلىقىپلا تۇرىۋالدى، شۇ تاپتا بېشىمدىكى قۇتۇر شەپكىنى ئۇنىڭ تاختايغا قېقىلغان مىختەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئەشۇ بىر جۈپ ئالمىسىغا ئېلىپ قويسام قارا بوران چىقسىمۇ شەپكەمنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيتتى...

شۇ چاغدا ئالدىمدىكى بۇ قېرى چال تۇيۇقسىز«كەلدىما ئۇ راھەندى جوھۇت!» دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ھويلىغا چىقىپ قالدىم، تال باراڭلىق ھويلىدا مەن دىمەتلىك بىر يىگىت قۇلىنى قۇۋۇشتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇراتتى.ئاڭغىچە مېنى سۇراققا تارتىپ قانمىغان بۇ قېرى تىلەمچى

دېۋەيلەپ بىرىپ ئۆيگىتىنىمۇ سوراققا تارتىشقا باشلىدى:

ـ قىزىمنى ئۇرغىنىڭ راستما؟

ـ مەن...مەن...

يىگىت بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرەلمەي دۇدۇقلايتتى.

ـ قىزىم يامانلاپ كەلسە، ئېلىپ كەتكىلى كەلگىنىڭ راستما؟

ـ شۇنداق تۈنۈگۈن كەلگەن...

ـ تۈنۈگۈن مەن ئۆيدە يوق، ماڭا ساقلاپ بۇ ئۆيدە قونۇپ قالغىنىڭ راستما؟

قېرى بارغانسېرى ئەۋزەيلەپ كېتىۋاتاتتى.مەن يىگىتنىڭ جاۋابىدىن ئۇنىڭ بۇتىلەمچىنىڭ ئائىلىسىگە كونا كىيئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيرانلا قالدىم، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاتا ـ باللىق ئەمەس بەلكى ساقچى بىلەن يانچۇقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

ـ شۇنداق دادا...ئاخشام ئانام سىلىنى كەلسۇن دېدى، سىلىگە ساقلاپ كەچ بولۇپ كېتىپ قونۇپ قالغان...

كىيئوغۇل ھەممىگە ئىقرا بولدى ئەسلىدە بۇ يىگىت ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا يامانلاپ كەتكەن ئايالىنى ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئىكەن، قېين ئانىسىنىڭ «دادىڭىز قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ سەمىگە بىر سېلىۋېتىپ قېتىپ قۇياي بالام!» دېگىنىگە ئاساسەن بۇ يىگىت قېين ئاتىسىنىڭ كىلىشىگە ساقلاپ كەچكە قالغاچقا مۇشۇئۆيدە قونۇپ قالغان ئىكەن، كېچىسى بۇ ياش ـ ئەر ـ خوتۇنلار بىلىپ ـ بىلمەي بىر ـ بىرسىگە «كۆڭۈل چېيى» سۇنۇشۇپ قېلىپ ئەتىسى قازناق ئۆيگە كىرىپ غۇسلى ـ تاھارەت قىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قاپتۇ، ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن قېين ئاتا قازناق ئۆيىگە كىرىپ قارىسا يەر غىچ ھۆل تۇرغىدەك، بۇنىڭ نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلسا خۇتۇنى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ قىزىنى بۈگۈن سەھەردە كىيئوغلىغا قېتىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، تەرسا بەگنىڭ كۆڭلى بەك ئىنچىكە ئىكەن ئۇ قازناقتىكى ھۆلچىلىكنى ئۆز غورۇرىنىڭ دەپسەندە بولغانلىقى دەپ بىلىپ «خەپ!» دېگىنىچە كىيئوغلىنى چاقىرتىپ بۇ ئىشتىن ھېساب ئالماقچى بولغان ئىكەن.

بۇ يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىسىغا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاب» نىڭ خوش ـ خەۋرىنى يەتكۈزگىلى ئۇدۇنياغا ئالدىراپ كەتكەنلەردىن بولسا كېرەك ئۇنىڭ ھازىرقى تەققى ـ تۇرقىدىن ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش قارا يېتىملىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ تۇراتتى.

بىچارىنىڭ قورققىنىدىن ئېغىزىدىكى گەپ ئاران -ئاران چىقىۋاتاتتى، قىرى بەگگە تېخىمۇ ئالچاڭلاپ سوئال ـ سوراقنى كۈچەيتتى:

ـ سەن ئەتىگەندە نومۇس قىلماي مىنىڭ قازىنىقامدا غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپسەن، بۇراستما؟

ـ مەن...مەن...شۇ

ـ ۋۇ ئىتنىڭ بالىسى، قىزىمنى بولدى دىگۈچە ئۇرۇپسەن گەپ قىلمىسام تېخى ئۆيۈمگەكىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكۈدەك بولدۇڭما؟! كىمگىنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن قىرى هابدال!

ئالجىغان قىرى هاينى ـ هۇيت دىگۈچە كىيئوغلىنىڭ چاتىرىقىغا ئىككىنى تىزلاپ ئۇنى يەرگە پۈكلەپ قويدى ـ دە قۇيۇندەك يىقىراپ بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاغزىنى شاتۇت يىگەندەك قانغا بويىۋەتتى، يا رەببىم ! كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىگە ئىشىنەلمەي هاڭ ـ تاڭ قالدىم...

ساراڭ قىرى يەنە كىيئوغلىنىڭ ئاچ بىقىنىغا مۇشتىكى بىلەن تازا كىلىشتۈرۈپ بىرقانچىنى سىلىۋىدى ئۇ شۇئان يەرگە يىقىلدى، ئەمدىلىكتە ئۇنى ئاستىغا بىسىپ پومىداقلاپ قۇناق سوققاندەك سۇققۇشقا باشلىدى، بۇ قىرى چال يەرگە چاپلىشىپ قالغان كىيئوغلىنى نىمە قىلىدىكىن تاڭ، يىگىتنىڭ قانجۇق ئىتتەك چىرقىرىغان ئاۋازى تال باراڭلىق هويلىنى بىر ئالدى...

ـ هاي خوتۇن تىز بول، ئاۋۇ كاشكاتنى ئەكەل، بۇ گەدەنكەشنىڭ مۇشۇنداق هارامزادە قىلدۇرغان نىمىسىنى كىسىپ قۇلىغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام خەپ!، ـ دەپ ۋاقىرىدى قىرى بەگگىئاشخانىدىكى خۇتۇنىغا قاراپ.

ئۇ خوتۇنمۇ تۇشقان بىر ساراڭكەن، بىردەمدىلا بىرتال مۇڭگۈز دەستىلىك قاڭراق پىچاقنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە سۇندى، ئاھ خۇدا بۇ نىمە ئىش، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ قورققىنىمدىن لاغ ـ لاغ تىترەشكە باشلىدىم، ئىككى قولۇم ئىختىيارسىز چاتىرىقىمغا كىلىپ توختاپ قالدى چۈنكى مىنى سۈننەت قىلغاندىكى ئاغرىق ئازابى هېلىمۇ ئىسىمدە بارئىدى...

«نىملا بولمىسۇن بۇ سۈننەت تويغا مەن قاتناشماي، ئۆزەمنى دالدىغا ئالمىسام بولمىدى! ئەڭ ياخشىسى بۇ يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ئۇۋۇسىدىن قاچاي!» مەن شۇلارنى ئويلاپ چاتىرىقىمنى چاڭگاللىغىنىمچە هويلىدىن ئۆزەمنى سىرتقا تاشلىدىم،

شۇ قاچقىنىمچە ئۆيۈمگە بېرىپ ساق بىركېچە-بىر كۈندۈز تالا-تۈزگە چىقمىدىم.

تىلەمچىنىڭ ئۆيىدىكى ئەشۇ ۋەقەدىن بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئىدىم، بىر قانچە كۈندىن كېيىن خاتىپنىڭ ئۆيۈم تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچىدىن قورقۇپتۇ» دىگەندەك يەنە ئىختىيارسىز چاترىقىمنى چاڭگاللىغىنىمچە قوشنىمىزنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ يىراق يېزىدىكى بىر توققۇنۇمنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتتىم.

* * * * * * * * * *

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتتى، مەن يەنە بۇرۇنقىدەك كىشىلەرنىڭ يۈگرى-يىتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بىرىپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزدۈم، شۇ ئارلىقتا ھاجىمنىڭ قىزى پاتىمىخانىغىمۇ شەھەردىكى بىرسىنىڭ چېيى ئىچىرىلدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنت مۇدىرى ئاتايىن مىنى ئىزدەپ كىلىپ بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

- ھاي توختى پوكان، قاچانغىچە بويتاق يۈرىسەن، خوتۇن ئالغۇڭ يوقمۇ؟

- يوقمىدىكى، ئۆيۈمدە تۆت تامدىن باشقا ھېچنىمەم بولمىسا ماڭا كىم تېگەتتى مۇدىر ئاكا؟ - دىدىم قاپىقىمنى سۈزۈپ ئاچچىقلانغان ھالدا.

- بۇنىڭدىن غەم قىلما، مەن ئامالىنى قىلىپ قويدۇم، گېپىمنى ئاڭلامسەن؟ - دېدى كەنتە مۇدىرى شاپ بۇرۇتىنى لىكىلدىتىپ.

مەن ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم:

- قۇرۇق گېپىڭنى قويغىنە ئاكا!

- ھا...ي!، مەن قۇرۇق گەپ قىلمىدىم، دىگىنە گېپىمنى ئاڭلامسەن؟

ئۇنىڭ سۆزى راستتەك قىلاتتى.

-ئاڭلاي! - دىدىم ئاغزىم قۇلىقىمغا يىتىپ.

- ئەمىسە مۇنداق گەپ، سېكرىتارنىڭ كىچىك قىزىنى ساڭا ئېلىپ بەرسەم قانداق دەيسەن؟ چىقىمنىڭ ھەممىنى كەنتە كۆتىرىدۇ!

بۇگەپنى ئاڭلاپ قۇيقا چېچىم تىك تۇردى.

- ۋاي ئەشۇ پەلىپەتىشنىما؟ ئەتىدىن كەچكىچە ئادەمگە ھىجىيىپ قاراپ تۇرىدىغان ئەشۇ گۆش تاغىرى دەلتىنى!

- هاي ئۇكام، سېكرېتار دېگەن مۇشۇ كەنتنىڭ ئاتىسى ھەم خانى! ئۇنىڭغا كېيىۋغۇل بۇلىۋالغىنىڭ سىنىڭ بەختىڭ، بىر ئۆمۈر ئىشلىمەي ئوگدا يېتىپ يەيسەن ئەمەسمۇ؟!، - دېدى ئەترەت باشلىقى بىلىكىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، - سېكرېتارنىڭ قىزى ئايشىخانمۇ ئۇنچە ساراڭلاردىن ئەمەس، پەقەت كىچىكلىكىدە كېسەلدىن ساقايغاندا شۇنداق بولۇپ قاپتىكەن، سىنىڭ ھۆددەڭدىن تولۇق چىقالايدۇ، بولمىسا ئويلاپ باققىنە، بۇ يۇرتتا سەندەك قوڭالتاق ئاقلاندىغا كىم قىزىنى بېرىدۇ؟

مەن ئويلىنىپ قالدىم، دىمىسىمۇ ئۇنىڭ سۆزى راستتەك قىلاتتى، مەن كۆيگەن ھەم ماڭا ئوك كۆزى بىلەن قارايدىغان پاتىمخاننى ھاجىم دادىسى ئەزىبىرايى خۇدا ماڭا بەرمىسە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا قىزلار مەندەك يالاڭتۆش توختى پوكاننى تېخى ياراتمىسا؟

ئاخىرى بىر قارارغا كەلدىم.

- شۇنداق قىلساق بولارمۇ ئاكا؟

- ۋاي خاتىرجەم بوله توختى پوكان، ھەممە ئىشىڭنى ئۆزەم جۆندەيمەن!

شۇنداق قىلىپ مەھەللىدىكى چوڭلار بىر ئايغا قالمايلا سېكرېتارنىڭ دەلتە قىزى ئايشىخاننى ماڭا ھەقلەپ نىكاھلاپ قويدى، سېكرېتار دادامنىڭ ھىممىتىدە چاشقانلار تولا مەشرەپ ئويناپ تاملىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كونا ئۆيۈمدىنمۇ خوشلىشىپ ئوبدانلا جابدۇلغان يېڭى بىر ئۆيگە كۆچۈۋالدىم.

لېكىن ئىشلار بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى، بۇرۇن كۈندۈزى ئاز-تولا ئۇخلايتتىم، زېرىكسەم ئىت تالاشتۇرۇدىغان، خورازسۇقۇشتۇرىدىغان يەرلەرگە بېرىپ زېرىكىمنى چىقىراتتىم ئەمما قېيىن ئاتام بولغان سېكرېتار ئوغرى ماڭا بىردەم ئارام بەرمەيتتى،قوي كالىلىرىغا سېسىق سامانىنى تاسقاپ بۇلالماي كارنىيىم تۇرخۇن بولۇپ كەتتى، ئېتىزلىقتىن كىلەلمەيتتىم، سۇ توشۇيتتىم،ئىشقىلىپ جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىغا سالاتتى، ئويلاپ باقسام ئۇلار مىنى كېيىۋغۇل ئەمەس مەدىكار قاتارىدا كۆرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوي-بەستى مەندىن قاۋۇل كەلگەن خوتۇنۇم ئايشىخاننىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ كىلەڭسىز سېمىزلەردىن ئىدى، ئىككىمىز بىر جايدا ياتىدىغان بولساق مەن ئۇنىڭ يېنىدا خۇددى شىرنىڭ يېنىدىكى توشقاندەك ياكى ۋاسكىتبول توپىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال مۇناقا ئۈزۈمدەك بولۇپ قالاتتىم.

بۇ بىناماز خوتۇننىڭ ئەقلى ئانچە تەرەققى قىلمىغاننىڭ ئۈستىگە ئىككى

قولتۇقى خۇددى كونا لاتا خەيدەك پۈرايتتى، يەنە بىرقولتۇقىدىن بولسا بەئەينى ئېچىپ قالغان گۆشنىڭ پۇرىقىدەك بىر خىل سېسىق پۇراق كېلەتتى، مەن توي قىلغىلى ئىككى ئاي بولاي دېدى، ئادەم ئىش قىلغانغىمۇ بىرنىمە بولمايدىكەن، ئاچ قالغانغىمۇ بىرنىمە بولمايدىكەن لېكىن ئەڭ يامىنى ئەشۇ ئايىشىخاندىن كېلىدىغان پۇراق بولدى، توي قىلغىنىمىدىن بىرى بۇ سېسىقچىلىقتا بۇرنۇمدىن سۇ ئېقىپ توختىمىدى،ئەڭ ياخشىسى بۇرۇنقى يالغۇزلىقىمغا قايتمىسام مىنىڭ بۇ بۇرنۇم ئېقىپ كېتىپ يۈزۈمگە قوشقاچ ئۇۋا قۇيىدىغان بىر كامار ئېچىلىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى قوتاندا قىغ چىقىرىۋاتسام قېيىن ئانام يۈگرەپ كىلىپ «تېز بولۇڭ، ئايىشىخانىنى دوختۇرغا ئاپىرايلى!» دەپ ئالدىمدا يۈگۈرۈپ ماڭدى.بىز ئالدىراپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا چىقتۇق.

دۇختۇر ۋايجانلاپ ياتقان خوتۇنۇمنى تەكشۈرۈپ«هەي!قورسىقىدىكى بالىغا تۆت ئايلىق بوپتىكەن، بالا قۇرسىقىدا ئۆلۈپ قاپتۇ!» دېدى.

بېشىمدىن بىر چېلەك سۇغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم:

- نېمە دىدىڭىز؟ تۆت ئايلىق بولۇپتىكەنما؟، - دىدىم بۇ گەپتىن هەيران بولۇپ.

- شۇنداق ، بالىڭىزغا تۆت ئايلىق بوپتىكەن!

ئەمەلىيەتتە مەن ئايىشىخانىنى ئالغىلى تېخى ئىككى ئاي بولغان ئىدى.شۇڭا غەزەپ بىلەن قېيىنئانام بولغان خۇتۇنغا ئالايدىم، بۇ خوتۇن ماڭا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويمىدى، ئىچىمدە خەپ دىدىم.

ئارىدىن ئىككى هەپتە ئۆتۈپ ئايىشىخان دوختۇرخانىدىن چىققان ئاخشىمى ئۇنىڭدىن هېلىقى گەپنى كوچىلىدىم:

-هاي خوتۇن! بىر گەپنى سورسام راستىنى ئېيتامسىلەر؟

- ئېيتاي!

- دۇختۇر قورسىقىڭدىكى بالىغا تۆت ئايلىق بولۇپتىكەن دەيدۇ، سىلە مەندىن بۇرۇن بىرەسى بىلەن هېلىقىدەك ئىشنى قىلغانما؟

- قىلغان!

مەن ئۇنىڭ ئۇدۇل بەرگەن جاۋابىدىن تېخىمۇ غەزەپلەندىم.

-كىم بىلەن ياتقان جىنىم خوتۇن؟ - دەپ ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىدىم.

-كىم بىلەن بۇلاتتى، كەنتە مۇدىرى بىلەن شۇ!

«كەنتە مۇدىرى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بېشىم بىر پىرقىرىدى.

- ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەندە، قانچە قېتىم ؟

-قانچە قېتىملىقىنى ساناپ بولالمايمەن، ئىشقىلىپ بىزنىڭ چوڭ ئۆيدە ياكى باشقا يەردە مېهماندارچىلىق بولغاندا ئۇلار هاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچىشەتتى، دادام مەس بولۇپ قالسا بىر ئامال قىلىپ كەنتە مۇدىرىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا كىتەتتى، كەنتە مۇدىرى بولسا مەسلىكىدە دائىم دەرىزەمدىن ئارتىلىپ كىرەتتى.....!

مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە غەزەپتىن مۇشتىكىم تۈگۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

-ئۆيدە ئاناڭ يوقمىدى؟

-ئانام بۇنداق چاغدا تۇداخۇن تازىنىڭ قېشىدا تۇرسا...

- قايسى تۇداخۇن؟

-كەنتە كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسىنى باقىدىغان هېلىقى گاچىچۇ؟

-كاللىسىدىن چىۋىن ئۇچۇپ كىتەلمەيدىغان هېلىقى تۇداخۇن تازما؟

- هەئە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئېلىشتى«تىۋۋا خۇدايىم ماۋۇ مەلئۇنلارنى، نېمانداق هەپتىدە ئىككى -ئۈچ قېتىم هاراق ئىچىشىپ يۈرىدىكەن دىسەم ئىش مۇنداقكەندە، خۇدا ئۇرغان بۇ چاهار پايلار ئەسلىدە مىنى هۆل قىشقا دەسسىتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟»

مەن ئۇزاقتىن -ئۇزاق خىيال قىلىپ كەتتىم « قانداق قىلىش كېرەك؟زادى قانداق قىلىش كېرەك؟» ئاخىرى بىرقارارغا كەلدىم «توختا هەرقايسىڭ تېخى توختى پوكاننىڭ قانداقلىقىنى بىلىشمەيسەن!» مەن شۇلارنى ئويلاپ ئۇنى تالاق قىلىش پەيلىدىن يېنىپ ئايشىخاننىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم، ئايشىخان بىخىرامان ماڭا قاراپ هىجىيىپ تۇراتتى، چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ سۇندۇك تۇخۇمىدەك كىچىك يۈزى خۇددى لىگەننىڭ يۈزىدەك چوڭ، كاللىسى ئۇنئالغۇدەك تۈت چاسا، ئېغىزىدىكى چىشلىرى دانە-دانە جىگدىدەك قىزىل كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

«ئېهتىمال بۇ خوتۇن كىچىك چېغىدا سۇپۇن يەۋالغان بولسا كېرەك بولمىسا

چىشلىرى بۇنداق قارا داغ بولۇپ كەتمەس ئىدى» ، «تووۋا نېمىشقا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ چىشىغا بىر قاراپ ئالمىغاندىمەن» ، «توغرا، مال بازىرىدا چارۋىلارنىڭ ئاغزىنى يىرىپ چىشىنى ساناپ ئالغان بىلەن خۇتۇن دىگەننىڭ ئېغىزىنى يىرىپ ئالغىلى بولمايدۇ-دە!» ، «لېكىن كەنتە مۇدىرى دېگەن ،كىشى ھەققىدىن قورقمايدىغان بۇ لەنىتى مىنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا كۆرۈپ چىشىمنى سانىمايلا سودامنى پۈتتۈرۈپتىكەن ئەمەسمۇ!»

شۇنداق قىلىپ ھەپتىنى چىداپ ئۆتكۈزدۈم، قېيىن ئاتامنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى كەنتە كومىتېتىنىڭ بىراك قىلىنغان كونا تىراكتۇرنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىكى تۆمۈر-تەستەكلىرىنى بىر ئامال قىلىپ سېتىپ يانچۇقۇمنى بىر ئاز توملىدىم-دە ماڭا بۇ ئىسسىق پوقنى يىگۈزگەن كەنتە مۇدىرىنىڭ تالالىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان تۇمۇچۇقتەك بىر قىزىنى پەملەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە تولا قاترايدىغان بولدۇم، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ھېچنىمنى بىلمەيدىغان بىر «پوكانباي» ئىدىم، كەنتە مۇدىرىنىڭ ياشتا مەندىن كىچىك بۇ قىزىمۇ خېلى تور تارتىپ پىشىپ يېتىلىپ قالغان بولغاچقا بارغانسېرى ماڭا يەر تۈۋىدىن ھىجىيىپ قارايدىغان بولۇپ قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ«تۇمۇچۇق» مەھەللە سېكرېتارىغا يەنى مىنىڭ قېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە پات ئارىدا كېلىن بولۇپ باراتتى.مەن بىر ھىساپتا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپ بۇ ئىككى ئوغرىدىن ئۆچ ئالغان بولاتتىم.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا كەنتە مۇدىرىنىڭ ئۆيىدىكى چوڭلارنىڭ بازارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم، دىگەندەك ئۆيدە چوڭلار يوق ئىكەن، مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يېنىمدا ساقلاپ يۈرگەن كۈمۈش ئۈزۈكنى «تۇمۇچۇق»قا ئاستا سۇندۇم، ئۇ كۆلگىنىچە ھويلىدىكى ئىنىسىنىڭ بۇ سوۋغىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى دەرھال يانچۇقىغا سالدى، مەنمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتۇم، ئۇ قولىنى ئېلىپ قاچتى، ئۇنىڭ بىر كۆزى سىرتتىكى ئىنىسىدا ئىدى، مەن ھاياسىزلىق بىلەن«تۇمۇچۇق»نىڭ كەينىدىن كىلىپ ئۇنى بوش قۇچاقلىۋالدىم، قارىسام ئۇ جىددىلىشىپ بىرئاز ھاسىراشقا باشلىدى، دېمەك مىنىڭ بۇ قوپاللىقىم ئۇنىڭغا خوش يېقىپ قىلىۋاتاتتى.

-بىزنىڭ ئۆيگە كىتەيلىمۇ؟ ساڭا ئېلىپ قويغان يەنە بىر سوۋغىتىم بار ئىدى! ،- دىدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

- قانداق بۇلار توختەك!، - دېدى «تۇمۇچۇق» ئارسالدى بولۇپ.

- بارغىن، ئۇنى مەن ساڭا ئاتاپ ئالغان.

-ھازىر بارامدىم؟ مەن قورقىمەن!

-قورقمىغىن، بىر تال مويۇڭغا تەگمەيمەن!

- ئەمىسە گېپىڭىز گەپ.

- مەن بېرىپ ئاۋۇ ساراڭ خوتۇننى چوڭ ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ ئۆگزىدىن ساڭا شەرەت قىلاي، سەن دەرھال ئۆيۈمنىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتىن كىرگىن!

- ماقۇل ئەمىسە.

مەن خوشلۇقتا يۈگۈرگىنىمچە ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقان ئايشخاننى ئويغىتىپ ئۇنى يوق باھانىلەر بىلەن چوڭ ئۆيگە ئېلىپ باردىم-دە ئۇچقاندەك ئۆيۈمگە بېرىپ ئۆگزىگە ياماشتىم...

«تۇمۇچۇق»مۇ مىنىڭ ئۆيۈمگە ئارقا ئېتىزلىقتىن كىرىپ كەلدى، ئۇنى ھوجرىغا باشلاپ قولۇمدىكى تۇگۈنچەكلەنگەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى يەنە ئابىيامقىدىن بەكراق چىڭ قۇچاقلىۋالدىم...

-سىۋىغىتىڭىز مۇشۇمىدى؟، -دېدى ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجىل بولۇپ.

- شۇنداق، بۇلارنى مەن ساڭا يىغىپ ساقلىغان، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر نېمە ئالغىن!، -دېدىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ.

ئاڭغىچە مىنىڭ قولۇم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى ئۈستىدە سېيرىلىشقا باشلىدى، مۇشۇ تاپتا «تۇمۇچۇق» مۇ مىنىڭ ھەرىكەتلىرىمنى بارغانسېرى ياقتۇرۇۋاتاتتى.شۇ چاغدا ئۇ ئېغىزىنى قولىقىمغا يېقىپ تۇرۇپ بىر گەپنى يۇمشاق قىلىپ ئېيتتى:

- توختى، مەن قىز!

- بۇنى بىلىمەن!

- ئىككىمىز بۇرۇن ئاخۇنۇمدا بىرگە ئوقۇغان، سەن ماڭا ساۋاق بېرەتتىڭ ...

-شۇنداق، ئېسىمدە بار، -دېدىم مەنمۇ ئېغىزىمنى ئۇنىڭ لىۋىگە چىڭ يېقىپ تۇرۇپ .

-بىز بۇنداق قىلساق قانداق بولار، سەن ماڭا خەلپەت ئىدىڭ، بىز دەۋزەخى بولۇپ كېتەرمىزمىكىن؟

«خەلپەت» ۋە «دەۋزەخى» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەركەتتىكى قولۇم

توختاپ جىددىلەشكەن بەدىنىم بىر ئاز بوشىشىشقا باشلىدى.

«تووۋا خۇدايىم، مەندەك يالغۇزلۇقنى خەلپەت دەيدىغانلارمۇ باركىنا، يوقسۇل بولغىنىم بىلەن مېنىڭمۇ خۇدايىمىم بار! مەن ئۇلاردىن ئۆچ ئالىمەن دەپ بۇ نارەسىدىنى بوزەك قىلسام مېنىڭ ئۇ هايۋانلاردىن نېمە پەرقىم بولسۇن! ئويلاپ باقسام ھېلىقى كىيىوغلىنى ئۇرغان تىلەمچى ھابدالمۇ بۇ دېھقانلارنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان ئىككى ئاچكۆزدىن ياخشىدەك تۇرىدۇ، بۇلاردا يوق غۇرۇر ئەشۇ تىلەمچىدە بار ئوخشايدۇ، مەن بۇ نەھىيىدىن ياناي، خۇدايىم ماڭا بەرسىمۇ ئەجەب ئەمەس! ئۇلارنىڭ بارىدىغان يېرى دەۋزەخ! خۇدايىم ئۆزى ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن!» مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ ئاستىمدا ياتقان «تومۇچۇق» قويۇۋېتىپ ئورنىمدىن تۇردۇم لېكىن يۈرۈگۈم قارتتىدە قىلىپ يولغا قارايدىغان دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ سالدىم، قارىسام يىراقتا قېيىن ئاتام، قېيىن ئانامدەك بىر كىملەر قولىغا كالتەك-توقماقلارنى ئېلىشىپ ئۆيۈم تەرەپكە بوراندەك باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئەسلىدە بۇلارنى خۇتۇنۇم بولغان سارانىڭ باشلاپ كەلگەن بولۇپ مەن ئۇنى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ بۇ ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە ئۇ مېنىڭ كەينىمگە ئەگىشىۋېلىپ دېرىزە سىرتىدىن مېنى مارىلاپ تۇرغان ئىكەن، ئاندىن ئۇ بۇ قىزنى قۇچاقلىغىنىمنى كۆرىۋېلىپ دەرھال يىغا-زار قىلىپ بۇ ئىشنى چىقارغان ئىكەن.

مەنمۇ دەرھال«تومۇچۇق» نى باغنىڭ ئارقا ئىشىكتىن چىقىرىۋېتىپ ئاران ھويلىغا چىقىپ ئۈلگۈردۈم ئاڭغىچە قېيىن ئاتام قاتارلىق بەش ئادەم غەزەپ بىلەن ھويلىغا شۇڭغۇپ كىرىپ مېنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى-دە ھۇجرا ئۆيگە قىستىدى، مەن كەينىمگە داجىپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ ئۆزەمنىڭ ئاقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدۇم، ئۇلار ئوپۇر-توپۇركەينىمدىن كىرىپ «تومۇچۇق»نىڭ ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قالغان بىردانە قىزىل ياغلىقنى قولىغا ئېلىۋالدى، ياغلىق ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى ھاماقەت ئايىشخانىمۇ ئوبدان كۆرەلمىگەچكە بۇ توپىلاڭچى قوشۇنىمۇ بۇ ياغلىقنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتى، دېمەك مەن ئۇلاردىن چاققان كەلگەن ئىدىم، ئىچىمدە بىر تۇرۇپ «تومۇچۇق»نىڭ كىملىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرمىگەنلىكىمدىن خۇشال بولدۇم، قېيىن ئاتام بولغان رەزگى ئوغرى خۇددى بۇنداق بۇزۇقچىلىقلارنى ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان ئاق بالىخاندەك كالتەكنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلمەسمۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا كاللامغا چاقماقتەك بىر ئەقىل كەلدى، مەن دەرھال دېرىزە تەكچىسىدىكى شامدان قىلىنغان بىر تال كونا بوتولكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۈنلۈك ۋاقىرىدىم:

- قايسىڭ يېقىنلاشساڭ قانىڭنى يارىمەن!

مىنىڭ ھەيۋەمدىن بۇ ھارامدىن بولغانلار ھېچ قورقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار تەلەتىنى بۇزۇۋېتىپ بىر نىمىلەرنى دېيىشكىنىچە خىرقىراپ ئالدىمغا كېلىشتى، مەن دەرھال بوتۇلكىنىڭ قوگى تەرىپىنى تامغا ئۇرۇپ چېقىپ ئۇنىڭ ئەينەك بىسىنى چىقارماقچى بولدۇم، بوتولكا كونا زاۋۇتنىڭ بولسا كېرەك قىرىشقاندەك چېقىلمىدى، ئىككىنچى قېتىم بوتولكىنى سۇپىنىڭ يېنىدىكى كونا ئۇستەلگە ئۇردۇم، بوتولكا چېقىلىپ قولۇمدا ئۆزەمنى قوغدايدىغان تىغلىق قورالدىن بىرسى پەيدا بولدى بۇ چاغدا قېيىن ئاتام قاتارلىق كالتەكچىلەرنىڭ يۈرىگى بىر ئاز سىيقىراپ بىر-بىرلەپ كەينىگە داجىشقا باشلىدى، مەنمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خۇش پۇراق تارقىلىپ تۇرىدىغان سېكرىتارنىڭ بۇ خالجىيىدىن خوشلاشماقچى بولدۇم...

بۇ ئۆيدە ماڭا تەۋە مۈلۈكۈمدىن پەقەت ئاتا-ئانامدىن قالغان شۇ بىر پارچە كىگىزلا بار ئىدى. ئوڭ قولۇمدا چېقىلغان بوتولكىنى تۇتۇپ سول قولۇمدا سۇپىغا سېلىنغان كىگىزىمنىڭ بىر بۇرجىكىنى تارتىشقا باشلىدىم، باشقا چاغلاردا بىر ئادەم ناھايىتى تەسلىكتە كۆتۈرگىلى بولىدىغان چوڭ ھەم قېلىن كىگىز ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۈگۈن ئاسانلا كەينىمدىن سۆرىلىپ ماڭدى، ئۇلار مىنىڭ قان تەپچىپ تۇرغان كۆزۈمدىن قورقىشىپ كەينىگە داجىيىشقىنىچە ماڭا يول بەردى، مەن بوتۇلكىنىڭ تىغىنى خۇددى تاپانچىنى تەڭلىگەندەك ئۇلارغا نىۋۋەت بىلەن تەڭلەپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلغىنىمچە كىگىزىمنى شاخ سۆرىگەندەك سۆرەپ ئاستا-ئاستابۇ نەس باسقان ھويلىدىن چىقىپ كەتتىم ئاندىن ئانچە نېرىغا بارماي تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا قىزىل گۈلدەك پۇراپ تۇرۇدىغان بۇ خانىشمىنىڭ سۆزىنى ئەزبىرايى خۇدا ئىككىنچى يول چىقماسلىققا بېرىۋەتتىم.

* * * * * * * * * *

كەلگۈلۈك ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋەردى، ئۇزاق ئۆتمەي پاتمىخانىنىڭ تويى بولدى، ئاڭلىسام ھاجىم ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەرەمگە ماڭىدىغان ئىشىنى بىجىرىپ

بەرگەن شەھەردىكى قىيامەتلىك ئاغىنىسىنىڭ ئوغلىغا بەرگەن ئىكەن، لېكىن پاتىمخان ھەپتىگە قالماي شەھەرلىك ئىرىدىن سۆزىنى ئېلىپ مەھەللىمىزگە ئۆتۈپ بولدى.

«ئۆلمىگەن جاھاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن، مەن ئەتىدىن-كەچكىچە پاتىمخاننى مارىلاپ يۈردۈم، بىر كۈنى كۆلگە سۇغا چىققان پاتىمخان بىلەن يار بويىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا كۆرۈشىدىغانغا پۈتۈشتۇق.

ئۇ كۈنى مەن قوشنىمىزنىڭ بىغىدىن كاللامدەك كېلىدىغان چوڭ بىر ساپ سەيۋە ئۈزۈمنى ئۈزۈپ كۆرۈشىدىغان جايدىكى ئېرىقنىڭ بويىدىكى كوكاتقا باغلاپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويدۇم.

ھايال ئۆتمەي پاتىمخانمۇ پەيدا بولدى، خۇشاللىقتا يۈرۈگۈم توختىماي ئويناپتتى، مەن ئېرىق ئىچىدىكى مۇزدەك بولۇپ كەتكەن بىر ساپ سەيۋىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم، ئۇ ئۈزۈمنى قولۇمدىن تارتىنچاقلىق بىلەن ئالدى ئاندىن ئۈزۈمدىن بىر مىدىقنى ئاجرىتىپ ماڭا سۇندى.

بىز بىردەم تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق، ئاخىرى مەن گەپ تەشتىم:

- شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزدىڭلارمۇ؟

- شۇنداق بولدى، سۆزۈمنىمۇ ئېلىپ بولدۇم.

پاتىمخان يەنىلا بۇرۇنقىدەك تارتىنچاق بولۇپ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمىگەنچىلىك قىلاتتى.

- سىنىڭ بۇنداق تىز ئاجراشقىنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ؟ سىلەرگە زادى نېمە ئىش بولغان پاتىمخان؟

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن تىكىلىپ قارىدىم، پاتىمخان تازا بىر ئۇلۇق-كىچىك تىنىۋېتىپ سوئالىمغا ئاستا جاۋاب بەردى:

- دەپ كەلسەم گەپ جىق توختەك، مىنى ئالغان ئۇبالا....

- ئۇ بالا ....نېمە ئىش بولدى، تارتىنماي دېگىن!

- ئۇ بالا ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بىر روھى كىسەلكەن....

پاتىمخان بۇ گەپنى دەپ بولۇپ ھۇق تارتىپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنەلمەي سورىدىم:

- داداڭنىڭ ئۇ ئاغىنىسىنى كاتتا ئەمەلداركەن دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، بالىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇ قانداقسىگە...

- بالىسى ئۇ ...ئۇ... تويى ئاخشىمى ياتار ياتماي قولىغا كەمىرىنى ئېلىۋېلىپ ئاغزىمغا يۆگەن قىلىپ سالدى، مەن تېخى تويى قىلسا مۇشۇنداق ئادەت بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، بىر چاغدا دۇمبەمگە مىنىۋېلىپ «دىرت... چۇھ ... ئۇياققا چاپ...بۇياققا چاپ...» دەپ يۈرۈيدۇ، قارىسام ئۇ مىنى ئات قىلىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تامنىڭ بۇرجىكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدىم، ئۇ مىنىڭ قورقۇپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ يىغلاپ كۆلگىنىچە قولىدىكى كەمەر بىلەن باش كۆزۈمگە ئۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىكلىكىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە قانمىغان ئىمىكەن، مىنى بولدى دىگۈچە ئۇرۇپ بولۇپ ئارقىدىن «ئانا...ئانا...مەمىمە...مەمىمە...» دەپ كۆكسۈمگە ئېسىلىپ يۈرۈيدۇ. بۇ ئىش ئۇدا بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتى، ئۇلار ئەسلىدە مىنى «يېزىلىق، ھېچنىمنى بىلمەيدۇ، ئېرۋىسى ئاجىز ئوغلىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ...» دېگەن مەقسەتتە بۇ توينى قىپتىكەن، مەن ئۇ بالىنىڭ تاياق-توقمىقىغا زادى چىدىيالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆلسەممۇ ئۆز مەھەللەمدە ئۆلەي دەپ ئالغان تويلۇقلىرىنى بېشىغا ئېتىپ بىرىپ قېچىپ كېلىۋالدىم.

- توغرا قىپسەن، ھاجىم داداڭ نېمە دېدى؟، - دەپ ئالدىراپ سورىدىم گەپنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولۇپ.

- دادام بۇ ئەھۋاللارنى ئانامدىن ئاڭلاپ شەھەرگە كىرىپ ئىشىمنى تۈگىتىپ چىقىپتۇ، لېكىن دادامنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەرەمگە بارىدىغان يول خېتى توختاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ...

- ساڭا بىر گەپنى دەيمۇ؟

- قايسى گەپنى ...

پاتىمخان ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

- ئەمدى ماڭا تەگكىن!

- قاشاڭ....

پاتىمخان ئاۋازىنى قويىۋېتىپ كۈلگىنىچە قولىدىكى ئۈزۈمدىن بىرنى ماڭا ئاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئوماق قىلىقلىرىدىن ئۇنىڭ ماڭا تېخىچە مەيلى بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

- ئوتنىڭدا ساراڭ بولاي دىدىم پاتىمخان! ئۆلسەم خوش بولامسەنيا؟، - دىدىم

كۆزۈمنى ئۈنىڭ خۇما كۆزىگە قاداپ تۇرۇپ بىچارىلەرچە.

ئۇ ماڭا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ:

- توختەك، سەن ئەمدى ئالەم چۈش بولغىچە ئۇخلىماي، مەسچىتكە بالدۇر چىقىپ دادامغا ياخشىچاق بولغىن! قالدى ئىشنى خۇدايىمغا قويايلى، گېپىمنى چۈشەندىڭما؟

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ قولىدىكى سەيۋىدىن يەنە بىر مىدىقنى ماڭا سۇندى. پاتىمخاننىڭ سۆزىدىن مەن ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، خۇشاللىقىمدىن ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتتى...

شۇندىن ئېتىبارەن مەسچىتكە خۇراز چىللىماستا چىقىپ خۇپتەندە ھەممىدىن كېيىن قايتىپ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئوڭ بېقىنىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولدۇم. جامائەت مىنىڭ ھەقىقى تەقۋالىقىمنى كۆرۈپ ئىسمىمنى ئاتىغاندا «پوكان» دېگەن لەقىمىنى ئالدىراپ تىلغا ئالمايدىغان بولدى،بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھاجىمۇ ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولدى.

ئەمما بۇ ئاسايىشلىق كۈنلەرمۇ ئۇزۇنغا بارالمىدى، بىر كۈنى ئەتىگەندە جامائەت بامداتتىن يېنىپ ساۋۇت خارەتنىڭ ئۆيىدىكى نەزىرگە داخىل بولدۇق، لىگەن-لىگەن پولۇ ئاشلار ھاينى-ھۇيت دىگۈچە قۇرۇقدىلىپ دۇئا ياندۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى، ئادەتتە بۇنداق نەزىر دۇئاسىنى كۆپىنچە مەھەللىدە دىنىي بىلىمى ھەممىدىن يۇقىرى بولغان، يۈزى ھەممىدىن چوڭ بولغان ھاجىم يەنى پاتىمخاننىڭ دادىسى ياندۇرۇپ بىرەتتى.

باشقىلارنىڭ كەينى-كەينىدىن خوش ئىتىشى بىلەن ھاجىم ئۈنلۈك قىلىپ «ئامىن!» دەپ قۇلىنى ئېگىز كۆتۈردى، پۈتۈن جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈردى، نەزىر تامىقىنى جىق يەۋالدىمۇ بىلمىدىم دەل مۇشۇ پەيتتە قېرىنشقاندەك قۇرسۇغۇم ۋاراقشىپ ئاغرىپ، چىدىغۇسىز بىر يەل قۇرسۇغۇمنىڭ تۆۋىنىگەكىلىپ تۇرىۋالدى، ئاڭغىچە پۈتۈن كۈچۈمنى پەسكە يىغىپ بۇلبۇلۇمنىڭ سايراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدۇم.

مۇشۇ تاپتا بۇ باشتوڭ يەل كۈزۈمدىن چىقاي دەپ قالغان ئىدى، جىنىمغىنا ھاجىمنىڭ دۇئاسىمۇ بارغانسىرى ئۇزىراپ توگىمەيۋاتاتتى....

ئاھ خۇدا! «غور.......ت» قىلغان مۇڭلۇق ھەم ئۇزۇن بىر ئاۋازدىن پۈتۈن جامائەت چۆچۈپ كەتتى، ئۇلار ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ ئوسۇرۇپ باقمىغاندەك تەڭلا

ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراشتى، كۆزىنى يۇمۇپ دۇئا قىلىۋاتقان ھاجىممۇ خۇددى مىنىڭ يەل قويۇۋەتكىنىمنى كۆڭلى تۇيغاندەك كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپ ئۇدۇللا ماڭا قارىدى...

«ئاھ! قانداق قىلاي !» ماڭا ئاسمان يىراق يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ كەتتى، مەن ئاخىرى بۇلالماي يېنىمدا ئولتۇرغان بىرسىگە گاچچىدە ئۆرۈلۈپ قارىدىم، جامائەتمۇ مەن بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا قارىدى، يېنىمدىكى بۇ ئادەم ئادەتتە ئۇنىنى تەپسە بىر قېتىم تەۋرىمەيدىغان، يۈز ئېغىز گەپ سورىسا بىرگە جاۋاب بېرىدىغان ئىنتايىن ياۋاش خۇدا قۇلى بىر ئادەم ئىدى. لېكىن بۈگۈن بۇ بىرنېمىگىمۇ زۇۋان كىرىپ قېلىۋاتاتتى:

- ساقتۇ ؟

ئۇنىڭ بۇنداق «ساقتۇ؟» دەپ ئۇنلۇك سورىغىنى «بىرنېمىگىزنىڭ كارنىيى يىرتىلىپ كەتمىگەندۇ؟» دىگىنى ئىدى، جامائەت يەنە ماڭا قاراشتى، مەن ئەمدى بۇ يۈزى قېلىن يەلنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئۈچۈن يەنە بىرقېتىم سول تەرىپىمدىكى بىرەيلەنگە تىكىلىپ قارىدىم، بىراق يېنىمدىكى بۇ مەدىكارمۇ خۇددى مەن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بۇرنىنى ئىككى قوللاپ ئېتىپ ئاللاقاچان مەندىن داجىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئىشنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە سورۇندىن پارتاقشىپ قېچىپ چىكەتتىم.

* * * * * * * * * *

شۇ خىجىلچىلىقتا ئۇچ-تۆت كۈنگىچە مەسچىتكىمۇ چىقالمىدىم، بەشىنچى كۈنى پاتمىخاننى ئويلاپ ئولتۇرالماي ئۇنى يەنە مارىلاپ كۆل بويىدىكى مەسچىتنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈردۈم، چۈنكى ھاجىمنىڭ قورۇسى مەسچىتكە يانداش بولۇپ ھاجىم مەسچىتكە ماڭغان ھامان مەن پاتمىخاننىڭ ھويلىسىغا چالما ئېتىپ ئۇنىڭغا كەلگەنلىكىمدىن شەپە بېرەلەيتتىم.

پېشىنگە ئەزان ئۇقۇلۇش ئالدىدا ھاجىم قولىغا بىر تال چەينەكنى كۆتۈرۈپ كۆلدىن سۇئالغىلى چىقىپ كەلدى، شۇ چاغدا كاللامغا شاققىدە بىر ئەقىل كەلدى «ھاجىمنىڭ تاھارەت سۈيىنى كۆلدىن ئاچىقىپ بېرىپ ئۇنىڭغا بىر ياخشى بولىۋالمايمۇ؟!» مەن شۇلارنى ئويلاپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم، مەن ھاجىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغىچە ئۇكىشى كۆلنىڭ گىرۋىكىدىكى تۇپا پەشتاق

بىلەن سۇ ئۇسسىدىغان يەرگە چۈشۈپ بولغان ئىكەن، مەن ئالدىراپ ھاجىمنىڭ دىققىتىنى تارتتىم:

- ھاجىم ئاكا، ئەكەلسىلە، سۇنى مەن ئاچىقىپ بېرەي!

ھاجىم سۇ ئۇسقىلىۋاتقان يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

- ياق، توختاخۇن ئۇكام، تەس ئەمەس!

- ياق ھاجىم، ئەكەلسىلە دەيمەن!

مەن جىددىيچىلىكتە پەستىكى سېغىز لايدا ياسالغان پەشتاققا ئۇبدان قارىماي، ھاجىمغا خۇشامەت قىلىمەن دەپ پەشتاقنىڭ يېنىدىكى سېغىز لايلىققا دەسسەپ سايتىمەن، نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن بىردەمنىڭ ئىچىدە «غىررىدە» تېيىلغان پېتى ھاجىمنىڭ يېنىغا كىلىپ توختاپ قالدىم، «پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئالدىمدىكى ھاجىم يوق، قارىسام ئۇ كۆلدە پالاقشىغىلى تۇرۇپتۇ، ئىسىمنى يېغىپ ئۇنى تارتىۋالاي دەپ بولغىچە سايىت چولاق دېگەن خۇمپەر كۆلگە سەكرەپ ھاجىمنى تارتىپ ئاچىقىپ بولاپتۇ.

-سىلىنىڭ نېمە قىلغانلىرى بۇ توختى پوكان؟ ياشىنىپ قالغان ئادەمگىمۇ مۇشۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلامسىلەر؟

مۇشۇ تاپتا پاتمىخانغا يەر تىگىدىن ئىش-پەش تارتىپ يۈرۈيدىغان بۇ چولاق ھاجىمنىڭ ئالدىدا مىنى قەستەن ئۇسال قىلىپ مىنى سۇراققا تارتىۋاتاتتى.

-مەن...مەن...مەن شۇ...

-پوكاندەك قاراپ تۇرماي بېرىپ ھاجىمدىن ئەپۇ سورىمامسىلە توختاخۇن؟!

ئەمدى سايىت چولاق دېگەن بۇ چۈپۈرەندى تېرىسىگە پاتماي مىنىڭ لەقىمىمنى چىشلەپ تارتىۋاتاتتى.

كۆلنىڭ لەپىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى سىقىۋاتقان ھاجىمنىڭ قۇلىدىكى ئىشنى ئالماقچى بولۇپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا ماڭغاچ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم:

-ھاجىم ئاكا خاپا بولمىسىلا....مەن ئەسلىدە...

ھاجىم ماڭا قارىمايۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلىغانسېرى ئاۋازىم پۈتۈپ كارنىيىمنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

-ھاجىم ئاكا...مەن...مەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىرىشقاندەك دەل مۇشۇ چاغدا پۇتۇمغا كىمدۇ بىرسىنىڭ ئەپكىشىدەك بىرنېمىسى پۇتلاشقاندەك بولدى، مەن ئۆزەمنى كونترول قىلالماي يەردىن قاڭقىپ چۈشكىنىمچە ئالدىمغا ئوقتەك سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تېخى تولۇق قۇرۇنۇپ بولالمىغان ھاجىمغا سوقۇلۇپ كەتتىم، تەتۈر پېشانە ھاجىم بەلكىم سۇغا ئامراق بولسا كېرەك چىلەككە تاشلانغان كاۋاپ زىخىدەك ھېچ شەپىسىزلا كۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

يېقىلىپ كەتكەن يەردىن دەرھال قوپۇپ كۆلنىڭ ئىچىگە قارىسام كۆل يۈزى شۇنداق تىنچ، ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا قارىشىپ كۈلۈشكىلى تۇرۇپتۇ، ھاجىم يەنە يوق، بىر چاغدا«پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن بۇ بىلىق يىللىق ھاجىم سۇ ئىچىدىن چىقىپ كۆلنىڭ ئۆتەرىپىدىكى پەشتاقتىن سۇ ئۇسقىلىۋاتقان بىر تۇل خوتۇن مومايىنىڭ قاپىقىغا ئېسىلدى.كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسام ئۇ ئۇلەي دەپ قالغان مومايمۇ خۇددى قاپىقىدا ساقلاپ قويغان ئالتۇن بارىدەك قاپىقنى قويۇۋەتمەستىن سۇنىڭ ئىچىدە ھاجىم بىلەن«ھوپ...ھوپ» قىلىشىپ سو ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ...

* * * * * * * * * *

شۇنداق قىلىپ بىر ئايغىچە پاتمىخاننى ئۇچرىتالمىدىم، بىر كۈنى پاتمىخان ئۆيۈمگە ئۇدۇل كىلىپ بىر خۇشخەۋەرنى يەتكۈزدى:

- بۇلىدىغان ئىش بولدى، ھېچقىسى يوق، لېكىن دادام سىنى بىر ئىشقا ياردەملەشسۇن دەيدۇ؟

ئۇنىڭ كۈلكە باسقان چىرايىدىن بىرە خۇشاللىقنىڭ ھىدى كىلىپ تۇراتتى.

- نېمە ئىش پاتمىخان، داداڭ جېنىمنى بەرسۇن دىسىمۇ بىرىمەن!

- ئالدىمىزدىكى ھەپتە ھېلىقى دۇختۇر سىڭلىمنىڭ تۇيىنى قىلىدىغان بولغان، دادام سىنى شۇ تويىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلارغا ياردەملەشسۇن دەيدۇ!

- ۋاي چاتاق يوق پاتمىخان! ئۇنى كىمگە بىرىدىغان بولدىڭلار؟

- كىچىكلىكىمىزدە بىللە ئويناپدىغان ھېلىقى تۇرانىياز پوتلىغا بىرىدىغان بولدۇق.ئۇ تېخى يىزا ساقچىخانىغا باشلىقكەن!

- باشلىق؟ ۋاي ئۇ ماڭا مەندىن بىر-ئىككى ياش كىچىك نىمە ئىدىغۇ، ئەتىدىن كەچكىچە كوك پوتلىسىنى نانغا قىتىپ يەپ يۈرەتتى، تېخى باشلىق بولاپتىما ئۇ؟

- ئۇ ئەسلىدە ئادەتتىكى ساقچى ئىكەن لېكىن ئۇ چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ ئۈرۈمچىگىچە بېرىپ مۇكاپاتلىنىپتۇ، شۇڭا ھۆكۈمەت ئۇنى كىچىك تۇرۇپ باشلىق قىلىپتۇ! دادامنىڭ دېيىشىچە كېيىن ئۇ تېخى ھاكىم بولىدىكەن.
-ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلىرىنى كىچىك چېغىمدا كۆرگەنچە ئىدىم، ئۇلار شەھەرگە كىرىپكەتكەن ئەمەسمىدى؟
-ھەئە، دادىسى شەھەردە پىكاپى بار چوڭ باشلىقكەن.
بۇلارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، پاتىمخان ئىچىمدىكىنى بىلىپ يۈرۈكۈمگە تۈكۈرۈپ قويدى:
-توختەك، باشقا ئىشلاردىن غەم قىلمىغىن، بىزگىمۇ ئاز قالدى...
بىز شۇنداق قىلىپ خوشلاشتۇق.
توي كۈنىمۇ يېقىنلاپ قالدى، مەن ھاجىمنىڭ ئوتتۇن يېرىشتىن باشلاپ تاكى قازان-قۇمۇچ تېپىشقىچەبولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم باش بولۇپ قىلغانچىلىك قىلدىم. بۇ جەرياندا پاتىمخان بىلەن ھە دىسە كۆز بېقىشىپ ياشلىقنىڭ پەيزىنىمۇ راسا سۈرۈشتۇق، ھاجىمۇ مىنىڭ بۇنداق ئىشچان ئاق كۆڭۈللىكىمدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك ماڭا باشقىچە ئامراق بولۇپ كەتتى.
توي كۈنىمۇ يىتىپ كەلدى، ناغرا-سۇناي مەھەللىنى بىر ئالدى، مەن ھاجىم ماڭا ئاتاپ تىكتۈرۈپ بەرگەن چىبەرقۇت كىيىمنى كىيىپ ئاش ئېتىدىغان يەردە بىر قولۇمنى بەش قىلالماي ئىشلەۋاتاتتىم. بىرسىنىڭ «ھوي، قارشى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كەپتۇ، كۆرۈشكىلى چىقايلى!» دېگەن بۇيرۇقى كەلدى، قولۇمدىكى ياغ-يۇغلارنى ئېيتىۋېتىپ كىچىكلىكىمىزدە بىرگە ئوينايدىغان ئۇ پوتلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ چىقىپ سەپكە تىزىلدىم.
قارىسام تۇرانىيازنىڭ بوي-بەستى ئۇسۇپ قۇرسىقى ئالدىغا تاۋۇزدەك چىكەتكەن بولسىمۇ لېكىن چىرايى كىچىك چېغىدىكى تۇرانىياز پوتلىنىڭ چىرايدىن قىلچە ئۆزگەرمىگەن ئىدى، مەن بىر قاراپلا ئۇنى تونىۋالدىم.
ئۇلار قائىدە بويىچە سەپكە تىزىلىپ بىز بىلەن بىردىن-بىر كۆرۈشۈپ ئۆيگە مېڭىۋاتاتتى، تۇرانىياز مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە مەن ئۇنىڭغا قىسقىغىنا تونۇشلۇق بەردىم:
-ئوھوي، تۇرانىيازمۇ سىز؟
ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمىلىنى قوشۇپ ئاتىمىغانلىقىمدىن ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زورىغا جاۋاب بەردى:

-سىنى تونىيالمىدىمغا؟

- كىچىكلىكىمىزدە بىرگە ئوينايتتۇقغۇ، مەن ھېلىقى توختى!

ئەمەلىيەتتە ئۇ مىنى بىر قاراپلا تونۇۋالغان ئىدى لېكىن قەستەن تونۇماسلىققا سېلىپ ماڭا باشتىن-ئاياغ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇغەمبەرلىك بىلەن:

- ھە توختى پوكانما؟ نېمە ئىش قىلىپ كەتتۇڭا پوكان؟

ئۇنىڭ مىنى مەسخىرە قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ قىلغان ئۇنلۇك سۆزىدىن يىگىتنىڭ قولداشلىرى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كىتىشتى، مەن خىجىل بولغىنىمدىن قىزىرىپ كەتتىم.

-قاراڭلا قىزىرىپ كەتكىنىڭلارنى! ئىسمى-جىسمىڭلىغا لايىق پوكاندە سىلە!، -دېدى تۇرانىياز ماڭقا يەنە ماڭا ھۇجۇم قىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قارشى تەرەپنىڭ يىگىتلىرى ئەمەس بىز تەرەپنىڭ ئادەملىرىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مەن ئىچىمدە خەپ دىدىم، قارشى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى بىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆيگەكىرىپ كەتكەندە بۇ كۆك ماڭقىنىڭ كىچىكلىكىدىكى بىر ئىشى يادىمغا كېلىۋالدى:

ئالتە-يەتتە ياشلىق چاغلىرىم ئىدى، بىر قېتىم ئانام ماڭا بازاردىن ئون نەچچە تال كەمپۈت ئالغاچ چىقىپتىكەن، شۇ كەمپۈتلەرنى سامانخانىغا تىقىپ قويۇپ ئاۋايلاپ يەيتتىم، مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئويىنغاندا بىر تال كەمپۈتنى ئېلىپ چىقاتتىم-دە چۇرقىراشقىنىمىزچە كونا شال پاخاللىق ئېتىزىغا يۈگۈرۈيتتۇق ، مەن بىلەن ئوينايدىغان بۇ باللار ياشتا مەندىن سەل كىچىكرەك بولۇپ كەمپۈتكە بەك ئامراق ئىدى، بىز كەمپۈتنى ئامراقلىقىمىزدىن «قەمپۇت» دەپ ئاتىۋالاتتۇق، مەن باللارغا كەمپۈتنى كۆرسىتىپ قويۇپ پاالغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يىرتىق ئىشتىنىمنىڭ ئېغىدىن كىچىككىنە قوڭغۇرىقامنى چىقىراتتىم-دە باللارغا قولۇمنى كاناي قىلىپ سوزۇپ توۋلايتتىم:«چوڭ داداڭلارغا سالام قىلىڭلار!»

باللار كۈلۈشكىنىچە تۇشمۇ-تۇشتىن ئالدىمغاكىلىپ «چوڭ دادا سالام!» دەپ قوڭغىرىقىمغا قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. ئارقىدىن مەن «قېنى ئەمدى چوڭ داداڭلارنى سىيپاپ قويۇڭلار!» دەپ ئاۋازىمنى تازا بوم چىقىرىپ توۋلايتتىم، باللار كۈلۈشكىنىچە نۆۋەت بىلەن كىلىپ قوڭغىرىقامنى سىيپاپ قويغان ھەركەتنى دوراپ

قوْيـۇپ بىـر يانغـا ئۆتـۈپ تـۇراتتى، بالىلارنىـڭ ئارىسـىدىكى قىـزلار ئىككـى قولىـدا ئـاغىزىنى تۇتـۇپ پىخىلـداپ كۈلۈشـكىنىچە بىـر يانغـا ئۆتـۈۋالاتتى، ئانـدىن بىـز كەمپۈتنى نۆۋەت بىـلەن ئاغزىمىزغا سېلىپ شۈمگەندىن كېيىن شال پاخلىنىـڭ ئۈستىگە تاشلايتتۇق، ھۆل كەمپـۈت شال پاخلىنىـڭ ئىچىـگە كىرىـپ ئاسـتىدىكى توپىغا مىلەنگەندىن كېيىن يۇزىنى بىـر قەۋەت توپا ـ تۇزانـدى قـاپلايتتى، ئانـدىن كەمپۈت يېيىش نۆۋىتى كەلگەن بالا توپا كەمپۈتنى شۇ پېتـى ئاغزىغـا سېلىپ بىـر شۈمۈۋالغاندىن كېيىن يەنە شۇ پاخالنىڭ ئۈستىگە تاشلايتتى، ئۇ چاغلاردا كەمپۈتكە شال پاخلىنىڭ توپىسى يۇقسا باشقىچە بىـر خىـل تەمـگە كىرىـپ قالامـدىكىن تـاڭ ئىشقىلىپ بىز مۇشۇنداق ئۇسۇلدابىر تال كەمپۈتنى ئون نەچچە بالا تولـۇق شـۈمۈپ چىقاتتۇق.

مانـا مۇشـۇ كەمپۈتـۈمنى يەيـدىغان بالىلارنىـڭ ئىچىـدە تۇرانىيـاز پوتلىمـۇ بـار ئىدى، مەن«چوڭ داداڭلارنى سىيپاپ قۇيۇڭلار!» دەپ بـۇيرۇق قىلغىنىمـدا باشـقا بالىلارنىڭ ھەممىسى يالغاندىن سىياپ ئۆتۈپ كەتسە بۇ تۇرانىياز دېگەن پـوتلا ئـۆز ئالقىنى بىلەن قوڭغىرىقامنى سىيپاپ قۇياتتى. ھەتتا ئۆيـدىكى چاغلىرىمـدا «ئاكـا، چوڭ دادامنى سىيپاپ قۇياي، كەمپۈت بارمۇ؟» دەپ كەينىمگە كىرىۋالاتتى.

مۇشۇ ئىشـلارنى ئـويلاپ بـۇ پوتلىنىـڭ بايـامقى ھاكـاۋۇر ـ چوڭچىلىقىنى زادى سـىغدۇرالمىدىم، قۇسـۇغۇم كۆپـۈپ ئـاخىرى ئـۇلار ئولتۇرغـان ھويلىـدىكى سـوپىغا يېقىنلىشىپ چاندۇرماي ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋالدىم:

ـ ھە سـوجاڭ ئەجەب يوقـاپ كەتتىڭلىـا، سـىلىنىڭ چـوڭ داداڭـلار مۇشـۇ مەھەللىدىكى مازاردا، چوڭ داداڭلارنىڭ بېشىنى ئۇنداق تاشلىۋەتمەڭلار ئۇكام!

مەن شـۇنداق دەپ بولـۇپ قورسـىقىمنىڭ تـازا ئاسـتىنى چانـدۇرماي قاشـلاپ قويدۇم. تۇرانىياز پوتلا مىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى سۆز ـ ھەركىتىمدىن ئاززاق سىزىپ قېلىپ ئورنىدا غىمىسلاپ ئولتۇرالماي قالدى.

ـ ھە...ھە..ئاكـا ئـۇزۇن بولـدى خىـزمەت ھەلەكچىلىكىـدە بـۇ تەرەپـلەرگە ئۆتەلمىدۇق!بۇندىن كېيىن بىز قىلىدىغان ئىشلار بولسا ھە دەرسىز!

تۇرانىياز پوتلا بىردەمنىڭ ئىچىدە بايامقى چوڭچىلىقىدىن قېلىپ ئالدىمدا پىلە قۇرتىـدەك بولـۇپ كەتتـى. بۇنىڭـدىن سـۇپىدا ئولتۇرغـان بايـامقى كۈلگـۈنچەك يىگىتلەرمۇ ھەيران قالـدى، مەنمـۇ مەقسـىتىمگە يېتىـپ مىيىقىمـدا كـۈلگىنىمچە بـۇ ناتەھلىنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتمەي ئاشپەز ئۇستام يۇلغۇن شېخى تېپىشىمنى بۇيرىدى، مەن پاتمىخاننى ئىزدەپ تېپىپ يۇلغۇن شېخىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدىم. يۇلغۇن شېخى ئۆگزىدىكى سامانخانىدا ئىكەن. مەن ئالدىراپ ئۆگزىگە چىقىپ هويلىدا ماڭا قاراپ تۇرغان پاتمىخاندىن قەستەن سورىدىم:

ـ نەدە دېگەن؟

پاتمىخان مىنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ئاۋازىدا گېپىمنى ياڭلىيالمىغان بولۇپ ئۆگزىگە چىقتى.

ـ ۋاي خۇدايىم، سىنى قانداق قىلسام بولار توختەك؟، ـ دېدى پاتمىخان قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

ـ نېمە قىلساڭ بىر قىلغىنە! چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى مىنىڭ!، ـ دېدىم ئۇنىڭ زىل كۆلكىسىگە بولالماي.

ـ يۇلغۇن شېخى دېگەن ئەنە!، ـ دەپ كۆرسەتتى پاتمىخان سامانخانىنى كۆرسىتىپ كۈلگىنىچە.

ـ ماڭە بىللە كىرىمىز!، ـ دېدىم ئاغزىمغا كەلگەن تۈپۈكنى غۇرتتىدە يۇتىۋېتىپ.

پاتمىخان ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ سامانخانىغا ماڭدى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرىپ گەپ قىلمايلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم، ئۇمۇ ماڭا چىڭ يېپىشتى، يۈرۈكۈم خۇشاللىق هاياجىنىدىن پارتلاپ كىتەيلا دەپ قېلىۋاتاتتى.

ـ توختەك ساڭا بىر خوش ـ خەۋەرنى يەتكۈزەيمۇ؟، ـ دېدى پاتمىخان قۇچىقىمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ.

ـ نېمە خوش ـ خەۋەر پاتمىخان؟

ـ دادام ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىنى مۇشۇ ئايدا قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ـ نېمە... نېمە دېدىڭ؟ داداڭ تويىمىزنى قىلىپ بېرەمدىكەن؟

مەن خۇددى چۈش كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم.

ـ هەئە ، دادام ئۆز ئاغزى بىلەن ئانامغا دەپتۇ.

مەن بۇ خەۋەردىن هاڭ ـ تاڭ قالدىم، خۇشاللىقتا پوت ـ قوللىرىم تىترەشكە باشلىدى. مەن چەكسىز هاياجان ئىچىدە ئالدىمدىكى راسا چوڭ باغلانغان يۇلغۇن شېخىدىن ئىككى باغلامنى دەس كۆتۈردۈم. پاتمىخان ئەتراپىمدا «هاي توختەك! بۇنچە جىق شاخنى نەگە ئاپىرىسەن،بىر باغلامنى ئال!» دىگەندەك گەپلەرنى

قىلىۋاتاتتى، مۇشۇ تاپتىكى خوشلۇقۇمدا قۇلىقىمغا ھېچقانداق گەپ كىرمەيۋاتاتتى. قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە پەقەت پاتىمخاننىڭ «تويىمىزنى مۇشۇ ئايدا قىلىپ بېرىدىكەن» دېگەن ئاۋاز ياڭراپلا تۇراتتى.

مەن بۇ ئىككى بۇغام يۇلغۇن شېخىنى كۆتۈرۈپ شوتىنى چۈشكىلىۋاتاتتىم، سامانخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان پاتىمخان بىر قولىدا پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر قولىدا ئىما-ئىشارەت قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى...

مەن شوتىدىن چۈشمەكچى بولۇپ پۇتۇمنى بالداققا تاشلاپ تۇرۇپ ئاخىرقى قېتىم پاتىمخاندىن يەنە بىر سورىدىم:

-بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟ بىز راست....

گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغىچە ئۆزەمنىڭ شوتىنىڭ ئۈچىدا يۇلغۇن شېخى بىلەن بىرگە ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم، دېمەك ئۆگزىگە سەل-پەل تىك قويۇلغان بۇ شوت مېنىڭ كۆتۈرۈۋالغان شېخىمنىڭ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كېتىشى سەۋەبلىك ئۆگزە تېمىدىن ئاجراپ ئۇدۇللا مېھمانلار ئولتۇرغان سۇپىغا قاراپ چۈشىۋاتاتتى.

«قاراس-قۇرۇس...گوم» قىلغان ئاۋاز بىلەن ھويلىدا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئاستىمدا شاخ، شاخنىڭ ئاستىدا شوت، شوتىنىڭ ئاستىدا ئاللا كىملەر ۋايجانلاپ ياتىدۇ.

بۇ كېلىشمەسچىلىكنى كۆرۈڭ، ھويلىدىكى سۇپىدا تويى بولىدىغان يىگىت قاتارلىق ئون نەچچە مېھمان ئولتۇرۇپ ئالدىغا كەلگەن دۈگلىگە ئەمدى قول ئۇزىتىۋاتقان ئىكەن. ھېچىق ئارلىشىپ قالغان بۇ شوت چاقماق تېزلىكىدە بۇ بىر قاتار مېھمانلارنىڭ ئۇدۇل گەدىنىگە چۈشۈپتۇ، نەچچەيلەننىڭ بېشى دۈگلىگە چىلىشىپ كاللىسى ئېتىلغان بولسا يەنە نەچچىسىنىڭ يۈزىنى ئالدىدىكى تەخسە-پىيالىلەرنىڭ سۇنۇقلىرى تىلىپ قانغا بويىۋېتىپتۇ...

بۇلارنىڭ ئىچىدە يارىسى ئەڭ ئېغىر بولغىنى تويى بولىدىغان يىگىتنىڭ ئىدى، ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزى ناۋات چىپى دەملەنگەن چەينەك-پىيالىلەرگە توغرا كىلىپ قالغاچقا يىگىتنىڭ تومشۇقى ئېتىلىپ ئاستىن-ئۈستۈن چىشلىرىدىن كامىدا بەش-ئالتىسى ئالدىدىكى داستىخانغا تۆكۈلۈپ ئۆلگۈرگەن ئىدى.

مەن كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي ئاستىمدىكى كالپۇكى قوش تەكىيدەك بولۇپ خارقىراپ ياتقان يىگىتكە سىنچىلاپ قارىدىم، بۇ بىر جۈپ تەكىينىڭ ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىزىل شارپىدەك بىرنىمە ساڭگىلاپ تۇراتتى زەن سېلىپ قارىسام ئۇ ساڭگىلاپ تۇرغىنى شارپا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ تىلىكەن، ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا بويۇن ئومۇرتقىسىدىن بىر قانچىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك بىچارىنىڭ بېشى شوتىنىڭ ئاستىدا دومىلاپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

مەن مۇشۇچاغدا بوينى ئۆلۈك كەپتەرنىڭ بوينىدەك بىر يانغا ساڭگىلاپ قالغان ئاستىمدىكى يىگىتنىڭ تويى بولىدىغان تۇرانىياز ئىكەنلىكىنى رەسمىي جەزم قىلدىم، چۈنكى ئۇنىڭ بۇرنىدىن بارمىقىم تومۇلۇقىدىكى بىرجۇپ چوكىدەك كۆك ماڭقا بالا ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەكراق ساڭگىلاپ تۇراتتى.

مەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدىم-دەكۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يالغاندىن ئايلانغان بولۇپ يېتىۋالدىم. ئۇلارتۆشمۇ-تۆشتىن يۈگۈرۈپ كىلىشىپ ئالدى بىلەن ئەتىۋارلىق يىگىتنى تارتىپ ئېلىپ قىز يۆتكەشكە ئەكەلگەن لاتا پىكاپقا سالدى، ئارقىدىن سەت بولمىسۇن دەپ مىنىمۇ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى، پىكاپنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا ئىككىمىز سىغايان يېتىشىپ ئاران پاتتۇق، بۇ مىنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئېسىل ماشىنىدا ئولتۇرۇشۇم ھېسابلىناتتى

ئالدى ئورۇندۇقتىكى تۇرانىيازباشلىقنىڭ چېچىنى مايلاپ كەينىگە تارىۋالغان كاستۇم-بورۇلكىلىق خام سېمىز دادىسى تىت-تىت بولغىنىچە شوپۇرىغا بۇيرۇق قىلدى:

-تېز ماڭ!

شۇنداق قىلىپ ماشىنا شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ يېنىمدىكى تويى بولىدىغان يىگىتكە قارىسام ئۇ يەنە ئۆلۈكتەك يېتىپتۇ، ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ مىنى تىترەك بېسىشقا باشلىدى...

شۇنداقتىمۇ خۇداغا قىلغىنىم بارئىكەن، بىر چاغدا كاساپەتنىڭ قولى ھەركەتكە كىلىپ ئەتراپىنى سىيلاشتۇرۇپ مىنىڭ بەدىنىمنى چىڭ تۇتىۋالدى.

- ئانا...ئانا....

ئۇ ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى. بىراق دادىسى تاراكتۇردەك ئاۋاز چىقىرىپ ماڭىدىغان بۇ پىكاپنىڭ شاۋقۇنىدا ئۇنىڭ ئاجىز ئاۋازىنى ئاڭلىمايۋاتاتتى.

-ئانا...ئانا...

مەن ئاستا ئېغىزىمنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلىدىم:
-ئۇ ئاناڭ ئەمەس چوڭ داداڭ، ئەمدى قويىۋەت!
- چوڭ دادا...چوڭ دادا...
ئۇ يەنە توختىماي ئىگرايتتى، مەن ئاغرىققاچىدىيالماي ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك قىلىپ ئېيتتىم:
-ئەمدى مەندە كەمپۈت يوق!

1996 -يىل (قاراقاش)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە غالتەك ۋەقەسى

تۇرانىياز باشلىقنىڭ بېلى ئېغىر چىم بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دوختۇر ئۇنىڭ كارۋاتتىن چۈشىشىنى چەكلىدى، بىر ئولتۇرۇشىدا بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ كۆنۈپ كەتكەن كالىدەك ئىشتەيلىك بۇ بىر نېمە تىمساخنىڭكىدەك دانە ـ دانە تاكان چىشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن گېلىدىن قالمىغان ئىدى. ئۇ كارۋاتتا يېتىپمۇ چىشى يوق موماي گۇلا شۇمگەندەك بار ـ يوقنى توختىماي ماكىلدىتىپ چايناپ كۈندە زەمبىلدە بىرنى چىقىرىپ ياتتى، ياتاقنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ چىدىغۇسىز بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان ئىككى سوقۇر ئۈچەي بىمار ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن ۋاز كېچىپ ئۆلسەكمۇ ئاسمىنى ئۈچۈق يەردە ئۆلەيلى دەپ بۇرنىنى توتقىنىچە دوختۇرخانىدىن قاچتى.

ئۇنىڭ چىقىرىنىدىسىغا قاچا تۇتۇپ كۆتىگە قەغەز تاشتالمىغان بىچارە ئاتا ـ ئانىسى دەرھال پىلان تۈزۈپ ئۆلارنىڭ نىكاھىنى شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئوقۇپ تۈگەتتى. شۇنداق قىلىپ ئايشىخاننىڭ سېستىرا سىڭلىسى تۇنجى توي ئاخشىمىنى ئۇنىڭ تىگىنى قۇرۇقداش ۋە پوقىنى تۆكۈش بىلەن يورۇتتى.

دوختۇرلارنىڭ كارامىتى بىلەن تۇرانىياز ئوبدانلا ساقىيىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن تاماق يىسە توخۇدەك چېچىپ يەيدىغان، بىر مىنۇتتا ئون قېتىم تۇمشۇقىنى سۇنۇپ يىگىرمە قېتىم پوتلىسىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرانىيازنىڭ كىشىلەرگە دائىم قاپاق تۈرۈپ تورىدىغان مۇز چىرايى بۇ قېتىمقى داۋالاشتىن كېيىن بىر ئىشتىن ئاچچىقلانسىمۇ، خاپا بولسىمۇ «تاللىققا ئېسىپ قويۇلغان كاللىدەك» ھىجىيىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ساقايدى...

«بىر قايغۇدا بىر خۇشاللىق» دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ نۇقسانلىرى ئۇنىڭغا ئېيتقۇسىز ئامەت ئېلىپ كەلدى، بىر قېتىم يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئالاھىدە رەھبەرلەر خىزمەت تەكشۈرۈپ كېلىپ تۇرانىياز باشلىقنىڭ ساقچىخانا ھويلىسىدا

ئامىنغا گەپ قىلىۋاتقاندىكى ھالىتىنى يەنى دەمدە بىر تۇمشۇقىنى سۇنۇپ پوتلىسىنى تارتقىنىچە ئۇلارغا باشتىن -ئاخىرى كۈلۈپ تۇرغان قىياپىتىنى كۆرۈپ «قاراڭلار بىزنىڭ ئاساسى قاتلامدىكى بۇ قەھرىمان كادىرىمىزغا، ئۇ خىزمەت ئۈستىدە ھېرىپ-تەرلەپ بۇرنىنى سۈرتكۈدەك ھالى قالمىسىمۇ يەنىلا خەلققە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى، بىز ھەممىمىز بۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك!» دەپ داۋراڭ سالدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ كاتتا زاتنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تۇرانىياز باشلىق دەرھال «خەلقنىڭ غەمگۇزار چاكىرى -تۇرانىياز» غا ئايلىنىپ پۈتۈن گېزىت-ژورنال،تاراتقۇلارنىڭ باش بېتىنى ئىگەللىدى ھەم ئۇزۇنغا قالماي قوشنا بىر ناھىيىگە ناھايىتى چوڭ ئەمەلدار بولۇپ ئۆسۈپ كەتتى.

ھاجىم ئائىلىسىدىكىلەرمۇ كىيئوغلىغا كەلگەن بۇ ئامەتنىڭ خوشلۇقىدا پاتمىخان بىلەن بولىدىغان توي ئىشىمىزنى ئالدىنقى ئايغا بىكىتتى.

«يىتىمنىڭ ئاغىزى ئاشقا تەگسە بورنى قاناپتۇ» دىگەندەك تويغا ئاز قالغاندا كەنتىمىزدە كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بىرىپ چوڭ-كىچىك ھەممىمىزنى يوق بىر بالاغا تىقتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاسارىتى بولسا كېرەك مەكتەپ، كان-كارخانا تاملىرىنىڭ يۈزلىرىدە ئىشقىلىپ بوش-بىكارلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل دەبدەبىلىك شۇئارلار يېزىغلىق تۇراتتى. ھەتتا مەن ئەقلىمگە كەلسەم كەنتە كومىتىتىنىڭ چوڭ يىغىن مەيدانىدىكى قىشتا سىلىنغان چوڭ خالىجاينىڭ سىرتقى تام يۈزىدىمۇ قىزىل سىر بىلەن سىزىلغان شۇ بىر باش سۈرەت بىلەن چوڭ خەتلىك بىر شۇئار بار ئىدى.

بىر كۈنى قايسىدۇ بىر مەلئۇن بۇ ئۇلۇغ شۇئارنىڭ خېتىنى شاخ بىلەن جىجىلاپ قۇيۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەنتىمىزدە بوران چىقىپ ئالەم -مالەم بولدى، ساقچى-ساقچى قايناپ كەتتى، يېزىدىن كەلگەن رەھبەرلەر بۇ ئىشنى دەرھال سىياسىيغا كۆتۈرۈپ«سەككىزىنچى ئىيۇل شۇئار جىجىلاش -بۇزۇش ۋەقەسى» دەپ نام قويدى، بىز ئىيۇل -پىيۇل دېگەن گەپنى چۈشەنمەيتتۇق، پەقەت بۇ چوڭ خەتنى يەتتىنچى ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى بىرە ئۇششاق بالىنىڭ ئۇقماي جىجىلاپ قويغانلىقىدىن گۇمان قىلاتتۇق. مۇشۇ زور ۋەقە سەۋەپلىك مىنى قەيەردە كۆرسە، خىقىراپ يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ يۈرۈيدىغان كونا قېيىنئاتام بىر كۈندىلا جازالىنىپ ھۇقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىمدە بۇ ئوغرىنىڭ موللاق ئاتقانلىقىدىن قەۋەتلا خۇشال بولدۇم، لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان كەنتە مۇدىرى دېگەن ئەبلەخ خىزمەت قىلمىسا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كەنتىدىكى بارلىق ياشلارنى يىغىپ خالىجايىنىڭ تېمىنى نۆۋەت بىلەن خەۋەر ئېلىپ قوغدىغىلى سالدى. ھەر كۈنى تۆت ئادەم كېچە - كۈندۈز بۇ تامنى خەۋەر ئالاتتۇق، بۇ ئىشنى قىلغان بەد نىيەت تېخىچە تېپىلمايۋاتاتتى.

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك نەچچە كۈن ئۆتمەي كەنتە كومىتېتىنىڭ قوروسىدىكى دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ئېگىز خادىنىڭ بايراق سىمىنى يەنە بىر نائەھلى ئوغرىلىۋالدى.

ھەر نېمە بولسا بۇ قېتىمقى ئىش يۇقىرىغا دوكلات قىلىنمىدى، ناۋادا دوكلات قىلىنغان بولسا بۇ ئىش يەنە«ئون بەشىنچى ئىيۇل سىم ئوغۇرلاش - بولاش - تالاش ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىپ يېزا باشلىقى بىلەن كەنتىمىزنىڭ بۇ يېڭى«سېكرېتارى» ئاللاقاچان ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

بار خاپىلىق يەنە شۇ بىز بىچارىلەرگە بولدى، نۆۋەتچىلىك قىلىپ قوغدايدىغان جاي بىردىن ئىككىگە كۆپىيىپ ئادەم سەككىزگە ئاۋۇدى. بىز بىر گۇرۇپپا تۆت ئادەم بار كۈچىمىز بىلەن بايراق خادىسىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ - قوپۇپ خادىنى قوغدىدۇق يەنە شۇنداقتىمۇ بۇ نىيىتى يامان ئوغرى بىر ئاخشىمى بىزنىڭ ئۇخلاپ قالغان پۇرسىتىمىزدىن پايدىلىنىپ بايراقنىڭ يىپىنى يۆگەيدىغان چۈيۈن غالتەكنى ئوغرىلىۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ «چويۇن غالتەك ۋەقەسى» دىن كېيىن كەنتە رەھبەرلىكى بىر كۈن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بايراق خادىسىنىڭ تۈۋىگە تۇپاقتەك سېرىق ئىتتىن بىرنى باغلاپ قويىدىغان بولدى، بىز شۇ ئىت بىلەن بىرگە خادىنى قوغداپ يېتىشقا مەجبۇرى بولدۇق...

ئىتنىڭ پەيلى يامان ئىدى، بەزىدە بىزگىمۇ يۈز قىلماي داپشىنىپ قۇياتتى، ئىت بۇلا مۇشۇنداق بولا، ئاخشاملىرى خادا تۈۋىگە قويۇلغان كارۋاتتىن چۈشۈشكە ھېچقايسىمىز پېتىنالمايتتۇق، چۈنكى كارۋاتنىڭ ئاستىدىكى سېكرېتارنىڭ قول - چومىقى بولغان بۇ سېرىق ئىت كۈزىنى ئۈزمەي بىزنى باشقۇراتتى. سىيگۈمىز كەلسە تۆتەيلەن ھەممىمىز بىر بولۇپ ماڭاتتۇق، تەڭ كېچىسى باشقىلارنى ئويغىتالمىسام كارۋاتنىڭ ئۈستىدە ئۇرە تۇرۇپ يىراقلارغا قويۇپ بېرىشتىن باشقا ئامالىم يوق

ئـدى، نـېمە بالاغا قـالغىنىمنى بىلمەيـمەن، ئىشـقىلىپ ھېلىغۇ ئـىتكەن، ئـتتىنـىڭ ئـسـمىنى ئاڭلىسـامىۇ تـىـنىم جۇغۇلـداپ يۈرۈگـۈم قېپـىـدىن چىكتىـدىغان ئـادەم ئىدىم...

ئىت ھېلى چىقىپ بىرە يېرىمنى كاپ قىلىپ ئالارمىكىن دىگەندەك قورقۇنچىدا تۈزۈكمۇ سىيەلمەيتتىم ھەر قېتىم يېرىمنى سىرتقا يېرىمنى ئىشتىنىمنىڭ ئىچىگە چىقارغانچىلىك قىلىپ ھۆل زاكىدا قالغان بوۋاقتەك تـاڭ ئـاتقىچە يۆلتۈز سـاناپ ئىمىسلاپ چىقاتتىم، ئىشقىلىپ توختى پوكان بولغانغا گېلىمغىچە تويدۇم...

كەنتىمـىزدە بۇنـداق سىياسـىيغا ياتـىدىغان زور ۋەقەلەر ئـارقىمۇ-ئارقـا يـۈز بەرگەنـدىن كېـيىن يۇقىرىنىـڭ بۇيرىقىغـا ئاساسـەن كەنـتە تەۋەلىكـىدىكى يەتـتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىمىز كەنتە كومتېتىغا يىغىلىپ ھەر كۈنى چۈشـتىن كېـيىن مەجبۇرى «سىياسـى ئـۆگىنىش» قىلىـش ئـارقىلىق ئـىدىيىمىزنى ئـازاد قىلىدىغان بولدۇق. كۈندە بولىدىغان بۇ ئۆگۈنۈشتە سېكرېتار توختىماي گېزىـت-ماتېريال ئۇقۇيتتى بـىـز زەن سېلىپ ئـاڭلاپ ئۈنىـڭ مەزمۇنىنى ھەزىم قىلاتتۇق، ئاندىن «مۇزاكىرە باسقۇچى» دا ھەممىمىز بىرمۇ-بىر پىكىر بايان قىلىپ بۇ ۋەقەنى ئېيىپلاپ -تىللاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىرادىمىزنى بىلدۈرىشەتتۇق...

بۈگۈنمۇ دائىمقىدەك سېكرېتار ماتېريال ئۇقۇشنى توگىتىپ مۇزاكىرە باسقۇچىغا ئۆتمەكچى بولىۋاتاتتى، مەن كۆڭلۈمدە« ھاي سېكرېتار يا ئىتنىڭنى يوقات، يا مەن خالىجاينىڭ تېمىنى بېقىپ شۇ يەردە ياتاي، يا بولمىسا منى بۇغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت!» دېگەننى ئويلاپ ئېغىزىمنى ئاچاي دەپ تۇراتتىم، شۇ چاغدا سىرتتىن سايىت چولاق دېگەن پەسەندى «ۋاي سېكرېتار!...ۋاي سېكرېتار!» دىگىنىچە چىرايىدا قان يوق يۈگۈرۈپ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى، بىز ھەممىمىز بىرە يەرگە ئـوت كەتـكەن يـاكى كەنتىمىزنـى سـەل باسـتۇرۇپ كەلـگەن ئوخشـايدۇ دەپ ۋاراڭ-چۇرۇگـدىن توختاپ ئۇنىڭغا كۆزىمىزنى تىكتۇق.

- نېمە بولدى ھاي چـولاق؟- دەپ ۋاقىرىـدى سـېكرېتار جىددىيلەشـكىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تورۇپ.

- نېمە...نېمە بولاتتى، سېكرېتار...جىنـايەتچى تېپىلـدى!- دىـدى سـايىت چولاق ھاسىرىغىنىچە.

- قايسى جىنايەتچى؟

- بايراقنىڭ غا...غا...غالتىكىنى ئوغرىلىغان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېكرېتار بۇ جاۋابتىن شۇنداق خۇشال بولدى:

ـ ھە...كىمكەن؟

ـ ئەنە ...مەن باشلاپ باراي!

يىغىندىكى ھەممەيلەن ئورنىمىزدىن گۈركىرەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن كەنتە كومىتېتىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولغا ئېتىلدۇق، بىز چوڭ ـ كىچىك بولۇپ كامىدا ئۈچ ـ تۆت يۈز ئادەم ئىدۇق، مۇشۇ ئوغرى سەۋەبلىك نەچچە ھەپتىدىن بىرى بىزنىڭ يىمىگەن پوقىمىز كىرمىگەن گۆرىمىز قالمىغان ئىدى، ھەممىمىز يەڭلىرىمىزنى شىمايلاپ ئىستىھكامغا ئېتىلغان جەڭچىلەردەك ئۇ ئوغرىدىن ئۆچىمىزنى ئالغىلى يۈگۈردۇق...ھەتتا مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى ئاخۇنى چۈشۈپ كەتكەن سەللىسىگىمۇ قارىماستىن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھاسىراپ قۇيۇندەك چاپماقتا ئىدى...

دېگەندەك چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەھەللىدىكى ساۋۇت ساراڭ قولىدا ھېلىقى چۈيۈندىن ياسالغان غالتەكنى ئويناپ بەخىرامان تۇراتتى، ئۇ نەچچە يۈز ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپكە «ھۇررا» توۋلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىدى، كەينىدە باشقا بىرسى يوق ئىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە «ھو....ھو...» دەپ كۆلۈپلا يۈرۈيدىغان بۇ كۆلگۈنچەك ساراڭ كۆڭلىدە «بۇ تېگى پەسلىگە نېمە بولغاندۇ ئەمدى؟ بۇلارنى چوقۇم كەنتتىكى ھېلىقى سېرىق ئىت ئالدىغا سېلىۋالدى، بولمىسا بۇ ساراڭ ـ لەقۋالار بۇنچىلىك قېچىشىپ يۈرمەستى!» دېگەننى ئويلاپ ھېجىيىشتىن توختىدى ئاندىن چىرايىنى تۈرگىنىچە ئىككى لىۋىنى چىشلەپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن بەدەر كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىشقا باشلىدى...

خۇدايىم بۇ ساراڭنىڭ پۇتىغا كۈچىنىمۇ تازا بىرىپتىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆز ئالدىمىزدىن پىلدىرىغۇچتەك پىقىراپ يىراقلاپ كەتمەسمۇ؟

قاچە ـ قاچ، تۇتە ـ تۇت....

ساراڭ بىزگە تۇتۇق بىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە چوڭ ئۆستەڭدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختاپ ئالدىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ ھاسىرىغىنىچە دېمىنى ئېلىشقا باشلىدى...

بىزمۇ كەيندىن تۈشمۇ ـ تۈش باستۇرۇپ كىلىپ قەدىمىمىزنى كۆۋرۈكنىڭ لېۋىدە توختىتىپ تىزلىرىمىزنى تۇتۇشقىنىمىزچە چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدۇق، ساۋۇت ساراڭ ئېگىشكەن يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە ئالىيىپ

قارىدى، بىزمۇ ھەممىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلدۇق، ئۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىزگە تىل سالدى:

- ئاناڭنىڭ تويى بولاشتىما ھەرقايسىڭغا؟

بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيران قالدۇق، چۈنكى بۇ ساراڭ ئۆمرىدە بىرسىنى تىللاپ باقمىغان ئىدى.

- ھەي ساراڭ! - دېدى سېكرىتار ھارغىنلىقتا دېمىنى ئالالماي، - ئاۋۇ قولۇڭدىكى غالتەكنى نەدىن تاپتىڭ؟

ساراڭ قولىدىكى چويۇن غالتەككە لاپپىدە قاراپ ئۇنى دەرھال كەينىگە تىقىۋالدى-دە تۇۋلاپ جاۋاب بەردى:

- ئاچاڭنىڭ ئېرىما مەن؟ بوش تۇۋلا ماڭا! -دەپ خىرقىرىدى ساراڭ.

- غالتەكنى نەدىن ئالدىڭ دەيمەن؟

- ئاناڭنى ئالغان يەردىن!

ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەممەيلەن پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇسال بولغان سېكرېتار تەلەتىنى بۇزدى:

- ھاي ساۋۇت ساراڭ ، ئاۋۇ قولۇڭدىكى غالتەكنى نەدىن تاپتىڭ دەيمەن؟

- سىنىڭ ئاناڭنى غالتەك ئالمىغان بولغىيتتى، ھەي غالتەك جىنى چاپلىشۋالغان ساراڭ! - دەپ ۋارقىرىدى ساۋۇت ساراڭ غەزەپ بىلەن، - نىمانداق كەچكۆچە غالتەك-غالتەك دەۋېرىسەن، غالتەكتىن بۆلەك گىپىڭ يوقما سىنىڭ؟

ساراڭ بىگىز بارمىقىنى سېكرېتارغا چىنەپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى، بىچارە سېكرىتار خۇددى ئاتىسىدىن تەنبىھ يېگەن بەش ياشلىق بالىدەك يۇۋاشلاپ قالدى، بىز بۇلارنىڭ ھالىتىگە قاراپ قايسىسىنىڭ ساراڭ قايسىسىنىڭ سېكرىتار ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدۇق.

بۇ چاغدا يىغىندىن سايلانغان كەنتە مۇدىرى سېكرېتارغا ياخشىچاق بولۇپ گەپكە ئارىلاشتى:

- ھاي ساۋۇتاخۇن، ئاۋۇ قولۇڭلىدىكى غالتەكنى بىزگە بىرىۋېتىپ ئاندىن گەپ قىلىڭلار ئۇكام!

- تۇفىي!، - ساراڭ ئاچچىق بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈردى، - قاچاندىن بىرى مەن سىنىڭ ئۇكاڭ بولۇپ قالدىم، سەندەك نەسلى پەس، دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان مۇناپىققا ئۇكا بولىدىغان ساۋۇت تېخى دۇنياغا تۇغۇلمىدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىيلەن كەنتە مۇدىرىنىڭ راستىنلا ئۆز دادىسىغا ئوخشمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتۇق، شۇڭا بىز يەر تىگىدىن كۆز بېقىشىپ كۇلۇشۇشكە باشلىدۇق.

بۇ ساراڭنىڭ ئېغىزىدىن ھەر بالا كىلەتتى، يەنە ئۆزىنىڭ بىرە ئەيىبىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىنى ئويلىغان كەنتە مۇدىرى بىر ئاز شوك بولۇپ قالدى.

بۇ چاغدا ئاخۇنۇم سالاغا چۈشتى:

-جېنىم ساۋۇتاخۇن، قولۇڭلاردىكى ئاۋۇ نەرسىنى بىزگە بېرىۋېتىڭلار، بىز نەچچە كۈن بولدى، شۇ غالتەكنىڭ خاپىلىقىدا يا ئۇيقۇ ئۇيقۇ بولمىدى، يا يېگەن تاماق تاماق بولمىدى...

ساۋۇت ساراڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى:

-بوپتۇ سەن گەپ قىلىپ سالدىڭ، بەرسەممۇ بېرەي، لېكىن بىر شەرتىم بار!

- دىگىنە يۈز شەرتىڭ بولسىمۇ، - دېدى سېكرىتار جىلە بولۇپ، - بىر ئاڭلاي باقىلى!

- ھەرقايسىڭ دادامنى پومىشچىك دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتۈڭ، ئانامنى پومىشچىكنىڭ خوتۇنى دەپ ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈشتۈڭ، بىر تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى پومىشچىكنىڭ باللىرى دەپ يىراق-يىراقلارغا پالاشتىڭ، ئۇلارمۇ سەرسانچىلىقتا ئۆلۈپ تۈگىدى، قېنى ئېيتە، ئۇز ۋاقتىدىكى بىزنىڭ قوي-كالىلىرىمىزنى نەگە ئاپارغان، ئۆيىمىزدىكى گىلەم-كىگىزلەرنى نەگە تىقىشتىڭ؟ماۋۇ كۆۋرۈكنى كىمنىڭ سالغانلىقىنىمۇ بىلىشىدىغانسەن؟ نېمىشقا بۇ كۆۋرۈكنى بوزۇشمايسەن؟ بۇپتۇ ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلگەن بولسۇن، دەيدىغان شەرتىم شۇكى مال-مۈلكۈمنى قايتۇرۇپ بەر، بولمىسا بۇ غالتىكەڭنى ئۆستەڭگە تاشلىۋەتكىنىم تاشلىۋەتكەن!

ئۆز ۋاقتىدا بۇ كۆۋرۈك بىلەن كەنتتىكى كونا مەكتەپنى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سالغانلىقىنىمۇ ھەممىمىز بىلەتتۇق، لېكىن بىز بۇ ساراڭنىڭ بۇ ئىشلارنى بۇنداق تەپسىلى بىلىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىدۇق، بىز ئاغزىمىزنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالدۇق.

سېكرېتار غەزەپتىن يېرىلدى:

- ۋۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان قېرى ساراڭ! ئەكىلە غالتەكنى!

سېكرېتار شۇنداق دىگىنىچە ئالدىغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

ساۋۇت ساراڭ بۇنى كۆرۈپ قولىدىكى غالتەكنى بىر بارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ تىز

ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە سۈنۈپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

- ۋۇ خام كاللا بەڭگى! ئالدىڭغا مېڭىپلا قالساڭ بۇنى تاشلايمەن!

سېكرېتار كۆزلىرىنى پىلدارلاتقىنىچە ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، مەن ئاخىرى بولالماي سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلاپ سالدىم:

- جېنىم ساۋۇت ئاكا، ماڭا بىر ئىچىڭ ئاغرىسۇن!، -دېدىم ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە، - ماڭا نەچچە كۈن بولدى، شۇ خالىجايدا تام قوغدايمەن دەپ پوق بوراپ ياتقىلى، ئەمدى قۇيۇپ بۇ غالتەكنى دەپ كۈنلىكى بايراق خادىسى ئاستىدا ئەشۇ ئىت بىلەن بىرگە ياتىمەن....ئېيتقىنا ئاكا ماڭا نېمە كۈن بۇ، مەن تۆزۈك بىر سىيىپ باقمىغىلى نەچچە كۈن بولسا، سەنمۇ كۆردۈڭ ئۇ ئىتمۇ ياكى تويىاقمۇ؟ جاھاندا بونداقمۇ چوڭ ئىت بولامدۇ؟ مەن سەندىن خوش بولاي ئاكا، ئۇنداق قىلماي غالتەكنى بەرگىن...

ساۋۇت ساراڭ مىنىڭ يىغامنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئاچچىقلاندى:

- ئاناڭ بولغان ساراڭ جادى، دادامنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ بىرسى، تولا ۋالاقلىماي كۆزۈمدىن يوقال!

بىز نېما قىلارىمىزنى بىلەلمەي، ئاغزىمىزنى ھاڭ ئېچىپ ساراڭغا قاراپ قالدۇق، ھازىر بۇ ساراڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ خوجىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك ئەلپازىدىن بۇ يېقىنلاردا غالتەكنى بىزگە بىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدا ساراڭ سەت كۈلۈپ ئېغىز ئاچتى:

- ھەرقايسىڭغا بۇ غالتەك بەك مۇھىمما؟

- مۇھىم!

نەچچە يۈز ئادەم تەڭلا ۋارقىراپ جاۋاب بەردۇق.

ساراڭ ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- ھەرقايسىڭنىڭ ئەقلىنىڭ پوققا چۈكۈشۈپ قالغانلىقىنىغۇ ئوبدان بىلەتتىم، غالتەككە ئېرىشمەن دېيىشىدىكەنسەن، ئۇيۇن ئوينايمىز! ئاڭلاشتىڭما؟

«ئاھ خۇدا! بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى، بىر ئەرزىمەس غالتەك ئۈچۈن بۇ ساراڭ بىلەن ئۇيۇن ئويناپ يۈرۈرمىزمۇ ئەمدى...»

ھەممىمىز تەڭلا جاۋاب بەردۇق:

- ئاڭلىدۇق!

- ھەممىڭ ئورنىڭدا ئولتۇرۇش!، - كوماندا بەردى ساراڭ ئۆزىنى كاتتا بىرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغلاپ.

بۇ بۇيرۇقتىن بەزەنلىرىمىز ئولتۇردۇق، بەزەنلىرىمىز پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرمىدۇق، لېكىن ساۋۇت ساراڭ كىنونى تولا كۆرۈپ گېنراللىق سەۋىيىگە يەتكەندەك قىلاتتى، ئۇ بوش كەلمىدى:

- ۋۇ نەسلى پەس، سۇلامچى خوتۇننىڭ بالىلىرى، مىنى نېمە كۆرۈپ قېلىشتىڭ، ھەرقايسىڭغا غالتەككە لازىممۇ ياكى كەنتىدىكى ئوگۇنۇشمۇ؟

- غالتەك لازىم!

بىز ئۆلگۈدەك ۋارقىراشتۇق، چۈنكى ساۋۇت ساراڭ غالتەكنى سۇغا تاشلاي دەپ تۇرىۋاتاتتى، ئاڭغىچە سېكرىتار بىزگە نەسىھەت قىلدى:

- جېنىم جامائەت، مۇشۇ قېتىم ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاڭلار، بىز بىر ئامال قىلىپ غالتەكنى قولغا ئېلىپ يۇقىرىغا جاۋاب قايتۇرايلى، بولمىسا مۇشۇ ئىش ئۆچۈن كەنتىمىزگە بىر يىللىق خىزمەت گۇرۇپپىسى كىلىدىكەن!

«خىزمەت گۇرۇپپىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىمىزگە چۈشۈپ كۆزلىرىمىز يوغىناپ كەتتى، ناۋادا ئۇلار كەنتىمىزگە كېلىدىغان بولسا كۈندە قىلىدىغان يېرىم كۈنلۈك ئۆگىنىش پۈتۈن كۈنگە ئۆزگىرەتتى، يەنە تېخى....

- سېكرىتار داداڭلار توغرا دەيدۇ، - دېدى ساۋۇت ساراڭ كاللىسىنى لىڭشىتىپ تورۇپ ھاكاۋۇرلارچە، - توخۇ - كەپتەر، ئۆردەك - غازلىرىڭدىن ئايرىلىشماي دېيىشسەڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش! مەن ھازىردىن باشلاپ پادىشاھمەن، بىلىشتىڭما؟

- بىلىشتۇق!

- بىلىشكەن بولساڭ ئېيتىشە مەن كىم؟

- پادىشاھ!

- زۇۋانىڭغا بىر نېمە تورۇپ قېلىشمىغاندىكىن ئۈچ قېتىمدىن ئۇنلۇك جاۋاب بىرىش، مەن كىم؟

- پادىشاھ! پادىشاھ! پادىشاھ!

بىز قاتتىق ۋارقىراپ جاۋاب بەردۇق، گۆركىرەپ چىققان ئاۋازىمىزدىن مەيدان ئاسمىنى تىترەپ كەتتى.

يېڭى «پادىشاھ» بىزنىڭ يۇۋاشلىق بىلەن بەرگەن جاۋابىمىزدىن رازى بولۇپ ئۇسۇپ چاڭگا بولۇپ كەتكەن كالتا ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويدى - دە يەنە بۇيرۇق

قىلدى:

- ھەممىڭ ئورنۇڭدا ئولتۇرۇش!

ھەممەيلەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن دەرھال ئولتۇردۇق.

- جاللات!

بىز بۇ سارالڭنىڭ كىمنى جاللات دەپ چاقىرغانلىقىنى بىلەلمەي سوئال نەزىرىدە بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق، بۇ چاغدا سېكرېتار ماڭا قاراپ كۆز ئىشارىتى قىلدى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ خالىجاي باقىدىغان تۆتى بىلەن خادا باقىدىغان ئۈچىنى تارتىپ چىقىرىپ توۋلىدىم:

- لەببەي شاھىم!

- ئاۋۇ پوق ساقالنى تۇت!

بىز ئۇنىڭ كىمنى دېگەنلىكىنى بىلەلمەي ساۋۇت سارالڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدۇق.

- يېنىڭدىكى ئاۋۇ گەدەنكەشنى!

ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى يېنىمىزدىكى ئىمام ئاخۇنۇم ئىدى. بىز ئۇنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق بۇنى كۆرگەن ساۋۇت سارالڭ غالتەكنى ئېگىز كۆتۈردى:

- غالتەكنى تاشلىدىم ئەمىسە!

بۇنى كۆرگەن سېكرېتارنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە ئاخۇنۇمغا ۋارقىرىدى:

- چىقسىلا ئاخۇنۇم ئالدىلىرىغا قاراپ تۇرماي!

ئاخۇنۇم سېكرېتارغا سادىق ئىدى، ئۇنىڭ ئىماملىق ۋەزىپىسىنى مۇشۇ سېكرېتار ئېلىپ بەرمىگەن بولسا بۇ ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ كالتە بىلىمى بىلەن ھەرگىزمۇ مەسچىتنىڭ ئىماملىقىنى قىلالمايتتى ھەم يۇرتنىڭ چوڭلىرى قاتارىغا كىرەلمەيتتى، شۇڭا ئاخۇنۇم غىڭ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

- تىزلان!، - دەپ ۋارقىرىدى خان غەزىپىنى بېسىپ تۇرۇپ.

ئاخۇنۇم ئاچچىقىدا لىۋىنى چىشلەپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. خان سوراقنى داۋام ئەتتى:

- ئېيتە ناماز بىزگە نېمە؟

- ناماز بىزگە پەرز! - دەپ ئۇنلۇك ئېيتتى ئاخۇنۇممۇ بوش كەلمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- خوش، ئۇنداق بولسا، نامازنىڭ ۋاقتى بىزگە نېمە؟

- نامازنىڭ ۋاقتىمۇ پەرز!

ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ بەرگەن توغرا جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ بىر كۆپچىلىككە غادىيىپ قاراپ قويدى.

- ئۇنداق بولسا ھەي پوق ساقال!، - پادىشاھ قۇلىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، - نېمشقا كەنتىدە يېغىن ئاچقاندا پىشىن بىلەن ئەسىرنى قازا قىلىسەن؟ نېمشقا جامائەتنى مەسچىتكە ئېلىپ چىقمايسەن؟

ئاخۇنۇم كېكەچلەپ قالدى:

- بۇنى...بۇنى...سېكرىتار قويمىسا!

- سەن بەدبەخ خۇدادىن قورقامسەن ياكى سېكرېتاردىنمۇ؟

- بۇ....بۇ....

- جاللات!، -دەپ ۋارقىردى شاھ غالتەكنى كۆتۈرۈپ، - بۇ سېكرېتارنى ئۆزىگە خۇدا قىلىۋالغان مۇرتەدنىڭ كۆتىگە قىرىق دەۋرە!

بىز سېكرېتارنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاخۇنۇمنىڭ كۆتىگە تېپىشنى باشلىدۇق، بىچارە ئاخۇنۇم ھەر بىرنى تەپسەك بىر قېتىم ئىنجىقلايتتى...تېپىكنىڭ ئون توققۇزىنچىسىغا بارغاندا ئاخۇنۇم بۇلالماي كۆتىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سېكرىتارغا ۋارقىردى:

- ئاله ئىمامىلىقىڭنى، ئىككى تال پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلە، بىر تال قۇتا غالتەكنى دەپ مۇشۇ ساراڭنىڭ كەينىگە كىرىپ مىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىما سەن؟ ئىمامىلىقنى ئەمدى ئاناڭ قىلسۇن!

ئىمام ئاخۇنۇم كۆزىگە ياش ئالغىنىچە مەيداندىن ئالا-تاغىل تۇۋلاپ چىقىپ كەتتى.

خان بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە بىزگە قاراپ ۋارقىرىدى:

- ئالتە قاراقچىنى تۇت!

«بۇ ساراڭنىڭ ئالتە قاراقچى دىگىنى كىمدۇ ئەمدى؟»

بىز ھېچنىمىسىنى بىلەلمەي خانغا تەلمۈرۈپ قارىدۇق.

- ھەي ئوغرى كۆزۈڭنى پارقىرتىپ ئولتۇرىسەنغۇ! - دەپ ۋارقىرىدى خان سەپىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سېكرېتارغا بىگىز بارمىقىنى چەنلەپ تۇرۇپ، - شېرىكلىرىڭ بىلەن ئورنۇڭدىن دەرھال تۇر!

بۇ چاغدا سېكرېتار ئامالسىز قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ پەستە ئولتۇرغان كەنتە مۇدىرى، بۇغالتىر، ئەترەت باشلىقلىرى بولۇپ بەش كىشىگە بىرمۇ-بىر قاراپ چىقتى. بىزنى كۆلكە بېسىۋېلىپ كۆزىمىزنىڭ قۇيرىقىدا بىر-بىرىمىزگە كۆز قىسىشقىلى تۇردۇق.

پادىشاھ يەنە پەرمان چۈشۈردى:

- جاللات !

- لەببەي شاھىم!

- بۇ گەدەنكەش تاغ قاراقچىلىرىنى ئالدىغا ئاچىقىپ تىزلاندۇر!

بىز تەمتىلەپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي تۇرغىنىمىزدا سېكرېتار ئۆزى باش بولۇپ سەپنىڭ ئالدىغا نەچچە قەدەم چىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، بۇنى كۆرگەن باشقا بەش كىشىمۇ غۇدۇڭشىغىنىچە سېكرېتارنىڭ سېپىگە قېتىلدى.

- جاللات!

- لەببەي شاھىم!

سەككىزىمىز ئۆلگۈدەك تەڭ ۋارقىراپ جاۋاب قايتۇردۇق.

- ئاۋۋال بۇ مەلئۇنلارنىڭ كۆتىگە ئون دەررە!

بىز سېكرېتارغا قارىدۇق، سېكرېتارنىڭ كۆزى بولسا ئەشۇ چويۇن غالتەكتە ئىدى، ئۇ بىزگە بېشىنى لىڭشىتىپ ئىشارەت قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى «تەپسەڭلار تېپىڭلار، لېكىن بوشراق بولسۇن» دېگىنى ئىدى.

بىز دەرھال يۈگۈرۈپ كىلىپ ئۇ ئالتىسىنىڭ كۆتىگە تەپكەننى دوراپ ساناشقا باشلىدۇق.

- توختاش، ھەرقايسىڭغا غالتەك لازىم ئەمەسكەندە؟ - دەپ ئاچچىق توۋلىدى ساۋۇت ساراڭ غالتەكنى يەنە سۇغا تەگلەپ تۇرۇپ.

- ياق...بىز...بىز....

- ھەرقايسىڭ بۇلارنىڭ قوڭىنى سۈرتىۋاتەمسەن ياكى ئوۋلىۋاتامسەن؟

سېكرېتار يەنە بىزگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

بىز بۇ قېتىم «بىر...ئىككى...ئۈچ...» دەپ سانىغىنىمىزچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئالتەيلەننىڭ كۆتىگە بار كۈچىمىز بىلەن تەپتۇق، مەن بۇ قېتىم ھېلىقى سېرىق ئىتنىڭ ئىگىسى بولغان ئەترەت باشلىقىنىڭ كۆتىگە «ئىت باققانغا توي، ئىت دېگەننى شۇندامۇ باققان بارمۇ؟» دەپ راسا كۈچەپ تەپتىم، ھەر بىر

تىپىشمىزدە بۇ بىچارىلەر تۇغۇتلۇق ئايالدەك «ئې . . . ئې . . .» دەپ ۋايجانلىشىپ ئالدىغا دۇم چۈشۈشەتتى. ئون تىپىكمۇ ئاخىرلاشتى، ئۇلار ئېغىز-بۇرنىدىكى تاش-توپىنى سۈرتۈپ پادىشاھقا ئۈمىد بىلەن قاراشتى.

- ئەمدى ئېيتىشە بۇلاكچىلار! - دېدى پادىشاھ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، - بۇ قېتىم سۇ پۇلى يىغىشقانسەن؟

- شۇنداق يىغدۇق! - تەك جاۋاب بەردى ئالتىسى كۆتىنى سىلىشىپ.

- ھەر يىلى ئەزالارنى ئېرىق-ئۆستەڭ قازدۇرغىنىڭ راستما؟

- راست . . .

- كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەپ دەريا بېشىغا بىر ئاي مەجبۇرى ئەمگەككە ئاچىقىدىنىڭ راستما؟

- راست . . .

پادىشاھ تېخىمۇ ئالچاڭلىدى:

- ئېرىقتىكى سۇ ئاناڭنىڭمىدى؟

- ياق . . .

- ئەمىسە داداڭنىڭمىدى؟

- ياق . . .

ئەمىسە ئاناڭنى مۇنداق قىلغىلى بىزدىن سۇ پۇلى يىغامسەن؟ - ساۋۇت ساراڭ بۇ گەپنى دىگەچ غالتەكنىڭ تۆشىكىگە بىگىز بارمىقىنى تىقىپ تۇرۇپ بىرتىملەرنى ئىشارەت قىلدى.

تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئالتەيلەن تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ساۋۇت ساراڭنىڭ قولىدىكى چويۇن غالتەككە تىكىلىپ قاراپ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىما-ئىشارىتىنى چۈشۈنۈپ قىزىرىشقىنىچە بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى.

يەردە ئولتۇرغان دېھقانلار بۇ گەپتىن خۇشال بولۇپ ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلۈشۈشكە باشلىدى، ئاياللار بولسا بۇ ساراڭنىڭ ھاياسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يۆگىۋېلىپ پىخىلداشقا باشلىدى.

سوراق داۋاملاشتى:

- ئۇنداق بولسا بۇ قېتىم يىغقان سۇ پۇلىنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈشتىڭما؟

بۇ سوئالغا سېكرىتار جاۋاب بېرەلمەي يېنىدىكى يۈز-كۆزى توپىدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بوغالتىرغا قارىدى.

ـ ھە...ھە...ئۆتكۈزدۈم، تۈنۈگۈن ئۆتكۈزگەن! ـ دەپ ئالمان ـ تالمان جاۋاب بەردى بۇغالتىر كېكەچلەپ.

ـ قانچىلىك تىقىۋالدىڭ؟

ـ مەن...مەن...تىقىۋالمىدىم، ھەممىنى ئۆتكۈزدۈم...

پادىشاھ بۇ جاۋاپتىن دەرغەزەپكە كەلدى:

ـ جاللات!

ـ لەببەي شاھىم!

ـ ماۋۇ يۇندە پۇرۇشقا قىرىق دەۋرە!

بىز خاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يۇپۇرۇلۇپ كىلىپ بۇغالتىرنىڭ كۆتىگە تازا تېپىشكە باشلىدۇق، بىز تېپىپ ئون ئىككىگە بارغاندا بوغالتىر تېپىككە چىدىيالماي ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى:

ـ مەن ئىقرا قىلاي...مەن ئىقرا قىلاي...مەندە بۇۋاسىر باتتى...ئەمدى تەپمەڭلار!

ـ ئېيتە قىزىل كۆز! بۇ پۇلدىن زادى قانچىلىك زىغ ـ زىغ چىقاردىڭ؟

بۇغالتىر يەرنىڭ تىگىدىن سېكرىتارغا ئالىيىپ قارىدى، سېكرىتار بىر قولىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا ئەكىلىپ گېلىنى چىمدىپ سوزۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى«جېنىم بوغالتىر ئۇكام، ھەممىنى ئۇستۈڭگە ئالغىن، مەن ھامىنى ساڭا ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن، مەن سەندىن ئۆتىنەي، جۇگۇ...جۇگۇ...» دېگىنى ئىدى.

بوغالتىر بۇ قېتىم سېكرىتارغا رەھىم قىلىپ ھەممىنى ئۆز بوينىغا ئالدى :

ـ مەن...مەن ...سۇ پۇلنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئېلىپ قالغان...

دېھقانلار بۇنى ئاڭلاپ «مەرگەزنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىنلا توغرا ئىدى، ئۇلار ئولتۇرسا ـ قوپسا خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ھەممىنى قىلىدىغانلار مۇشۇ يەرلىك نائىنساپلار ئەمەسمۇ؟» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپ مەيداننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

پادىشاھ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

ـ ھەممىڭ ئاغزىڭنى يۇمۇش قەلەندەرلەر!

جامائەت خاننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قاينىۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك تىمتاس جىمىپ قالدى. خان سوراقنى كۈچەيتتى:

ـ تىققان پۇلۇڭ قەيەردە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- ئىشخانامدىكى تارتمامدا...
- ئىشخانىڭ مەككە مۇكەررەمدىما؟
- ياق...شۇ ...
- ئەمىسە ئاناڭنى ئالغىلى قاراپ تۇرامسەن، بېرىپ ئەكەلمەمسەن؟
پادىشاھ چويۇن غالتەكنى يەنە كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن سېكرېتار ئالاقزادە بولۇپ بوغالتىرغا ۋاقىرىدى:
-نېمە قاراپ تۇرىسەن، تىزىملىك بىلەن ئەكىلىپ ھەممىسىگە تارقىتىۋەتمەمسەن قاپاقباش!
بوغالتىر قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي تىقىۋالغان پۇلنى ئەزالارغا تىزىملىك بويىچە بۆلۈپ تارقىتىشقا باشلىدى.
بىز بۇلۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا قاراپ ھەيرانۇ-ھەس قالدۇق، «تووۋا خۇدايىم ماۋۇ ساراڭنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى! خۇدايىم بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەنا؟بۇ ساراڭ سېكرېتار بولۇپ قالغان بولسا كۆتىمىزگە شام قىستۇرۇپ ياندۇرىدىغان چېغى نىمانچە ئاچچىق بۇنىڭدىكى!»
شۇنداق قىلىپ پۇل تارقىتىلدى دېھقانلارنىڭ چىرايىغا باشقىدىن قىزىللىق چىقىپ كۈلكە يۈگۈردى. مۇشۇ تاپتا ساۋۇت ساراڭ بىز دېھقانلارنىڭ كۆزىگە ساراڭ ئەمەس ئەۋلىيادەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.
پادىشاھ يەنە زۇۋانغا كەلدى:
- سەن كەنتنىڭ بېشىمۇ؟
- شۇنداق پادىشاھى ئالەم! -دېدى سېكرېتار يېگى بىلەن پېشانىسىدىكى مۇنچاق-مونچاق تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.
- سەن خۇدانىمۇ ئالدىساڭ، خەلقنىمۇ ئالدىساڭ،پارتىيەنىمۇ ئالدىساڭ، دېگەن سەن زادى نېمە؟
- مەن...مەن...
- سەن دېگەن سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق، سېپى ئۆزىدىن بۇلاڭچى! دېگەنلىرىم توغرىما؟
ساۋۇت ساراڭ شۇنداق دەپ بولۇپ غالتەكنى قولىدا يورغىلىتىشقا باشلىدى، سېكرىتار غالتەكنىڭ سوغا چۈشۈپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ تىزلا جاۋاب بەردى:
- شۇنداق ئېيتقانلىرى توغرا!

- ئۇنداق بولسا سەن نېمە؟
- مەن...مەن مۇناپىق!
- يەنىچۇ؟
- مەن بۆلگۈچى!
- ئۆزەڭنى كاچاتلا ھەزىلەك!
سېكرېتار ئۆزىنى-ئۆزى كاچاتلاپ تۇرۇپ يىغلامسىراپ ئېيتتى:
- ئەمدى خوش بۆلاي غالتەكنى بەرگىن!
پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىمىز ئىچىمىزدە راسا خوش بولدۇق.
خان يەنە پەرمان چۈشۈردى:
- ھەممىڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇش!
بىز ھېچبىيىشقىنىمىزچە ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق.
- سەنلەرگە لازىمى مۇشۇ غالتەكقۇ؟
- شۇنداق!
- ئەمىسە مەن كىم؟
- پادىشاھ! پادىشاھ! پادىشاھ!
بىز بۇ قېتىم ئاۋازىمىزنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ چىن دىلىمىزدىن ۋارقىرىدۇق.
- ياخشى! ياخشى! - خان يەنە بىر قېتىم بىزدىن مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتقاچ ساقىلىنى سىيىلدى، - ئەمدى ھەممىڭ كۆزۈڭنى يۇمۇش!
بىز كۆزىمىزنى يۇمدۇق. مىنۇت ئۆتمەي خاننىڭ يىراقتىن ئاۋازى كەلدى:
-ئەمدى كۆزۈڭنى ئېچىش!
بىز كۆزىمىزنى ئاچتۇق.
ساۋۇت ساراڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ «مانا غالتەك!» دىگىنىچە چويۇن غالتەكنى كۆۋرۈكتىن بىز تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. بىز ھەممىمىز غالتەكنىڭ يورغىلاپ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆلە-تىرىلىشىمىزگە قارىماي غالتەك تەرەپكە يۈگۈردۇق. چويۇن غالتەك كۆۋرۈك ئۈستىدە تورۇقشىپ سەكرەپ ئۇدۇل بىز تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى.
غالتەكنىڭ تېپىلىشىغا ئىنتىزار بولۇپ كەتكەن بۇ بىچارىلەر ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرە توپىدەك يۈگۈرۈشۈپ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىشتى.
ھايىنى-ھۇيت دىگۈچە چويۇن غالتەك بىرىنچى بولۇپ سېكرېتارنىڭ قولىغا

چۈشتى، ئۇ خۇشاللىقىدىن غالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇررا تووۋلىدى، بۇنىڭدىن بىزمۇ خۇشال بولۇشۇپ كۆزلىرىمىزگە ياش ئېلىپ ھاياجاندىن بىر-بىرىمىزنى قۇچاقلاشتۇق، كۆۋرۈك ئۈستىدە سەكرىشىپ غەلبىدىن تەنتەنە قىلىشتۇق، لېكىن بۇ خۇشاللىقىمىز ئۇزۇنغا بارالمىدى.

ئەمەلىيەتتە كونىراپ لىغىلداپ قالغان بۇ ياغاچ كۆۋرۈك بۇنچە جىق ئادەمنى ئەسلا كۆتۈرەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ غەلبە خۇشاللىقىدىكى ئۆچكىدەك قالايمىقان سەكرەشلىرىمىز كۆۋرۈكنىڭ ئۆمرىنى تېخىمۇ قىسقارتقان ئىدى، تۇيۇقسىز «قاراس-قۇرۇس» قىلغان بىر ئاۋاز ئاسمان-زېمىننى بىر ئېلىپ قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى...

مۇشۇ تاپتا بۇ «غەلبە قوشۇنى» دىكىلەرنىڭ ھەممىمىز خالتىنىڭ تۈشۈكىدىن قۇيۇلۇپ كەتكەن پۇرچاقتەك كۆۋرۈكنىڭ شال-ياغاچلىرى بىلەن تەڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق...

* * * * * * *

بۇ غالتەك ۋەقەسىدە كۆۋرۈكنىڭ زېيىنىدىن باشقا بىرە ئادەم ئۆلۈپ-يارىلىنىدىغان ئىش بولمىدى لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى سېكرېتار ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى چويۇن غالتەكنى سۇنىڭ ئىچىدە يەنە يۈتتۈرۈپ قويدى.

بۇ ۋەقە يېزىلىق ئورگانغا يېتىپ بېرىپ كەنتە كومتېت ھويلىسىنى يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق-تاشلىق، ساقچى-پاقچى دېگەنلەر قاپلاپ كەتتى، ساۋۇت سارالڭ تۇتۇلۇپ تامدىكى شۇئارنى جىجىلىغانمۇ، غالتەكنى ئوغرىلىغانمۇ شۇ «پادىشاھ ساۋۇت» بولۇپ چىقتى.

لېكىن يېزىدىن كەلگەن كۆز ئەينەك مۇئاۋىن باشلىق «چوقۇم چويۇن غالتەكنى تېپىشىمىز كېرەك!» دەپ تۇرىۋېلىپ پۈتۈن ئەزالارنى ئۈچ كۈن ئۆستەڭدىكى سۇدىن غالتەك ئىزدەشكە سالدى. شۇنىڭ بىلەن كەنت تەۋەسىدىكى ساقىلى مەيدىسىگە چۈشىدىغان قېرىلاردىن باشلاپ ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان باللارغىچە ھەممىمىز مەيدىمىزگىچە سۇغا كىرىپ چويۇن غالتەكنى ئىزدەشكە باشلىدۇق، ئۇلۇغ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئەتىۋارلىق «گۆھەر» سايت چولاقنىڭ پۇتىغا ئورۇندى....

چويۇن غالتەك ئاخىرى بايراق خادىسىغا قادالدى، قۇياش كۆتۈرۈلۈپ جاھان قايتىدىن ئەسلىدىكى رەڭدارلىقىنى تاپتى بىزمۇ خۇدايىم بەرگەن بۇ بايراق خادىسى بىلەن خوشلاشتۇق، خالىنجاينىڭ تېمىدىكى شۇئارمۇ قايتا شوخلاندى، «ساراڭغا سوت يوق» دىگەندەك ساۋۇت ساراڭمۇ پاراۋانلىق ئورنىغا تىقىۋېتىلدى...

شۇنداق قىلىپ بىز بىچارىلەر يەنە ئېتىزغا مەھكۇم بولۇپ ئىشلىرىمىز بىلەن ئالدىراش بولدۇق، نەچچە كۈندىن كېيىن پاتىمخان بىلەن توي ئىشى توغرىلىق هويلامدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم ئىشىكتىن سايىت چولاق دىگەن خۇمپەر يەنە هاسىراپ كىرىپ كەلدى.

- يەنە پادىشاھنىڭ خەۋىرىنى قىلىپ كىرمىگەنسىلەر ئاداش؟ - دېدىم ئاچچىقىم بىلەن سۆھبىتىمىزنى بۇزۇپ كىرگەن سايىت چولاققا ئالىيىپ.

- ياق ...ياق ... سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى...-دېدى سايىت چولاق بىر ئاز قورۇنۇپ.

پاتىمخان ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىرە مۇھىم ئىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

- هە ئەمدى دەڭلا، ئەتىدىكى توي ئىشىڭلارنىڭ گېپىمۇ؟، - دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

- شۇنداق ، بۇ گەپنى باشقا بىرسىگە دېگىلى بولمىدى، سىلى ئەتە مىنىڭ يىگىت قولدىشىم ئەمەسمۇ ئاداش، سىلىگە دېسەم....

سايىت چولاق گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتماي جىم تۇرىۋالدى.

- دېمەمسىلەر ئاداش، زادى نېمە ئىشتى؟

- سىلىگە دېسەم ئاداش، قاراڭلار ماۋۇ پۇتۇمغا! ، -دېدى سايىت چولاق ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ، - كىندىكىمنىڭ ئاستىغىچە مانا مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى.

قارىسام سايىت چولاقنىڭ سونجىقىدىن باشلاپ تىزلىرىغىچە تېرىسى قومچاقنىڭ تېرىسىدەك هۆلدىلەپ چىقىپ كىتىپتۇ.

- ۋوي بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ سەن ياكى يىلان بولمساڭ تىرە تاشلايدىغان؟ - دەپ سورىدىم هەيران بولۇپ.

- مەنمۇ بىلەلمىدىم ئاداش، ئەتە تويۇم بۇلىدىغان تۇرسا، بېرىپ دوختۇرغا بىر كۆرۈنۈپ باقايلى دېگەن.

بىز ئالدىراش كەنتىدىكى يالاڭئاياغ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردۇق، دوختۇر ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ پىكرىنى بەردى:

- بۇ پەقەت سۇدا ئۇزاق تۇرغاننىڭ ئىشى، بەدىنىڭنى چوقۇم سۇغۇقلۇق ئېلىپ كەتكەن گەپ، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى تېۋىپتىن ئازراق ئىسسىقلىق دورا يەۋال بولمىسا ئەتە تويى ئاخشىمى خوتۇنۇڭنىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويىسەن!

بىز دوختۇر بىلەن بىر پەس چاقچاقلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قوشنا كەنتتىكى تېۋىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق.

تېۋىپ ئاخۇنۇم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ يۇت-پاچاقلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئوخشاش خۇلاسىنى چىقىرىپ «ئەتە تويى ئاخشىمى ھۇجرىغا كىرىشىنىڭ ئالدىدا بۇ كۇمىلاچ دورىدىن بىرنى ئىچىۋالساڭ بولدى!» دەپ خېلى جىق پۇلغا ئۈچ كۇمىلاچ دورا بەردى.

ئەتىسى تويىنى ئىنجىلىق ئۆتكۈزۈپ يىگىت قولداشلىق ۋەزىپەمنى جايىدا ئورۇندىدىم، ئاخشىمى ياتار چاغدا ئۇلارنى ھوجرىسىغا ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيۈمگە ياندىم.

كۈندۈزى بەكلا چارچاپ كېتىپتىكەنمەن بېشىمنى قويا-قويماي بىر چاغدا ئىشىكىمنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، تامبىلىمنى كىيىپ تالاغا چىقسام ئىشىك تۈۋىدە يېڭى كىلىن يەنى سايىت چولاقنىڭ بۈگۈن چۈشتە نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى پوتلا-مىشقىسىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ.

- نېمە بولدى بوغدايچىخان؟

- سايىت...ئۇ...ئۇ...

- ھە...سايىت...ۋاي نېمە بولدى، گەپ قىلىڭە؟

- تىز بولۇڭ، - دېدى بوغدايچىخان يىغىمنى تارتىپ، - ئۇنىڭغا بىر قاراڭ، ئاغىنىڭىز ئۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى...

مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئالدىراپ بۇ خوتۇننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ماڭدىم، سايىتنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

بىز ھاسىراپ-ھۆمىدەپ ئۆيگە كىردۇق، قارىسام سايىت چولاق ئانىسىدىن تۇغما ھالدا سۇپىدىكى يوتقان-كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئىككى پوتىنى ئاسمانغا تىكلەپ ئوڭدا ياتقان ھالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر...ئاللاھۇ ئەكبەر...» دەپ قالايمىقان

ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ ئاغزىمغا ئىسسىق سۇ كەلدى«بۇ خۇمپەر ئېلىشىپ قالدىمۇ-يا؟» ، مەن دەرھال بىر تال يوتقاننى ئۇنىڭ تۇرۇسقا تىكلەپ ياتقان پوتىغا ئارتىپ ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى يۆگەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- ۋوي سايىت بۇ نېمە ئىش؟

سايىت چولاق مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ«تەكبىر»دىن توختاپ پۇتۇمغا ئېسىلىپ قان-يامغۇر يىغلاشقا باشلىدى:

- ۋاي تـوختى...ماڭـا ئالۋاسـتى ئـاپىتىنى سـالدى...ماڭـا جىـن چاپلاشـتى ئاداش...مەن تۈگەشتىم...

ئـۇ شـۇنداق دەپ بولـۇپ يەنە «ئـاللاھۇ ئەكـبەر...ئـاللاھۇ ئەكـبەر...» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

-ئالۋاستى قانداق ئـاپىتىنى سـالدى سـاڭا؟ - دەپ سـورىدىم زادى نـېمە ئىـش بولغىنىنى بىلەلمەي.

- ۋاي ئاداش...باياتتىن بىـرى ئىككـى پۇتـۇم ئاسـمانغا تىكلىنىـپ مۇشـۇنداق بولۇپ قالدىم، پۇتۇمنى چۈشـۈرەي دېسـەممۇ چۈشـمەيۋاتىدۇ، مەن ئەمـدى قانـداق قىلاي؟

ئاڭغىچە سايىت چولاقنىڭ خوتۇنى ھۆركىرەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى:

- توختى ماۋۇ ئاغىنىڭىزنى بىر نېمە قىلىڭ، ئۇ ياتار-ياتماي پوتىنى ئاسمانغا تىكلەپ مۇشۇنداق تۇرىۋالدى، مەن ...مەن...

- ۋاي ئەنسـىرىمەڭ، ئـۇنى ھـازىرلا دوختۇرغـا ئـاپىرايلى، قېنـى تـامبىلىنى كېيگۈزۈڭ!

- مەن...مەن ...خىجىل بولىمەن، ئۆزىڭىز كېيگۈزۈڭ...

بودايچىخان بىـر قولـىدا سايىتنىڭ تـامبىلىنى ماڭـا تەڭـلەپ يەنە بىـر قولـىدا كۆزىنى يۆگىۋالغان ئىدى. بۇ بوغدايچىخاننىڭ قىز تويى بولغاچقا مەن بـونى تـوغرا چۈشىنىپ ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن تامبالنى يۇلۇپ ئالـدىم« تـوۋۋا خـۇدايىم نېمە بالاغا قالدىم، يا مەن بۇ چولاقنىڭ تاپقان دادىسى بولمىسام، ئەمدە قوپۇپ بۇ راھەندىنىڭ كۆتىنى سىلاپ يۈرەرمەنمۇ؟»

شـۇنداق تەسـلىك بىـلەن تامبـالنى كېيگـۈزۈپ چىقـتىم، ئەڭ قـىيىن بـولغىنى سـايىت چـولاقنى ھويلـىدىكى ئېشـەك ھارۋىسـىغا بېسـىش بولـدى. بـۇ چولاقنـىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىكلىنىپ قالغان ئىككى پوتىنى بوغدايچىخان بىلەن ئىككىمىز بېسىپمۇ چۇشۇرەلمىدۇق، ئىككى پۇتىنى باسساق كاللىسى تەرەپ قوپۇۋالاتتى، كاللىسى تەرەپنى باسساق ئىككى پۇتى يەنە ئاسمانغا قارىۋالاتتى...

بۇنداق ئۈچ بۇرجەك بولۇپ قالغان ئادەمنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشمۇ بىر تەس ئىشكەن، خوتۇنى ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈردى، مەن ئۇنىڭ بىلىنى كۆتۈردۇم، شۇنداق قىلىپ ئۇنى مىڭ بىر بالادا ھويلىغا ئاچىقىپ ھارۋىغا باستۇق. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ھارۋىدىمۇ ئاسمانغا تىكلىنىپ تۇراتتى، بىز ناھايىتى ئالدىراش دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

دوختۇر بىر كۆرۈپلا مىنى يانغا تارتىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى قولىقىمغا دەپ بەردى:

- ئاغىنىڭىز ئۇ، تىۋىپنىڭ دورىسىدىن زەھەرلىنىپتۇ ئەمەسمۇ؟

- قانداق دەيسىز دوختۇر؟

- ئۇنىڭ يېگەن دورىسىغا ئەسلىدە كۈچۈلا ئارلاشتۇرىلىدۇ، ئەشۇ كۈچىلا دېگەن نەرسە مىقداردىن ئېشىپ كەتسە ياكى خام ھالەتتە بولۇپ قالسا، پۇتنىڭ پەيلىرىنى ئەشۇنداق تارتىشتۇرۇپ ئادەمنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، بۇنداق ئىشلار ئالدىمىزدىن جىق ئۆتكەن ئۇكام!

مەن دوختۇرنىڭ گېپىدىن ھەممىنى چۈشەندىم، چۈنكى بىز تۆنۈگۈنلا تىۋىپتىن ھېلىقىدەك ئىسسىقلىق دورىسىدىن ئۈچ كۈمىلاچنى ئالغان ئىدۇق.

مەن ئاستا بېرىپ كارۋاتتا ئاسما ئوكۇل سېلىنىۋاتقان سايىت چولاقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

- دورىدىن قانچىنى يېگەن ئاداش؟

- ئۈچ كۈندىن بىرى چويۇن غالتەك خاپىلىقىدا سۇدىن چىقماي يۈرگەچكە ئاچچىغىمدا كۈنىگە بىردىن ھىساپلاپ ئۈچ تالنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئىچىپتىكەنمەن ئاداش.

سايىت چولاق بۇ گەپنى دەپ بولۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۆرلىدى:

- ھەي پەسەندى چولاق! ھەي پەسەندى چولاق! ساڭا ئىسسىغلىق دورىسى ئەمەس كۆتۈڭگە خالتا كېيگۈزۈپ قويۇپ سۈرگە دورىسى بىرىدىغان ئىمىكەنسەن!

1996 ـ يىلى (قاراقاش)

# توختى پوكان ۋە ئون ئىككى يىپ

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پاتمىخانىنىڭ كونا گال ئاغرىقى قوزغىلىۋېلىپ يېزىلىق شىپاخانىغا چىقىپ يېتىپ قالدى، بۇ بىر ھىساپتا ئىككىمىزنىڭ كۆرۈشىشكە قولايلىق پۇرسەت ئىدى، شۇڭا يېنىمدىكى بار-يوق ئىككى تال تەڭگىگە يېرىم جىڭ ناۋات سېتىۋېلىپ پوتامغا تۈگدىم-دە ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈردۈم.

يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان رۇسچە كېسەلخانا بىناسى پاتمىخان سەۋەبلىك كۆزۈمگە باشقىچە ئىللىق كۆرۈنۈۋاتاتتى، دوختۇرخانا پۇراپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ كارىدوردا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ دوختۇرلار تۇرىدىغان بىر ئېتىز ئۆينى تەسلىكتە تاپتىم.

- يولداش، پاتمىخان قايسى ئۆيدە؟

يېزىق ئۈستىلىدە بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقان ئاق خالاتلىق قىزچاق بۇرنىنىڭ ئۇچىغا كىلىپ قالغان كۆز ئەينىكىنى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

- شو شا؟

- پاتمىخانىنى دەيمەن.

- شو شا؟

- شو شا ئەمەس، پاتمىخان، پاتمىخان! - دىدىم گاچىغا چۈشەندۈرگەندەك قولۇمدا ئىما-ئىشارەت قىلىپ.

قىزچاق سىرىكچىنىڭ گاچىسىدەك يەنىلا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. مەن ئون سەككىزلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كىچىك قىزچاقنىڭ بۇنچە بالدۇر قولاق قېتىش بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنەلمەي ئۈنلۈكرەك قىلىپ قايتا سورىدىم:

- يەتتىنچى رايوندىن كەلگەن پاتمىخانىنى دەيمەن، پاتمىخانىنى؟

- شو شا .....

- نېمىنداق شوشا، شو شا دەۋرىدۇ ماۋۇ ساراڭ ئادەمنى جىلە قىلىپ! -دېدىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ.

شۇ چاغدا بوتۇلكا كۆتۈرۈۋالغان ياشتا چوڭ بىر سېستىرا ئايال مىنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازىمدىن چۆچۈپ دەرھال بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

- بۇ بىزنىڭ يېڭىدىن كەلگەن سېستىرالار باشلىقىمىز، ئۇ بىزنىڭ زۇۋانىمىزنى تېخى بىلىپ بولالمىدى، دەڭا نېمە ئىشتى ئۇكام؟

- يەتتىنچى رايوندىن كەلگەن پاتمىخاننى ئىزدەيتتىم!، -دېدىم بۇ ئىككىسىگە قاپىقىمنى تۈرۈپ ئاچچىق بىلەن.

- ھە ھاجىمنىڭ قىزى پاتمىخانىمۇ؟ ئۇ ئۇن ئىككىنچى ئۆيدە!

مەن ئۇن ئىككىنچى ئۆينى ئىزدەپ ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى نومۇرلارغا سەپ سېلىپ كارىدورنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدىم، دەل ئۇن ئىككىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە ئۆينىڭ ئىچىدىن قاتتىق يىغا-زار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە مارىلاپ قارىدىم.

ئۇدۇلدىكى دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان كارىۋاتنىڭ ئۆپ-چۆرىسىدە بىر مۇنچە ئادەملەر ياقا-كۆينەكلىرىنى يىرتىشىپ قاتتىق ھۆركىرەپ يىغلاپ ھازا تارتىشىۋاتاتتى، قارىسام پاتمىخاننىڭ دادىسى بىرسىنىڭ ئىڭىكىنى تېڭىۋاتقىلى تۇرۇپتۇ، يۈرۈكۈم قارتتىدە قىلىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىششقا باشلىدى.«پاتمىخان ئۇ...ئۇ...» تېنىمنى تىترەك باستى، نەپسىم قوۋۇزۇمغا تىقىلىپ ئىشىكنى دەھشەتلىك ئاچتىم:

- پاتمىخان!...جېنىم پاتمىخان!

يۈگۈرگىنىمچە ئۆزەمنى كارۋاتىكى پاتمىخاننىڭ مېيىتى ئۈستىگە ئاتتىم، شۇ چاغدا بىرسى يېڭىمنى كۈچلۈك تارتتى، مەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ تېخىمۇ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدىم:

-جېنىم پاتمىخان!... كۆزى ئۈچۈق كەتكەن پاتمىخان!...

ھېلىقى كۈچلۈك قول مىنى مېيىتنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ يانغا تارتتى، مىنى بولغۇسى ئايالىمنىڭ مېيىتى بىلەن ئارامخۇدا ۋىدالىششقا يول قويمىغان بۇ زالىم قول ئىگىسىنىڭ گېلىنى ئاچچىقىمدا تازا بىر سىقماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپلا ئۇنىڭ بوينىنى «كاپپىدە» ئالدىم، كۈچلۈك بارماقلىرىمنىڭ ئامبۇردەك سىقىشى ئاستىدا

پاتمخاننىڭ دادىسى بولغان ھاجىم كۆزىنى پولتايتقىنىچە ياندىكى كارۋاتنى ئىشارەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ، بۇ كىشىنىڭ ھاجىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قۇلۇمنى تۇتۇپ سوقۇۋەتكەندەك بولدى-دە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ «دادا...» دېگىنىمچە ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدىم، ھاجىم قۇلىقىمغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، قارىسام پاتمخان ئىشىكنىڭ كەينىدىكى كارۋاتتا يا كۈلەلمەي يا يىغلىيالماي ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىمىدىكى كارۋاتتا زاڭىقى تېڭىلىپ ياتقىنى بولسا يەتمىشلەردىن ھالقىغان بىر مومايىنىڭ مېيتى ئىكەن. ئۆزەمنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۆلگۈدەك خىجىل بولۇپ پوتلا-مىشقامنى سۈرتكىنىمچە پاتمخاننىڭ يېنىغا بېرىپ پۈتامىدىكى ناۋاتنى ئۇنىڭغا سۇندۇم.

- ئۇ مومايغا نېمە بولۇپتىكەن؟، - كۈسۈرلاپ سورىدىم پاتمخاننىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاپ بېرىپ ئۆزەمنىڭ يۈرىكىگە بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەچ.

- بايىلا تېخى ياخشى ئىدى، پەللىكىگە بىر تال ئوكۇل ئۇرۇش بىلەن نەپەستىن قالدىغۇ-تاڭ؟!

- قانداق ئوكۇل سالغان بولغىيتتى؟

- ۋاي تاڭ، دوختۇر-سېستىرالار بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىشىپ كەتتىغۇ ئىشقىلىپ.

- ئوكۇلنى خاتا سالغان گەپ بۇ خەق!

- مىنىڭچىمۇ شۇنداق، ئۆزى مېڭىپ كىرگەن موماي ئىدى بولمىسا...

مەن ناۋاتتىن كىچىك بىر پارچىنى ئېلىپ مېيتىنىڭ يېنىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھاجىمغا كۆرسەتمەي پاتمخاننىڭ ئاغزىغا ئاستا سېلىپ قويدۇم، پاتمخانمۇ يىغلامسىراشتىن توختاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر پارچىنى ماڭا سۇندى، مەن ئۇنىڭ قولىدىكىنى ئالغىلى ئۇنىماي ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى ناۋاتنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇۋالدىم، پاتمخان ھەقىقەتەن زېرەك ھەم نازاكەتلىك قىز ئىدى، ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىپ ئېغىزىدا شۈمۈۋاتقان ناۋاتنى ئۇستىلىق بىلەن ئالقىنىغا ئېلىپ ماڭا يۇشۇرۇنچە سۇندى، مەن ھىجايغىنىمچە ئۇنى كاپپىدە ئېغىزىمغا سالدىم.

پاتمخان ئېغىزىمدىكى ناۋاتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تاتلىقلىقىنى بىلۋالدى بولغاي، مىنىڭ ئېغىزىمغا تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدى، مەنمۇ ئۇنىچە دۆتلەردىن بولمىغاچقا دەرھال ئېغىزىمدىكى ناۋات پارچىسىنى ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئالقىنىغا تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەردىم، ئۇ بۇ قېتىم بىر جۈپ ئوتلۇق قوي كۆزىنى يۇمغىنىچە ئالقىنىدىكى ناۋاتنى ئېغىزىغا سېلىپ باشقىچە ھۇزۇر بىلەن شۈمۈشكە باشلىدى...

«مانا بۇ بىر پارچە تاتلىق ناۋات ـ ئۇلۇغ خۇدانىڭ بىز نامراتلارغا بەرگەن سانسىز مۇكاپاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاددى بىر كىچىك مۇكاپاتى ئىدى، مۇشۇ تاپتا بۇ بىر پارچە ناۋاتنىڭ نەقەدەر شىرىن ـ تاتلىقلىقىنى پەقەت ۋە پەقەت مەن بىلەتتىم... رەھمەت ساڭا ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ!...بارلىق ھەمدۇسانا بىز غېرىبلارغا مۇشۇ تاتلىق ناۋاتنى بەرگەن سەن ئاللاھىمغا بولسۇن!»

ـ توختەڭ، ـ دېدى پاتىمخان ئاۋازىنى پەسلەپ، ـ كەچتە كەلگىن، ھازىر دادام بار...

مەن ئۇنىڭ شەرمى ـ ھايالىق قىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم، شۇڭا ئۇنى تەڭلىكتە قويۇشنى خالىماي ھاجىمغا خوشمۇ دېمەستىن كېسەلخانىدىن ئايرىلدىم.

ناماز شامدىن كېيىن پاتىمخانىنىڭ ياتىقىغا پەيدا بولدۇم، ئۇ ياتاقتا يالغۇز قالغان ئىكەن. بىز خۇشاللىقتا يەر يۈزىنىڭ جىمى گەپلىرىنى قىلىشىپ چىقتۇق:

ـ مەن ئۇلارنىڭ مومايغا نېمە سالغانلىقىنى بىلىۋالدىم، ـ دېدى پاتىمخان ئاۋازىنى پەسلەپ، ـ ئۇلار ئوكۇلنى خاتا سالماپتۇ، لېكىن...

ـ نېمىكەن ئۇ سالغىنى؟

ـ پېنىسلىن دەمدۇ ياكى ئاسپىرىن دەمدۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئوكۇلنى سېلىشتىن بۇرۇن رېئاكسىيە قىلامدۇ ـ قىلمامدۇ دەپ ئالدىن سىناق قىلىدىكەن، لېكىن دوختۇرلار بۇ ئوكۇلنى مومايغا سىناق قىلمايلا ئۇرغان ئوخشايدۇ...

ـ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟

ـ ئۇلار ئوكۇل ئۇرغان سېستىرانى تەنقىدلىگىلى تۇرۇۋېتىكەن، قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

بىز شۇ پاراڭلاشقانچە كېچىنىڭ يېرىم بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماپتىمىز، مەن گەرچە پاتىمخان بىلەن پات ئارىدا توي قىلماقچى بولغان بولساممۇ لېكىن ئەخلاق يۈزىسىدىن بۇنداق كېچىدە ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قالسام بولمايتتى، شۇڭا كەچكە قالساممۇ قايتماقچى بولدۇم.

ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇۋشۇمغا ئىشىك ئېچىلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر تۆمۈر غالتەكلىك دورا ـ ئوكۇل تىزىلغان كېچىك ھارۋا توختىدى، ئىككىمىز رەسمىي ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولمىساقمۇ لېكىن بەكلا ئىجىل ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىدۇق، بۇ چاغدا

مەن پاتمىخاننىڭ پۈتىنىڭ قادىقىنى ساقال تېغى بىلەن قىرىۋاتاتتىم، پاتمىخان بولسا خېنە ياققان ئوماق پۈتلىرىنى ماڭا سۇنۇپ ئەركىلەپ يېتىۋاتاتتى...

ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن كارىۋاتتىن بۇنداقلا سەكرەپ چۈشسەم باشقىلار چوقۇم خاتا چۈشىنىپ قالاتتى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان چېغىمدا پاتمىخان چاققان كىلىپ مىنى يوتقان بىلەن ئوراپ قويدى. مەنمۇ يوتقانغا چىڭ چۈمكىنىپ يېتىۋالدىم.

بىر چاغدا سېسترا ئۈستۈمدىكى يوتقاننى ئۆرۈپ تامبىلىمنى پەسكە تارتقاندەك قىلىپ پەللىكىمگە مۇزدەك بىرنىمىنى سۈۋىدى ئارقىدىنلا يىڭنىدەك بىرنىمىنى كۆچەپ سانچىدى، مەن غىڭ قىلالماي لىۋىمنى چىشلەپ ياتتىم، ئۇنىڭ پەللىكىمگە نېمە ماگدۇرغانلىقىنى بىلەلمىدىم ئىشقىلىپ پەللىكىم قىزىل مۇچنى قايىنتىپ سۈيىنى ماگدۇرغاندەك ئاغرىق ئازابىدىن ھېچنىمىنى سەزمەيۋاتاتتى...

ناھايىتى ئىنىقكى بۇ كالۋا سېسترا پاتمىخاننىڭ پەللەك ئوكۇلىنى ماڭا ئۇرۇپ قۇيغان ئىدى، ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىمنى يوتقاندىن چىقىرىپ پاتمىخانغا قارىدىم، پاتمىخان ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلگىلى تۇرۇپتۇ...تۇيۇقسىز يادىمغا ھېلىقى موماينىڭ جەستى كىلىپ قالدى، تېنىم شۈركىنىپ دەرھال پاتمىخاندىن سورىدىم:

ـ پاتمىخان، ئۇلار ماڭا نېمە ئوكۇل ئۇرغاندۇ؟

مەن شۇنداق دەپ بولۇپ دېرىزە ئاستىدىكى ھېلىقى موماي ياتقان قۇرۇق كارۋاتقا قاراپ سالدىم، پاتمىخان كۈلگۈمنى چۈشۈنۈپ دەرھال كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يالاڭئاياغ پېتى سېسترانىڭ كەينىدىن قوغلىدى:

ـ ھەدە بايام ماڭا ئۇرغىنىڭىز نېمە ئوكۇلتى؟

ـ پېنىسلىنغۇ شۇ!

پاتمىخان بۇ جاۋابتىن بىر ئاز جىددىلىشىپ ياتاققا يۈگرەپ كىرىپ مىنىڭ پېشانەمنى تۇتۇپ باقتى ئاندىن تەمترەپ ئېيتتى:

ـ پېنىسلىن دەيدىغۇ توختەك!

ـ نېمە؟ ھېلىقى موماينى ئۆلتۈرگەن ئوكۇلما؟

كاللامدىن قوقاس قۇيغاندەك بولۇپ كەتتى.

«ئاھ خۇدا، ئەمدى مىنىڭمۇ زاڭىقمنى تاڭىدىكەندە؟»

كۆز چانىقىم ياشقا تولۇپ بۇتتەك قېتىپ قالدىم،پاتمىخان بوينۇمغا ئېسىلىپ

يىغلاشقا باشلىدى. ھېلى ئۇلەرمە ـ ھېلى ئۇلەرمە، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ يىغلاپ كۆز يېشىمىز قۇرىدى لېكىن جېنىم پات چىقىدىغاندەك ئەمەس، شۇنداق قىلىپ تاڭمۇ يورىدى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۆلۈپ قالمىغان ئوخشايمەن ، يەرگە چۈشۈپ مېڭىپ كۆرىۋېدىم ھەركىتىم نورمال شۇ خۇشاللىقتا پاتمىخان بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىگە قايتتىم.

كېچىسى پاتمىخان بىلەن ۋىدالىشىش كۆز يېشى قىلىشىپ يۇرۇپ تۈزۈك ئۇخلىمىغان بولغاچقا سۇپىغا ئۆزەمنى تاشلاپ قاتتىق ئۇيقىغا كىتىپتىمەن، بىر چاغدا بىرسىنىڭ نۇقۇشىدىن ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام كەنتە سېكرېتارى بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ.

ـ تورە پوكان ئورنىڭدىن ئەمدى تاڭ ئاتتى!

ـ نېمە گەپ ئاكا؟ ـ دېدىم كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇش خوش ياقمىغان ھالدا.

ـ تېز بول، ساڭا بىر ۋەلسىپىت ئەكەلدىم.

«ۋەلسىپىت» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم:

ـ بۇ نېمە گەپ سېكرېتار؟

ـ خەلق ئىشلار ئىشخانىسىدىن ئالاھىدە نامراتلارغا دەپ بىر سان بىرىپتىكەن ساڭا بەردۇق ئۇكام، قانداق بولماپتىما؟

ـ ۋەلسىپىت قېنى؟، ـ دېدىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنەلمەي.

ـ ئەنە ھويلاڭدا ئۇكام، ـ دېدى سېكرېتار ئالدىمدا يول باشلاپ ھويلىغا چىقىپ.

دېگەنىدەك ھويلىدا ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ«ئۇچار كەپتەر»ماركىلىق ۋەلسىپىتتىن بىرسى ئەتتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. مەن خۇشلۇقتا بېرىپ ۋەلسىپىتنىڭ چاقىسىنى چۆرگىلىتىپ، ئۇيەر ـ بۇ يىرىنى سىلاشقا باشلىدىم.

ـ قانداق ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ ـ دېدى سېكرېتار بۇرۇتىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

ـ شۇنداق ئىشەندىم... ئىشەندىم ئاكا! ـ دېدىم ئۇنىڭ ھېيلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىرە ئىشنى پەملەپ.

ـ مۇنداق گەپ ئۇكام، ـ دېدى سېكرېتار ئەسلى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، ـ ئاۋۇ ئات ھارۋىسىدا ئۈچ قوينىڭ گۆشى بار ئىدى، سەن ئېغىر كۆرمەي بۇلارنى ئىككى يەرگە...

مەن ۋەلسىپىتنىڭ خۇشلىقىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ قىلغان گېپىگە دەرھال ماقۇل بولدۇم:

- چاتاق يوق، دەل جايىغا يەتكۈزىمەن!

- ھېچ كىشىگە تىنمىغىن چۈشەندىڭمۇ؟

- ۋاي خاتىرجەم بوله ئاكا!

مەن شۇنداق قىلىپ ئۆينىڭ ئالدىغا باغلاپ قويۇلغان ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ يېزا تەرەپكە قاراپ خۇشال يۈرۈپ كەتتىم، كۆن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە ئىككى قوينىڭ گۆشىنى بەرمەكچى بولغان تۇنجى مەنزىلگە يېتىپ باردىم، ئۆينىڭ ئالدىدا بىر لاتا پىكاپ تۇراتتى، مەن مەخپىيەتلىكنى كۆزدە تۇتۇپ پىكاپ شوپۇرىغىمۇ قارىماستىن ئۇدۇل ئىشىكنى چېكىشكە باشلىدىم، ئىشىك ئېچىلمىدى...يەنە چەكتىم...

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆينىڭ ئىچىدىن بويى پاكار ھەم ۋىجىك بىرسى چىقىپ كەلدى، مەن ئۇنىڭ كىيگەن كاستۇم-بۇرۇلكىسىغا ۋە تاقىۋالغان كۆز ئەينىكىگە قاراپ مەقسەتتىكى ئادەمنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ئالدىراپ ئىككى قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ سالام قىلدىم:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!...

بۇ «يەر پاپىسى-قۇناق مەدىكى» قارىغۇ ھەم گاس بولسا كېرەك، ماڭا سالام قايتۇرۇش تۈگۈل چىرايىغا قاراپمۇ قويمىدى. مەن ئىچىمدە ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك قىلىپ پىكاپقا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بىر نېمىگە يەنە خۇشامەت قىلدىم:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!...

بۇ قېتىم ئاۋازىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلدىمۇ-تاڭ، ئۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ قەدىمىنى توختاتتى-دە ئاسمانغا قاراپ ئىچىدە بىرنىمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىپ كۈلگىنىچە ماشىنىغا چىقىپ يەنە توختىماي ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىشقا باشلىدى.

«خۇدايا توۋۋا، ساراڭمۇ نېمە بۇ؟»

دەل مۇشۇ چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق شوپۇر ئۇستام ماشىنىدىن چۈشۈپ مىنى يانغا تارتىپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

- ئۇكام، بىزنىڭ بۇ كىشىمىز ئەسلىدە تالانتلىق بىر شائىر ئىكەن، ئۇ ھەر

كۆنى مۇشۇنداق شېئىر يازىدۇ، ئۇنىڭ ئىلھامى كەلگەندە ئۇ ھېچكىمنى تونىمايدۇ، سەن ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ خان ئاچىمىزغا بەرسەڭ بولىدۇ.

مەن «تووۋا» دېگىنىمچە ياقامنى چىشلەپ ئات ھارۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تازا بىر تىنىۋالدىم، لاتا يىكاپ تويا توزۇتوپ كېتىپ قالدى.

ئايرىم-ئايرىم داستىخان بىلەن ئورالغان ئىككى دانە قوي گۆشىنى نۆۋەت بىلەن مىڭ بىر جاپادا كۆتۈرۈپ ھويلا تېمىغا يۆلەپ قويۇپ ئايال خوجايىننى چاقىردىم:

- ئادەم بارمۇ؟

جاۋاب يوق.

- ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟

يەنە جاۋاب يوق.

- خان ئاچا!

- ھە نېمە گەپ؟

بۇ قېتىم ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر ئايالنىڭ ناھايىتى بوم ھەم بوغۇق بىر ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى.

- بۇلارنى نەگە قويىمەن؟

ھايال ئۆتمەي ئىشىكنىڭ مارجاندىن ياسالغان مىلەگزىسى ئاستىدا قىزىل سۆرىمە كەش كېيگەن ناھايىتى يوغان بىر جۈپ پۇت پەيدا بولدى. كېيىن مىلەگزە قايرىلىپ قىزىل شايىدىن ئىچى كىيىم كېيگەن يۇملاق رەزىنكە توپقا ئوخشايدىغان چاچلىرى پاخپايغان، ناھايىتىمۇ سېمىز، ناھايىتىمۇ گەۋدىلىك بىر ئايال ئۆردەكتەك ئىككى يانغا ئىغاڭلاپ چىقىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بىر تال بىلىكىنىڭ تومۇلۇقى گەپ يوق مىنىڭ بىلىمدەك بولۇپ، ئۇستى كالپۇكى ئاسماندا ئاستى كالپۇكى يەردە تۇراتتى، مەن ئىچىمدە « يا رەببى! نىمانچە زور ئايال بۇ؟ ئادەممۇ ياكى دىۋىمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئايال خوجايىن ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچالماستىن دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ تازا بىر ئەسنىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى:

- ئاۋۇ ئۇستەلدە قويۇپ قوي!

مەن ھويلىدىكى يوغان ئۇستەلگە داستىخان بىلەن ئورالغان گۆشلەرنى ئېلىپ قويۇپ بۇيرۇق بويىچە ئايال خوجايىنغا بۇ گۆشنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى

ئېيتتىم.

ئايال خوٚجايىن خوشىياقمىغان هالدا ئىششىپ كەتكەن كوٚزلىرىنى قىڭغىر ئېچىپ گېپىمنى بوٚلدى:

- هە بولدى، ساۋاتىڭ بارمۇ؟

- بار خان ئاچا! -دېدىم ئۇنىڭغا يوٚلىنىپ تۇرۇپ.

- ئەمىسە بۇياققا كەل!

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىچكىرىدىكى بىر ئوٚيگە كىردىم، ئۇ خوتۇن ئالدىمغا پۈرلىشىپ كەتكەن بىر كونا دەپتەرنى سۇنۇپ تارتمىدىن قەلەمنى سۇنغاچ ماڭا بۇيرۇق قىلدى:

- بۇ يەرگە يېزىپ قوي!

«ئاله شەھىرىگىنى، تىزىملاپ ئېلىشقىلى تۇرۇشۇپسەن-دە!»

ئايال خوجايىننىڭ ئېغىزىدىن گۈپۈلدەپ هاراقنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتاتتى، بۇ خوتۇننىڭ ئالدىمغا بەدىنىنى يېرىم يالىڭاچ قىلىپ چىققىنىدىن قارىغاندا ئاخشامقى مەستلىكىدىن تېخى تەلتوٚكوٚس يېشىلمىگەندەك قىلاتتى.

مەن تىزىملاشنى توٚگىتىپ قايتىشقا تەمشىلىۋاتاتتىم، ئايال خوٚجايىن تۇيۇقسىز سەت كوٚلگىنىچە گەپ تىنىپ قالدى:

- ئوٚيدە خوتۇنۇڭ بارمۇ؟

مەن كوٚڭلۈمدە بۇ پارىخور ئاز-تولا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ئاياللىغا ئالغاچ كەت» دەپ ئۇشۇق-توٚشۇك ياغلىقتەك بىر نېملىرىدىن بىرەنى ماڭا بېرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ تاما قىلىپ دەرهاللا جاۋاب قىلدىم:

- خوتۇنۇم بار خان ئاچا...

- هە شۇنداقمۇ؟ -دېدى ئايال خوٚجايىن يېنىمغا دىۋەيلەپ كېلىپ هىجايغىنىچە، - قارىسام توي قىلمىغان يىگىتنىڭ ئوٚزىكەنسەن، شاشمۇ سەن؟

« ئۇنىڭ شاشمۇ سەن دېگىنى نېمە گەپتۇ ئەمدى، مەھەللىمىزدىكى چاپقۇر ئاتلارنىغۇ شاش ئات دەيتتۇق، يا بۇ خوتۇن مىنى ئات كوٚرۇپ قالدىمۇ نېمە؟»

بۇ خوتۇننىڭ هاياسىزلىق بىلەن ماڭا يېقىنلىشىشىدىن تىنىم شۈركىنىپ پۈت-قولۇم سىيقىراشقا باشلىدى.

- مەن...مەن...

هاينى-هۇيت دىگۈچە بۇ خوتۇن مىنىڭ ياقامدىن تۇتۇپ بېشىمنى تامغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داقىدى ـ دە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سەت كۈلدى:

ـ كىلە ئوغرى، پەيزى قىلىمىز!

ـ ئاچا...مەن...مەن...

ـ ئاچا ـ پاچاڭنى قوي، ماڭە بۇياققا!

ئىككى پۈتۈم پەقەت مىدىرلىمايۋاتاتتى، خانا ئاچام مىنىڭ ياقامدىن سۆرىگىنىچە ياتاق ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى، مەن خۇددى كونا چاپاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن سۆرىلىپ ماڭدىم...

ـ ئاچا......ئېرىڭىز ئۇ...

ـ قوي ئۇ ھەزىلەكنىڭ گېپىنى، خورازچىلىك ئۇسۇرۇشنىمۇ بىلمەيدۇ ـ ئۇ نېمە!

ـ مەن...مەن...

كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ مەست خوتۇن كىلەنگكىدەك يوغان ئېغىزىنى كاپپىدە ئېچىپ ئېغىز ـ بۇرنۇم ھەم ژاڭىقىم بولۇپ يۈزۈمنىڭ يېرىمىنى ئېغىزىغا ئېلىپ بولدى...

مۇشۇ تاپتا نەپەس ئالىدىغان ئېغىز ـ بۇرنۇم ئۇنىڭ غىچ ھاراق پۇراپ تۇرىدىغان ئېغىزىنىڭ ئىچىدە قالغاچقا ماڭا ھاۋا يېتىشمەيۋاتاتتى...

ئىچىمدە «ئاھ خۇدا!... بۇنداق سېسىقچىلىقتا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىچە ئاخشامقى ئوكۇلدا ئۆلسەممۇ بولۇۋېتىكەن، بۇ خوتۇن ئەمدى مىنى يالماپ يۇتىۋېتىشقا ئوخشايدۇ... » دېگەننى ئويلاپ بېشىمنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇندۇم، لېكىن بۇ خوتۇن مىنى قويىۋېتىشقانىدەك ئەمەس...

بىر چاغدا ئېغىزىمغا بوغما يىلاندەك بىر نېمە كىرىپ كىتىۋاتىدۇ...كاللامدىن تۈتۈن چىقتى...دىققىتىمنى يىغسام بۇ ئۇنىڭ تىلىكەن...

بۇ خوتۇن ئۈچ ۋاقلىقىغا كالىنىڭ تىلىنى پۇشۇرۇپ يەمدىكىن، ئۇنىڭ زور تىلى خۇددى خارەت ئۇستامىنىڭ يۆگىمە لاتا مېتىرىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىۋەردى...ھېلى توختا...ھېلى توختا...ئاھ خۇدا!...ئۆزەمنىڭ تىلىنى قويغىلى يەر تاپالمايۋاتسام بۇ خوتۇننىڭ ئۈتۈككە ئوخشايدىغان سىمىز تىلى ئەقىل تىلىمدىن ئۆتۈپ دەل پوكىنامغا كىلىپ توختىماسمۇ...

تىنىقىم بارغانسىرى قىيىنلىشىپ نەپەسىم توختاپ قالاي دېدى... بېشىم چىڭقىلىپ پۇت ـ قولۇم تىترەشكە باشلىدى...

مەن پەقەت نەپەس ئالالمىدىم، ئـاخىرى بۇنـداق ئۆلـۈپ كەتكـۈچە بېشـىمغا كەلگەننى كۆرەي دەپ بار كۈچۈم بىلەن ۋاقىرىدىم:

- خو خۇلاي... خېخىم خاخا...خو خۇلاي!...

مەن ئەسلىدە «خوش بولاي، جېنىم ئاچـا، خـوش بـۇلاي، مىنـى قويـۋەت!» دەپ ۋارقىرىماقچى ئىدىم، لېكىن مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ تىلى ئەقىل تىلىمنى قايرىپ بوغۇزۇمغا كىلىپ تۇرىۋالغاچقا ئـاۋازىمىمۇ تـۇزۇك چىقمايۋاتـاتتى...قـانچە يۇلقۇنـۇپ باقسامىمۇ ئۇنىڭ پولات قىسقۇچتەك كۈچلۈك قوللىرىدىن ئاجرىيالمىدىم...

بىر چاغدا رەسمىي تۇنجۇقۇپ ئىككى قۇلۇم ئۆلۈك كەپتەرنىڭ قانىتىدەك ھاۋادا لەيلەشكە باشلىدى...

خان ئاچامنىڭ ماڭا رەھىمى كەلمەيۋاتاتتى...مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆزۈمنى يېرىم ئېچىپ دۇنيا بىلەن خوشلاشماقچى بولـدۇم «ئەلۋىـدا يـورۇق دۇنيـا! ئەلۋىـدا جېنىم پاتىمخـان!» كۆزۈمنىـڭ چانىقىـدىن بىـر تـامچە يـاش مەڭزىمـدىن دوملاپ چۈشۈپ كەتتى...

شۇنداقتىمۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئاخىرى كاللامغا بىر ئەقىل كەلـدى، بـار كۈچـۈمنى چىشىمغا يىغىپ ئېغىزىمغا تىقىلغان سېسىق «لاتـا مېتىـر» نـى بـار كۈچـۈم بىـلەن قاتتىق چىشلىدىم...

بۇ خوتۇننىڭ تىلى ئاغرىغـان بولسـا كېـرەك، ئـۇ«لاتـا مېتـىرى» نـى خـۇددى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىـدىكى چـاڭ تىقىلغـان مەدەك پـۈگەتكىنى سـۇغۇرۇپ ئالغانـدەك ئېغىزىمدىن «بوككىدە» قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالدى...

«تـوۋۋا دەيـمەن، كـۆز ئالدىمـدىكى مەن تىنىۋاتقـان بـۇ ھاۋانىـڭ بـۇنچە مۇھىملىقىنى...ئاھ ئۇلۇغ ھاۋا...» مەن ناھايىتى چوڭقۇر بىر تىنىۋالدىم، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ كەتكەن كۆزۈمنىڭ قارىسىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئورنىغا كىلىشكە باشلىدى.

- ئەجەب شوخ نىمىكەنسەن!، ـ دېدى خان ئاچام «گارتتىدە» بىرنى سېسىق كىكىرىپ، ـ چىشلەپ قۇيۇشلىرىڭ نىمانچە ئوماق سىنىڭ!

- شۇنداق، خان ئاچا، شـوخلۇق قىلـىمەن دەپ تـاس قالـدىم بـۇ دۇنيـادىن چـاچراپ كەتكىلـى، ئەمـدى مەن بىـر قـايتىۋالاي، ھويلىنىــڭ ئالدىــدىكى ئـاتنى باغلىماپتىكەنمەن...، ـ دېدىم زەردە بىلەن بۇ خوتۇنغا ئالىيىپ ھاسىرىغىنىمچە.

- شۇنداقمۇ؟ ئاتنى ھازىر باغلايمىز، كىلە بۇياققا، ھاراملىق!

بـۇ خوتـۇن مەسـتلىكتىن يېشـىلىدىغاندەك ئەمەس ئىـدى، جـان ئاچچىقىمـدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

- ئەمدى كېلىدىغان بولساڭ، ئاناڭنى ئالىمەن ئالۋاستى قېرى!

- ھى...ھى...، - نازلىنىپ ھىجايدى خان ئاچام ئېغىزىنى تۇتقىنىچە، - ئانام بەكمۇ يىراقتا، ئالدىڭدا مەن تۇرسام ئانامنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن قۇرغۇيۇم...

- ماڭا يېقىنلاشما! ھېلى بىكار...

مەن كەينىمگە داجىدىم، خان ئاچام چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ گىگانت بىلەكلىرىنى سۇنۇپلا كانىيىمدىن ئېلىۋالدى-دە مېنى توشقاننى قولىقىدىن تۇتقانداك يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ كەينىمدىكى تامغا يەنە كۈچ بىلەن قاتتىق ئۇستۇردى، كەينى مېڭەمنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن كۆزۈمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ بىر ئاز شوك بولۇپ قالدىم...

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۇ ئاچكۆز خوتۇن مېنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى، پۈتۈم يەردىن ئۈزۈلۈپ ھاۋادا لەيلەپ قالدى. شۇنچە كۈچەپ تەپسەممۇ بۇ خوتۇن غىڭ قىلىپ قويماي مېنى بىر ياقلارغا كۆتۈرۈپ ماڭدى...

بىر چاغدا ئوڭ قولۇمنى بىر نېمە قىلىپ ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ «مېنى قويىۋەت...مېنى قويىۋەت!» دېگىنىمچە خاپان كاللىسىنىڭ ئۇچرىغانلىكى يىرىگە سېلىشقا باشلىدىم، تاياق بۇ خوتۇنغا ئازراق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، مېنى يەرگە «پوككىدە» قويىۋېتىپ يۈزۈمگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈردى، ئاندىن بېشىنى يەرگە ئېگىپ «گارىدە» قۇسقىنىچە ئاخشامقى يېگەن - ئىچكەنلىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى...

مەن بۇ پۇرسەتتە قاچماقچى بولۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم.

- توختا ئىتنىڭ بالىسى! نەگە قاچىسەن؟، - دەپ ۋارقىرىدى خان ئاچام ئېغىزىدىكى قۇسۇقنىڭ يۇقۇندىسىنى بىر قولى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن پىشمىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ تۇرۇپ.

- مەن...مەن...، - دېدىم دۇدۇقلاپ ئۇنىڭ قانغا تولغان كۆزىدىن قورقۇپ.

- بۇپتۇ، كەتسەڭمۇ كەت!، - دېدى خان ئاچام بېشىنى لىڭشىتقىنىچە ئالدىمغا يېقىنلاپ كېلىپ، - لېكىن مېنى بىرنى قۇچاقلاپ قوي!

مەن جاۋاب بىرىپ بولغىچە بۇ خوتۇن مېنى بايامقىدەك يەردىن چامغۇر يۇلغاندەك يۇلۇپ ئېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى، لېكىن بۇ قۇچاقلاش ھەر ھالدا «لاتا

مېتىر» بىلەن ئۆلچەشتىن ياخشى ئىدى...

لېكىن بۇ خۇتۇن ئادەتتىن تاشقىرى كۆچلۈك بولغاچقا بارغانسىرى كۆچەپ مېنىڭ قوۋۇرغىلىرىمنى سۇندۇرۋاتاي دەپ قېلىۋاتاتتى...مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن يۇلقۇنۇپ چىقالمىدىم...

شۇ چاغدا تۇيۇقسىز كەينىمدىن ئىسسىق بىر نېمە مېڭىپ پۇتۇمدىن ساقىپ ئېقىۋاتقاندەك سېزىم پەيدا بولدى، مەن«ئىچىم سۈرۈپ كەتتىمۇ-يا؟» دېگەننى ئويلاپ يەرگە بېشىمنى تەسلىكتە ئىگىپ قارىسام پۇتۇمنىڭ ھۇشۇقىدىن يەرگە قان تامچىلاشقا باشلاپتۇ...مەن قورققىنىمدىن لاغ-لاغ تىترەپ بۇ خوتۇنغا ۋارقىرىدىم:

- قان ...مەندىن قان كېتىپتۇ!

خان ئاچام ئىشەنمىگەندەك كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا يەرگە قارىدى، دەرۋەقە مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغان پۇتۇمنىڭ سونجىقىدىن قان تەپچىپ ئېقىۋاتاتتى. بۇ خوتۇن قاننى كۆرۈپ ۋالاقشىپ كۈلگىنىچە مېنى قويىۋەتتى:

- كېسىلىڭ كېلىپ قالدىمۇ يىگىت؟

- ھەئە، خان ئاچا كېسىلىم كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەمدى مەن قايتاي!

مەن شۇنداق دېگىنىمچە قۇلۇمنى تامبىلىمنىڭ كەينىگە تىقىپ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان پەللىكىمنى تۇتۇپ باقتىم، قولۇم قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ چىقتى، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بىر قولۇمدا ئېچىشىۋاتقان كۆتۈمنى چىڭ بېسىپ دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈردۈم...

دوختۇر بىردەمنىڭ ئىچىدە كارىۋاتتا مېنى دۈم ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈپ خۇلاسىلىدى:

- ھاي ئۇكام، كۆتىڭىزنىڭ جىيىكى يىرتىلىپ كېتىپتۇ، دەرھال تىكمىسەك قان توختىمايدۇ!

- نېمە؟، -دېدىم دوختۇرنىڭ گېپىنى ئوبدان چۈشىنەلمەي، -جىيىكى يىرتىلىپ كېتىپتۇ؟

- شۇنداق، ئىككى پەللىكىڭىزدە بەشتىن ئون تىرناقنىڭ ئىزى مېنى مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ، بىرسى سىزنىڭ پەللىكىڭىزگە قامال سېلىپ ئىككى يانغا كۆچەپ تارتىپ كۆتىڭىزنى ئىككىگە بۆلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

«ماۋۇ پاسكىنا خوتۇن قولىنى ئۇيەرگە ئاپارغاندەكقۇ قىلمىغان، قانداق بولۇپ پەللىكەمنى ئىككىگە بۆلىۋەتكەندۇ؟»

www.uyghurkitap.com

- ئەمدى قانداق قىلىمىز دوختۇر؟ -دېدىم يىغلامسىراپ.

- قانداق قىلاتتۇق توختاخۇن، كۆتۈرۈڭلارنىڭ جىيىكىنى تىكىدىغان گەپ!

ئۇنىڭ «توختاخۇن» دېگەن ئاۋازى ماڭا بىرخىل تونۇش بىلىندى، مەن ياتقان يېرىمدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ بۇ دوختۇرنى تونۇپ قالدىم:

- سەن... سەن ھېلىقى ياقا يۇرتتىن كەلگەن شىپاخانىنىڭ ئالدىدا ئاياق تىكىدىغان ھەسەن موزدۇز ئەمەسما؟، - دېدىم ئۇنىڭ دوختۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ.

- ھاي... ئۇ دېگەن مىنىڭ قوشكېزەك ئاكام، مەن دېگەن دوختۇر ھۇسەن!

- ئۇنداق بولسا دەرۋازا تۈۋىدىكى ياماقچى ھەسەن ھازىر قەيەردە؟، -دېدىم ئۇنىڭغا ئىشەنمەي بىر قولۇم بىلەن كۆتۈمنى تۇتۇپ تۇرۇۋېلىپ.

- ئۇنىڭغا تۇگەپ كەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، -دېدى ھۇسەن دوختۇر قىزارغىنىچە ماڭا ئالىيىپ قاراپ، - ماڭا ئىشەنمىسەڭ كۆتۈڭنى شەھەرگە كىرىپ تىكتۈرىۋال، لېكىن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سەن شەھەرگە كىرگۈچە قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىسەن، مەيلىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇۋاشلاپ قالدىم.

- بوپتۇ، ساڭا ئىشەندىم، نېمە قىلساڭ قىل، ئىشقىلىپ مىنى ئوبدان داۋالا، ئالدىمىزدا تويۇم بار مىنىڭ...

- خاتىرجەم بول، مەن بۇنداق يىرتىلىپ كەتكەن جىيەكلەرنى تىكىپ كۆنۈپ كەتكەن، ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايمەن!

ئىچىمدە «ئاكاڭ رەھمەتلىكمۇ ھۇنەرگە ئۇستا ئىدى، تىككەن ئايىغى نەچچە يىلغىچە يىرتىلىپ كەتمەيتتى، سىنىڭ تىككەن يىرىڭمۇ مەڭگۈ قويۇپ بەرمەس ئىلاھىم!» دەپ لىۋىمنى چىشلەپ ياتتىم.

ھۇسەن دوختۇر دېگەن بۇ كۇسپۇرۇچ يىرتىلغان يىرىمنى مەس قىلماي تىككەن بولسا كېرەك، ھەر بىر يىڭنە سالغاندا كۆتۈمگە پىچاق تىققاندەك سېزىم بولۇپ ۋايجانلاپ ياتتىم، بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىشنى تۈگەتكەن چېغى «ئەمدى يەرگە چۈشسەڭ بولىدۇ» دېدى.

مەن كارىۋاتتىن يەرگە چۈشەي دىيىشىم، ھۇسەن دوختۇر «توختاپ تۇر!» دىگىنىچە كونا كەشىمنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى-دە مەن ياتقان كارىۋاتنىڭ تىگىدىن بىر نېمىنى تارتىپ ئېلىپ بىر يېنى يىرتىلىپ كەتكەن

كەشمنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى، ئارقىدىن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن يەنە كىچىك بىر دانە بولقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ تىلىنى توغرىسىغا چىشلىگىنىچە كەشمگە «توك، توك» قىلىپ مىخ ئۇرۇپ ئاجراپ كەتكەن يەرنى ئوڭشاشقا باشلىدى...

«مانا بۇ ئىش قىلغانىدا تىلىنى توغرىسىغا چىشلىۋېلىپ ئاياغ تىكىدىغان ھەسەن موزدۇزنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئاياغ يامايدىغان خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن گەپ، بولمىسا مىنىڭ كونا كەشمنى مىخلاپ نېمە قىلىدۇ؟!»

مەن بۇلارنى ئويلاپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ كەشمنى ئۇنىڭ قولىدىن سىلكىپ ئېلىپ كۆتۈمنى تۇتقىنىمچە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ ۋارقىرىدىم:

- ئەبلەخ!

- نېمە دەيسەن قىزىل كۆز پوكان؟ -دېدى ھەسەن موزدۇزمۇ بوش كەلمەي.

- كىمنىڭنى ئالدايسەن؟

- مەن نېمە قىلدىم؟

- مىنىڭ كۆتۈم سىنىڭ قالايمىقان تىكىپ ئوينايدىغان كەشىڭمىدى؟

- ئۆلچەملىك تىكىپ قويىدۇمغۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تۈزكور!

- زادى قانچە يىپ تىكتىڭ؟

- ئون ئىككى يىپ!

- ئون ئىككى يىپ؟ ۋوي شۇنچە چوڭمىكەن؟

- كۆتۈڭنىڭ پاختىكى چىقىپ قاپتىغۇ ئەنە!

ھەسەن موزدۇز شۇنداق دەپ بولۇپ بېشىنى چايقىغىنىچە كۈلۈپ ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەن ئاچچىقىمدا دوختۇرخانا باشلىقىنى ئىزدەپ بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا پاش قىلىپ قويماقچى بولدۇم.

دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى تەسلىكتە تېپىپ ئىشىكنى يىنىك چەكتىم.

- كىرىڭ!

قارىسام ئۇستەل ئالدىدا ماڭا تونۇش بولغان مال دوختۇرخانىسىنىڭ پونكىت باشلىقى ئولتۇرۇپتۇ، مەن خاتا كىرىپ قالدىممۇ نېمە دەپ كەينىمگە يېنىپ ئىشىكنىڭ بېشىغا قايتىدىن قاراپ چىقتىم، بۇنى كۆرگەن باشلىق كۈلۈپ كېتىپ ئېغىز ئاچتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ توختاخون خاتا كىرمىدىڭىز، ـ دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن ماڭا كۈلۈمسىرەپ، ـ مەن ھازىر بۇ يەرگە يۆتكەلدىم، تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەڭا ئۇكام!... نېمە ئىشتى؟

بۇنى ئاڭلاپ ئېغىزىمغا ئىسسىق سۇ كەلدى«خۇدايا تووۋا قىلمىدىم، ئېشەك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقىنى ئادەم دوختۇرخانىسىغا باشلىق قىلىپ قويغان نەدە بار؟!»

ـ ھە... ھېچ گەپ يوق...ھېچ گەپ يوق... مۇنداقلا كىرىپ قاپتىمەن، مەن كەتتىم ئاكا خوش!

«بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ چاشقانىنىڭ ئەرزىنى مۇشۇك سورىغاندەكلا بىر ئىشقۇ بۇ...»

مەن پاتمىخاننىڭ يېنىغىمۇ كىرمەي ھېلىقى بىر قوينىڭ گۆشى بىلەن ئات ھارۋىسىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى پۇتۇمنى كەرگىنىمچە خان ئاچامنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈردۈم.

بىچارە ئات دەرەخكە باغلانغان پېتى تۇرۇپتۇ، كۆتۈمنىڭ ئون ئىككى يىپ تىكىلگەنلىكى سەۋەبىدىن ھارۋىدا قۇڭغۇمنى قويۇپ ئولتۇرالمىغاچقا ھارۋىنىڭ چۇقۇرىنى تۇتۇپ ئۇرە تۇرۇشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى. تارقىتىدىغان يەنە تېخى بىر قوينىڭ گۆشى بار ئىدى.

مىڭ بىر جاپادا ئىككىنچى مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ دەرۋازىنى قاقتىم.

ـئىشىك ئۈچۈق! ـ سەت ۋارقىرىدى بىر ئايال.

ھويلىغا كىردىم، نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرگە تولغان ھەشەمەتلىك ھويلا ئىچىدە ئىنسى ـ جىن كۆرۈنمەيتتى.

تىككەن يېرىمنىڭ قويۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ بىر قولۇمدا كۆتۈمنى تۇتۇپ يەنە بىر قولۇمدا قوي گۆشىنى كۆرمىگ تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەكىردىم، ئاندىن ئۆي ئىگىسىنى چاقىردىم:

ـ ئادەم بارمۇ؟

جاۋاب يوق.

ـ ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟

يەنە جاۋاب يوق.

ـ خان ئاچا!

- هە نېمە گەپ؟
ئاخىرى ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىن قوپال ھەم بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.
- بۇلارنى نەگە قويىمەن؟
ھايال ئۆتمەي ئىشىكنىڭ مارجاندىن ياسالغان مىلەگزىسى ئاستىدا بىر جۈپ قىزىل سۆرىمە كەش كېيگەن ناھايىتى يوغان بىر جۈپ پۇت پەيدا بولدى. كېيىن مىلەگزە قايرىلىپ قىزىل شايىدىن ئىچى كىيىم كېيگەن تراكتور چاقىنىڭ بالونىغا ئوخشايدىغان ناھايىتىمۇ سېمىز، ناھايىتىمۇ گەۋدىلىك بىر ئايال ئۆردەكتەك ئىككى يانغا ئىغاڭلاپ چىقىپ كەلدى.
«ئاھ ئۇلۇغ خۇدا، چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن نېمە؟ بۇ خوتۇن ئاباياامقى خوتۇننىڭ قوشكېزەك ئاچىسىمۇ يا؟ بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك ئەمدى، ھەسەن موزدۇز دېگەن خۇمپەرنىڭ ئالدىغا يەنە بارارمەنمۇ؟»
- ئاۋۇ ئۇستەلدە قويۇپ قوي!
مەن ھويلىدىكى يوغان ئۇستەلگە داستىخان بىلەن ئورالغان گۆشلەرنى ئالدىراپ قاپ قويۇپ ئايال خوجايىنغا بۇ گۆشنى كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى كىكەچلەپ ئېيتتىم.
ئايال خوجايىن خوشياقمىغان ھالدا گېپىمنى بۆلدى:
- ھە بولدى، ساۋاتىڭ بارمۇ؟
- بار خان ئاچا! -دېدىم تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.
- ئەمىسە بۇياققا كەل!
«مەن توختى پوكان ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق ئاخماقلاردىن ئەمەسمەن! تىرىك جادۇغا بېسىلىشقا رازىمەنكى ئەمدى بۇ خوتۇننىڭ گېپىگە ئەزبىرايى خۇدا كىرمەسمە...» بۇلارنى ئويلاپ ئىككى قۇلۇم ئىختىيارسىز كۆتۈمگە كىلىپ توختاپ قالدى، ئاچچىقىمدا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:
- نېمە دەيسەن پارىخور دەللى! كەينىڭدىن كىرىدىغان ساراڭمۇ مەن، تۈفى!...قېرى دەججال!
بۇ خوتۇن نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭ قالدى.
مەن شۇنداق دەپ بولۇپ بۇ يەردىن دەرھال قېچىپ كىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ شۇنداق يۈگۈرۈشۈم«پاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ھويلىنىڭ ئىچى چۆرگىلەشكە باشلىدى..ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوڭدىسىغا يېقىلىپ چۈشتۈم...

ئەسلىدە قاچىمەن دەپ كەينىمدىكى تۈۋرۈككە بەكلا قاتتىق ئۈسكەن ئىكەنمەن، ئېتىلغان قاپىقىمدىن قان «جىرت-جىرت» ئېتىلىپ چىقىپ پۈتۈن يۈز-كۆزۈمنى قانغا بويىۋەتتى. ياتقان يېرىمدىن مىڭ-بىر جاپادا ئۆملەپ تۇرۇپ تۈۋرۈكنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، ھويلا توختىماي پىقىرايتتى...

قارىسام قانىنىڭ ئېقىشى خېلى ۋەھىمىلىك ئىكەن، ئابىياتتىن ھەر نېمە بولسا دوختۇرخانا باشلىقىغا ھەسەن مۇزدۇز دېگەن ئوغرىنى چاقماپتىكەنمەن، كونىلارنىڭ «بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دىگىنىدەك لىۋىمنى-لىۋىمگە چىشلەپ ئىككى پۇتۇمنى كەرىگىنىمچە دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ ھەسەن موزدۇزنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم:

- ئاكا تېز بول ماۋۇ كۆزۈمگە قارىغىنا، قۇيۇلۇپ كەتمىگەندۇ؟

- توختا مەن قاراپ باقاي، - دېدى ھەسەن موزدۇز يۈزۈمدىكى قانلارنى داكا بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، - چوڭ چاتاق يوق قاپىقىڭ ئېتىلىپ كۆزۈڭنىڭ جىيىكىگە كىلىپ توختاپتۇ، تىكمىزمۇ ئۇكام؟

- تىكمىسەك زادى بولماسمۇ ئاكا؟ -دېدىم ئۈنىڭدىن ئۈتۈنگەن ھالدا.

- تىكمىسەك قان توختىمايدۇ، بۇ يەرنىڭ يىرتىقى كۆتۈڭنىڭكىدىن بوش ئەمەسكەن توختاخۇن!

- بۇپتۇ ئاكا، تىكسەڭ تىككىنە، يۈزۈمنىڭ ھەممىنى تىكىۋەتسەڭمۇ مەن رازى، ئىشقىلىپ بۇ جاندىن تويدۇم...

ھەسەن موزدۇز مىنى كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ تىلىنى يەنە توغرىسىغا چىشلىگىنىچە تىكىمچىلىك مەشغۇلاتىنى باشلاپ كەتتى ئاندىن ئىش تۈگىگەندە مىنى يەرگە چۈشۈشكە بۇيرىدى.

مەن يەرگە چۈشۈپ ئالدىراپ ياندىكى تامغا ئېسىلغان ئەينەكتىكى شولامغا قاراپ باقتىم، قارىسام ھەسەن موزدۇز دېگەن كوسپۇرۇچ تېگىق داكىسىنى پېشانەم بىلەن بىر كۆزۈمنى قېتىپ ئايلاندۇرۇپ تېڭىپ قويۇپتۇ، ئەينەكتىكى شولامغا قاراپ مىنى بىر تۇرۇپ كۈلكە تۇتىۋالسا بىر تۇرۇپ ئاچچىق تۇتىۋالدى. مەن مۇشۇ تاپتا چەتئەل كىنولىرىدىكى بىر كۆزنى تېڭىپ قويۇپ دۇلىسىغا شاتۇتى قوندۇرۇۋالىدىغان دېڭىز قاراقچىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ياكى كۆرۈنۈشلەردىكى ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ چېكىسىنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان، يەتتە بالىسىنىڭ يېتىم

بولۇپ قالغىنىغا قارىماي سەكرات ئۈستىدە بەدەل پۇلى تاپشۇرۇۋاتقان پىشقەدەم قەھرىمانلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدىم...

شۇنداق قىلىپ ھەسەن موزدۇز بىلەن نىسىغا ھىساپلىشىپ پاتمىخان كۆرۈپ قالماستا ئات ھارۋىسىنىڭ چۇقۇرىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆرە تۇرغىنىمچە مەھەللىگە قاراپ يول ئالدىم.

مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا مېنى تونۇيدىغانلار مېنىڭ ھارۋىدا ئۆرە تۇرغان ھالىتىمنى كۆرۈپ ئىغىز-بۇرۇنلىرىنى تۇتۇشۇپ راسا مەسخىرە قىلىشتى. بەزەنلەر يۈزۈمدىن -يۈزۈمگە «ھە توختى ئۇرۇشتىن قايتتىڭلارمۇ، ئاڭلىسام ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ قەھرىمان بولۇپسىلەرغۇ؟» دېسە يەنە بەزەنلەر«ياق...ياق...غالىبلارچە تۇرغىنىڭلاردىن قارىغاندا گېنىرال بولدۇڭلىمۇ-يا؟» دەپ مىنى زاڭلىق قىلىشتى، مەن ھەممىگە چىدىدىم، بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلمىدىم...

نېمە دەيمەن، گەپ قىلساملا ئىتىلىپ يىغلاپ سالىمەن...

كەنتە كومتىتىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئات ھارۋىسىدا ئۆرە تۇرغىنىمچە كىرىپ كەلدىم، مىنىڭ كەلگىنىمنى كۆرگەن بۇغالتىر قاتارلىق بەش كىشى كۆلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى ئاندىن ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مەندىن ھال سوراشتى:

- ھارماي كەلدىڭلىمۇ توختاخۇن؟

مەن ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي كالپۇكۇمنى چىشلىگىنىمچە قاپىقىمنى چىڭ تۈرۈپ ھارۋا ئۈستىدە تۇرىۋەردىم.

- ھارۋىدىن چۈشسىلە قەھرىمان غوجام!

- ئالدىلىرىغا گىلەم سالامدۇق يا؟

مەن ھارۋىدىن تەستە چۈشۈپ چاترىقىمنى كەرىگىنىمچە سۆگەت تۈۋىگە بېرىپ يەرگە قاراپ پۈشۈلداپ تۇردۇم. ئۇلار ئەتراپىمغا ئولىشىۋېلىپ ۋىلىقلىشىپ كۈلۈشكىلى تۇردى.

- نىمانداق خەتنە قىلغان بالىدەك چاترىقاڭلىنى كەرىپ يۈرۈيسىلەر توختاخۇن؟

بۇغالتىرنىڭ بۇ گىپىدىن بۇ بەش ئوغرى ئاخىرى ئاۋازىنى قويىۋېتىپ تىزىغا شاپىلاقلاشقىنىچە كۈلۈشكىلى تۇردى. مەن ئىزا-ئەلەمگە چىدىماي پاڭگىدە ئىتىلىپ يىغلاپ كەتتىم. شۇ چاغدا ئارىمىزدىكى بىرەيلەن كۈلكىسىنى يىرىم توختىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەندىن سوراپ قالدى:

- قانچە يىپ تىكتى؟

- ئون ئىككى يىپ.

- ئون ئىككى يىپ؟ قانداق جاھان بولۇپ كەتتى بۇ، مېنىڭكى بىلەن ...

ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئاغزىنى تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ پورسۇققىدە دەپ سالغان گېپىدىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- سىنىڭكىنىمۇ تىكىلگەنمۇ؟

- ھەئە!

- قانچە يىپ؟

- ئون ئىككى يىپ...

- كۆتۈڭدىمۇ؟

ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، بۇنى كۆرگەن قالغان تۆتەيلەن ھەيران قېلىشىپ بىر-بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن تەڭلا ئىككىمىزدىن سورىدى:

- سىلەرنىڭ ئون ئىككى يىپ تىكىلگىنى مۇشۇ يەرنىڭ جىيىكمۇ؟، -ئۇلار شۇنداق دېيىشكىنىچە ئۆزلىرىنىڭ كۆتىنى ئىشارەت قىلىشتى.

ئىككىمىزمۇ كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتىشىپ تەڭلا بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق، بۇ چاغدا بۇ تۆتى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تەڭ ئىسەنكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى، مەن ئۇلارنىڭ ئېغىر ھەسرەتلىك يېغىسىغا قاراپ چۈشىنەلمەي سورىدىم:

- ھەر قايسىڭغا نېمە بولاشتى ئەمدى؟

- بىزنىڭكىنىمۇ ئون ئىككى يىپ تىكىلگەنلىك...

- سىلەرنىڭمۇ ئون ئىككى يىپما؟، -ئىككىمىز تەڭ ۋارقىرىدۇق.

- شۇنداق، ھەسەن موزدۇز بىلەن ئۇ پارىخورنىڭ خوتۇنلىرى بىر شېرىك! بىرسى يىرتىدۇ، بىرسى تىكىدۇ....

- نېمە... نېمە؟، - مەن توۋلاپ سالدىم، - نېمىشقا بالدۇر دېيىشمەيسەن؟

- بىز....بىز....

شۇنداق قىلىپ بۇ ئالتەيلەن بىر-بىرىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۈنسىز يىغلاپ كېتىشتۇق. يىغىمىز توختاپ ئۇز-ئارا تەسەللى بېرىشىۋاتقاندا بۇغالتىر دېگەن پەسەندى تۇيۇقسىز ئاۋازىنى قويىۋېتىپ زوك ئولتۇرغىنىچە ھازىدار خوتۇندەك ئۈنلۈك ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ـ بولغۇلۇق بولدى، نىمانچە يىغلايسەن؟، ـ دەپ تەسەللى بەردىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.
ـ سىلەر بىلمەيسىلەر...
ـ نېمىنى؟
ـ مىنىڭ يىگىرمە تۆت يىپ ....، ـ ئۇ ئاۋازىنى قويىۋېتىپ تېخىمۇ ئۆزلۈك ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.
ـ مىنىڭمۇ يىگىرمە تۆت يىپقۇ؟، ـ دىدىم ئۇنىڭ يېغىسىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ.
ـ سىنىڭ يىگىرمە تۆتى بىلەن مىنىڭ يىگىرمە تۆتى ئوخشىمايدۇ..
ـ قانداق ئوخشىمايدۇ؟
ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ ئورنىدىن تۇردى ئاندىن چاترىقىنى چاڭگاللاپ بىزگە قاراپ ۋارقىرىدى:
ـ مىنىڭ ئون ئىككى يىپىنىڭ بىرى كۆتۈمدە يەنە بىرى ماۋۇ يىرىمدە، ئەمدى بىلىشتىڭما؟
قالغانلار بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ جىم بولۇپ قېلىشتۇق، ئۇنى دېمىسىمۇ بۇغالتىر ئۆتكەن يىلقى قۇربان ھېيتتىن باشلاپ ئېغىر بىر نەرسە كۆتۈرەلمەيدىغان، ماڭسا بىلىنى چايقاپ ماڭىدىغان، كۆلسە ئاياللاردەك ئېغىزىنى تۇتۇپ كۆلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىز بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىر ئاز بىلگەندەك بولدۇق.
شۇ چاغدا سېكرىتار ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۆزى يالغۇز ئالتە قوينى يېتىلەپ يېنىمىزدا پەيدا بولدى ھەم زەردە بىلەن بىزگە ھۆمەيگىنىچە توۋلىدى:
ـ ھەرقايسىڭنىڭ يىغا ـ زارى تۈگىدىما؟
بىز سېكرىتارغا نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قايىنغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كىتىپ كۆزىمىزنى پۈلتايتىپ قاراپ تۇردۇق.
ـ نېمانداق خوتۇن كىشىدەك ئەتىدىن ـ كەچكىچە پوتلا ـ مىشقاڭنى ئېقىتىپ يۈرۈشىسەن؟
ـ بىز...بىز...
ـ ئەمدى ماۋۇ ئالتە قوينى شەھەردىكى...
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇغالتىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قويۇندەك يۈگۈرگىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى:
ـ ۋوي... قاچ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قالغان بەشىمىزمۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي بوغالتىرغا ئەگىشىپ گويا تۇرغان يېرىمىزگە بىرسى بومبا تاشلايدىغاندەك بار كۈچىمىز بىلەن قېچىشقا باشلىدۇق...

بىز شۇ قاچقىنىمىزچە ئۇدۇل كەنتە كومىتېتىغا قوشنا بولغان مەكتەپنىڭ يېقىلۇق تېمىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۆزىمىزنى دالىدىغا ئالغاچ ئالتە قوينى تۇتۇپ قالغان سېكرىتارنى مارىلاشقا باشلىدۇق.

سېكرىتار ئالتەيلەننىڭ ئىسمىنى نۆۋەت بىلەن بىر قېتىمدىن چاقىرىپ چىقتى. بىز بېشىمىزنى تىقىۋېلىپ ئۈن دىمەستىن شۇك تۇرىۋالدۇق، بىچارە سېكرىتار بىردەم ئۇياق-بۇياقلارغا ۋارقىرىغاندىن كېيىن ئاخىرى قويلارنى ئۆزى يالغۇز يېتىلەپ شەھەر تەرەپكە ماڭىدىغان يولغا مېڭىشقا مەجبۇرى بولدى.

- بۇرادەرلەر! - دېدى بوغالتىر پەس ئاۋازدا ھاسىرىغىنىچە، - ئاۋۇ ئەبلەختە بىرە ئېلىشىڭلار بارمۇ؟

بىز بۇ گەپنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدۇق.

- قاراڭلار ئاۋۇ ئەبلەخنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي تېخى ئالتە قوينى ئۆزى يالغۇز شەھەرگە ئېلىپ ماڭغىنىنى، ئامىن!

بىزمۇ بوغالتىرغا ئەگىشىپ قولىمىزنى دۇئاغا ئاپاردۇق، مەن نېمىگە دۇئا قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلەلمەي ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- نېمىگە ئامىن!

- مەن جېنىمدا ئۈچ قوينى شەھەردىكى پارىخورلارغا ئەكىرىمەن دەپ بار دەسمايەمدىن ئايرىلىپ مانا مۇشۇنداق يېرىم بولۇپ قالغان يەردە، ئۇ خۇمپەر ئۆزى يالغۇز ئالتە قوينى تارقىتىمەن دەپ ئەتىگىچە چوقۇم ئۆلۈپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇۋېتەيلى!

- تۇفى!

بەشىمىز تەڭلا يەرگە تۈكۈرۈپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدۇق:

- قانداق يەردە تىرىك ئادەمنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان ئىش بار، ھەي نائەھلى!

- ئىشەنمىسەڭلار مەيلى، شەھەردىكى ئۇ پارىخور-بۇلاڭچىلارنىڭ خوتۇنلىرى ئاسماندا ئۇچۇپ سىمدا ماڭىدۇ، يېزىمىزدىكى ھەسەن موزدۇزنىڭ ھېلىقى شىرىكلىرى ئۆلارنىڭ ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس، قاراپ تۇرۇڭلار ئۇ ئۆلمەي قالسا مەن قۇلىقىمنى كېسىپ بېرەي!

بىز ئالتىمىز ئىختىيارسىز كۆتۈمىزنى سىلاشقىنىمىزچە ئېغىر خىيالغا پاتتۇق.ئارىمىزدىن بىرەيلەن تۇيۇقسىز دۇئاغا قول كۆتۈردى:

- ئامىن!

- يەنە نېمىگە ئامىن؟، - قالغانلىرىمىز ئۈنىگدىن تەڭ سورىدۇق.

- ئۇلۇغ خۇدانىڭ پارتىيە - ھۆكۈمىتىمىزگە تېخىمۇ نۇسرەت ئاتا قىلىشىغا ئامىن! پارتىيىمىزنىڭ بۇ چىرىك -پارىخورلارنىڭ جاجىسىنى بالدۇرراق بېرىشىگە ئامىن!

- ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، پارتىيىمىز دانادۇر، قاراپ تۇر، پارتىيە - ھۆكۈمەت ھامىنى بۇ پارىخور مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى بىرىپ تىكىلگەن يېرىمىزنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ بېرىدۇ، قېنى ئاغىنىلەر ئامىن!

مەن شۇنداق دەپ بۇلۇپ قۇلۇمنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردۇم.

1997 - يىل قاراقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكاننىڭ ئامتى

سېكرېتار ئۆزى يالغۇز شەھەرگە ئالتە قوينى يېتىلەپ كىرىپ كېتىپ دىگەندەك ئەتىسى كەچتە ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى يېتىپ چىقتى. ھېلىقى ئالتىمىز دەرھال بىر يەرگە كېلىپ سېكرېتار ئۈستىدىن جىددىي مۇزاكىرىگە ئولتۇردۇق:

- مەن نېمە دېگەن ئاغىنىلەر، - دېدى بوغالتىر بېشىنى لىڭشىتىپ گىدەيگىنىچە، - ئۇنىڭ شەھەرلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىغا مانا ئىككى كۈندىن ئاشتى، ئەمدى ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالانسىمۇ بىكار! ئۇنىڭ ئىشى ساقايدى!

- شۇنداق ئۇ ئەبلەخنىڭ تارتقۇلىقى تېخى ئالدىدا، -گەپ قىستۇردى ئەترەت باشلىقى شالۋۇرىنى ئېقىتىپ، - ئۇرۇق پۇلىنى تولۇق يىغماپسەن دەپ مىنى بوش تىللىمىغان ئىدى ئۇ يەڭگى...

- خوپ بولدى، كۆتىگە ياغ تۆلۈپ يىرىمىسا ئۇسۇرالمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئۇ نېمە...

- ... ...

- ۋاي بولدى قىلىشە!، - ۋاقىرىدىم ئاچچىقىمدا غەيۋەتكە چۈشكەن بۇ بەشىگە ئالىيىپ، -سېكرېتار بۇ يەردە بولغان بولسا ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قىلىشار ئىدىڭ، ئەمدى نېمە گەپ؟ سېكرېتار قانداقلا بولمىسۇن ھەممىمىزگە تۇز بەرگەن، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ چىقايلى، قانداق دىدىم؟

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ بىردەم شوك بولۇپ قېلىشىپ ئاندىن ماڭا زەردە بىلەن جاۋاب بىرىشتى:

- دىگەنلىرىڭغۇ بىر ھىساپتا توغرا، ئىنسانچىلىق ئەمەسمۇ، بۇپتۇ شەھەرگە كىرىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ چىقايلى!

شۇنداق قىلىپ ئالتىمىز چوڭتىكىمىزنى تېشىغا ئۆرۈشۈپ سېكرېتارنىڭ

كېسلىنى كۆرگىلى شەھەرگە ئاتلاندۇق.

شەھەرلىك دوختۇرخانا بەك چوڭ بولغاچقا سېكرېتار ياتقان ياتاقنى تەسلىكتە تېپىپ ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىردۇق:

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سېكرېتار!

كارۋاتتىكى سېكرېتاردىن ھېچ بىر سادا يوق.

«سېكرېتار ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك؟»

بىز يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتقان سېكرېتارنىڭ يوتقىنىنى ئاستا ئاچتۇق.

كارۋاتتا بولسا بىر كىچىك بالا ئۇخلاپ ياتاتتى. بىز ياندىكى كارۋاتتا ياتقان كېسەللەردىن سېكرېتارنى سۈرۈشتە قىلدۇق:

-يەتتىنچى رايوندىن كەلگەن سېكرېتارنى مۇشۇ كارۋاتتا ياتقان دەپ ئاڭلىغانىدۇق، بىرە ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟

ياندىكى كېسەللەر بىزگە جاۋاب بېرىپ بولغىچە سېكرېتار ياتقان كارۋاتتىكى كىچىك بالا ئويغىنىپ بىز تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قاراپ بېشىنى كۆتۈردى.

«ئاھ خۇدا، بۇ بالىنىڭ چىرايى سېكرېتارغا ئەجەب ئوخشايدىكەنا! تۇۋۇۋا كىچىك تۇرۇپ يۈزىنى بۇرۇت-ساقال بېسىپ كېتىپتىغۇ بۇ بالىنىڭ! سېكرېتارنىڭغۇ بۇنداق ياشتىكى نەۋرىسى يوق ئىدى...»

-ھەرقايسىڭ ... ئەمدى كېلىشتىڭمۇ؟...

كارۋاتتىكى بۇ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى بەئەينى سېكرېتارنىڭ ئاۋازىدەك بوم چىقىۋاتاتتى. بىز بۇ ئاجايىپ ئەھۋالدىن بىر-بىرىمىزگە چەكچىيىشىپ ئېغىزىمىزغا كەلگەن تۈكۈرۈكنى ئاران يۇتۇشۇپ كارۋاتتىكى بالىغا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدۇق، بۇچاغدا ئارىمىزدىكى بوغالتىر كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

-سېكرېتار بۇ...بۇ ئۆزلىرىمۇ؟

بىز ھوشىمىزنى يىغىپ بۇ بالىغا تېخىمۇ ئوبدان سەپسالساق سېكرېتارىمىزنىڭ نەق ئۆزى شۇ.

«خۇدايا تۇۋۇۋا قىلمىدىم، نېمە ئىش بۇ ئەمدى، چوپ- چوڭلا بىر ئادەم ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قاپتىيا؟»

-سېكرېتار....سىلى...ئوبدان بولۇپ قالدىلىمۇ-يا؟،- دېدۇق ئالتىمىز كۆزىمىزگە كەلگەن ئىسسىق ياشنى يۇتۇۋېتىپ تۇرۇپ ياقىمىزنى چىشلەشكە تەييار بولۇپ.

سېكرېتار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، مەن باشقىلارنىڭ چىرايىغا قارىسام ئۇلار ئەمدى يىغىسىنىڭ ئورنىغا كۈلكىسىنى بېسىپ تۇرۇشقاندەك بىلىنىپ قالدى، بۇنى كۆرۈپ مېنىمۇ كۈلكە تۇتىۋالدى...ئالتىمىز يەنە بىر قېتىم تەڭ ئاۋازدا ئۈنلۈك قىلىپ سېكرېتاردىن ئامانلىق سورىدۇق:

-ئوبدان بولۇپ قالدىڭىزمۇ سېكرېتار؟

ئاخىرى ئۇ ياتقان يېرىدىن چىچاڭشىپ سەكرەپ تۇرۇپ بىزگە ۋارقىرىدى:

-ماۋۇنى ئوبدانلامتا؟، - چاترىقىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللىدى سېكرېتار تۇيۇقسىز چاچرىتىپ، - تۇنۇگۈنكىدىن بۈگۈن بەك تېخى!...

بىز سېكرېتارنىڭ غەزەپكە تولغان قانلىق كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئېيتقۇسىز بىر دەرتكە قالغانلىقىنى پەملەپ دەرھال قولىمىزدىكى قەن-ناۋاتنى كارۋاتقا تاشلاپ قويۇپ ياتاقتىن تىكىۋەتتۇق.

كارىدورغا چىقا-چىقماي ئالتىمىز پارتلاپ كېتەي دەپ قالغان كۈلكىمىزنى تېشىغا قويۇۋېتىپ راسا كۈلۈشىشكە باشلىدۇق:

-خۇدايا توۋۋا، ئۆمرۈمگە كىلىپ بۇنداق ئىشنى كۆرمەپتىكەنمەن، - دېدى ئەترەت باشلىقى ياقىسىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ كۈلگىنىچە، - سىقىۋاتقان ئۆزۈمدەك بولۇپ قاپتىيا ماۋۇ ئادەم!

- شۇنى بىر دېمەڭلا، غايىپتىن بىرە كارامەت كەلدىمۇ-يا ئۇنىڭغا، كىچىك بالىغا ئۆزگىرەلەيدىغان!

- پارىخورلارنىڭ خوتۇنلىرى پېرىخونىمىدۇ ياكى ئەۋلىيامىدۇ؟

-ئاشۇلار شوراپ- شۈمۈپ مۇشۇنداق قىلىۋەتكەنمىدۇ ئۇنى؟

- سىلىنىمۇ مۇشۇنداق ئىمىۋەتكەنما ئاداش؟

-مەن باشتا دىگەنغۇ، -دېدى بۇغالتىر كۈلكە دەستىدىن كۆزىدىن چىقەتكەن ياشنى يېڭى بىلەن سۈرۈتۈپ تورۇپ، - ئۇلار سېكرېتارنى شوراپ ئىچى ئەزايىنىمۇ سۇغۇرۇۋەتكەن گەپ...كىم ئۇنى ئالتىنى تارقاتسۇن دەپتۇ، ئالتىنى تارقاتقانغا تويسۇن ئەمدى!

- ئۇنىمۇ تىككەنمىدۇ؟

- ۋاي تىكمەمدىغان، تىكىپ تور تۇقۇۋەتكەن گەپ...سېكرېتار ئەمدى مەھەللىدە كىيىم كىيمەي يالىڭاچ ماڭسىمۇ ئەشۇ توردىن تىكىلگەن كىيىمى بىر ئۆمۈر يېتىدۇ ئۇنىڭغا...

- تور كېيىمى يىرتىلىپ كەتسە ئۆپكىدەك سېمىز كۆتى ئۇچۇق قالارمۇ ئەمدى؟
- ھەسەن موزدۇز بارغۇ تىككىلى!

بىز كۈلكىمىزنى زادى توختىتالماي دوختۇرخانا ھويلىسىغا چىقىپ قالدۇق، بۇ چاغدا بۇغالتىر كۈلكىسىنى پەسەيتىپ ئېيتتى:

- چوڭ بىر ئادەم تۇرۇپ شۇنچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا چاترىقىنى چاڭگاللاپ يۈرگىنىنىڭ نېمىسى، كاللىسىدىن كىتىپتىمۇ نېمە؟

- ھېلىغۇ سېكرىتاركەن، - دېدى كەنتە مۇدىرى گەپ قىستۇرۇپ، - مۇشۇ شەھەرىدىكى بورھان ھاجى دېگەن ھېلىقى مۆتىۋەر قېرى تىۋىپنى ھەممىڭلار تونۇيدىغانسىلەر؟

- شۇنداق تونۇيمىز، ساقىلى مەيدىسىدىن ئاشىدىغان خېزىر سۈپەت كىشىغۇ ئۇ! ، - دېدىم گەپنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولۇپ.

- ئايالىم يېڭى تۇغۇتلۇق ئىدى ، - دېدى كەنتە مۇدىرى كۈلگىنىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - بىرسى «تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ بېشىغا ئوق دۇرىسىدەك بىر نېمە قۇيۇپ قويسا، جىن-ئالۋاستى ئاپىتىنى سالالمايدىكەن» دېدى، مەن مەھەللىمىزدىكى پەرھات پاۋاننىڭ قېشىغا مىلتىق دورىسى بارمىكىن دەپ بارسام ئۇ جاڭگالغا چىكىتىپتۇ، يېنىشىمدا سايت چولاق ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ بىلىشى كۆپ بولغاچقا گەپ تېشىپتىمەن، سايىت چولاق دېگەن راھەندى«مىلتىق دورىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ شەھەردىكى بورھان ھاجىمدا ئەڭ ياخشىسى بار دىمەسمۇ، شۇنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرىپ ھاجىمنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ مىڭ بىر بالادا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، «ھاجىم مىلتىق دورىسى بارمۇ؟» دىسەم، «ۋاي بارئۇكام!» دەپ بىر قۇتا دورا بەردى، مەن پۇلىنى بېرىپ قايتاشىمدا قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ باقسام بىرخىل ئۇماچ ھالەتتىكى مەجۇنى دورا ئىكەن، مەن كۆڭلۈمدە«مىلتىق دورىسى دېگەن قۇرۇق قۇمدەك بولماسمۇ، ھاجىم خاتا بەرگەن ئوخشايدۇ» دىگەننى ئويلاپ كەينىمگە يېنىپ بورھان ھاجىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىنچىكىلەپ سورىدىم، «ھاجىم مىلتىق دورىسى دېگەن قۇمدەك ئەمەسمىدى، بۇ....قانداق مىلتىق دورىسى؟» بۇ چاغدا دۇكاننىڭ ئالدىدا ئەللىك- ئاتمىشچە ئادەم ئۆچىرەتتە تۇرۇپتىكەن، بورھان ھاجىم دېگەن بۇ كۇسىپۇرۇچ شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا دۇكىنىغا قۇيۇلغان ئۇستەلگە سېرىكچىدەك «دىككىدە» سەكرەپ چىقىپ ئۇزۇن ئاپئاق ساقىلىنى دولىسىنىڭ كەينىگە «شاپپىدە» ئېلىپ

قويدى ـ دە پەلتوٴسىنىڭ ئىككى پىشنى بىلىگە قىستۇرۇپ قوٴيۇپ چاترىقىنى ئىككى قوٴلىدا چاڭگاللىغىنىچە «قانداق مىلتىقنىڭ دورىسى بوٴلاتتى ئوٴكام، مانا موٴشوٴنداق مىلتىقنىڭ دورىسى!» دەپ ماڭا قاراپ ۋارقىرىماسموٴ؟

كەنتە موٴدىرىنىڭ بوٴ گېپىنى ئاڭلاپ توختىغان كوٴلكىمىز يەنە باشلىنىپ كەتتى.

ـ شوٴنداق بوٴ كوٴندىكى كىشىلەرگە نېمە بولوٴپ كەتتىكىن تاڭ، ـ دېدى ئەتىدىن بىرى گەپكە ئانچە ئارىلاشمىغان ئاز ـ تولا گېزىت كوٴرۈشكە ئامراق ئەترەت باشلىقىدىن بىرى بېشىنى چايقاپ توٴرۇپ، ـ ھە دىسىلا چاترىقىنى چاڭگاللاشقان بوٴ خەق!

ـ قانداق دەيسەن؟

ـ قايسى كوٴنى، ـ دەپ گەپ باشلىدى ئوٴ سوٴزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ كەنتە بىلەن ئەزالارئوتتۇرىسىدىكى دىن باشقۇرۇش توختامنامىسىنىڭ چالا قالغىنىنى توٴلوٴقلاش ئوٴچوٴن ياسىن يوٴۋاشنىڭ ئوٴيىگە باردىم دەڭلا...

ـ ھە نېمە بولدى، خوٴدا قوٴلى بىر ياۋاش ئادەم ئىدىغوٴ ئوٴ؟

ـ ھەئە بەك خوٴدا قوٴلىكەن، توختامنامىگە قول قوٴيوٴپ بولغاندا ئوٴنىڭغا توختامدىكى موٴھىم مەزموٴنلارنى يەنە بىر قېتىم چوٴشەندوٴرۇپ «باللىرىنى يەر ئاستى قانوٴنسىز دىني ئوٴقۇتۇش نوٴقتىلىرىغا بەرمەيدىلا، چوٴشەندىلىما؟»

دېسەم ياسىن ياۋاش دېگەن ئەبلەخ ئالدىمدا شوٴنداق چىرايلىق قول قوٴۋۇشتۇرۇپ «چوٴشەندىم، ماقوٴل غوٴجام!» دېدى، ئارقىدىن «ئەگەر موٴشوٴنداق ئىش يوٴز بەرسە ئىككى مىڭ يوٴەندىن ئون مىڭ يوٴەنگىچە جەرىمانە تۆلەيدىلا، چوٴشەندىلىما؟» دېسەم «چوٴشەندىم، ماقوٴل غوٴجام!» دەپ كوٴلوٴپ توٴردى، قارىسام ئايالى ھەم بەش ـ ئالتە ياشلىق ئىككى بالىسىمۇ قول قوٴۋۇشتۇرۇپ ماڭا قاراپ كوٴلوٴپ توٴرۇپتوٴ... ئىچىمدە «نىمانچە قوٴلىقى يوٴمشاق ياخشى ئادەملەر بوٴ، ئوٴششاق باللىرىنىڭمۇ قول قوٴۋۇشتۇرۇپ توٴرغىنىنى» دەپ مەستلىكىم كەلدى، ئاندىن ئوٴلارنىڭ قوشنىسىنىڭكىگە چىقىپ توختامنامىگە قول قويدۇرۇۋېتىپ بوٴلارنىڭمۇ موٴشوٴنداق قول قوٴۋۇشتۇرۇپ ھېجىيىشىپ توٴرغىنىنى كۆردوٴم، لېكىن كاللامغا قايسىدۇر بىر ئەللامىنىڭ موٴشوٴ توغرىسىدىكى ھېكايىسى ئېسىمگە كىلىپ قالدى، ئوٴ ھېكايىدىموٴ باشلىق گەپ قىلسا پوٴقرالار «ماقوٴل غوٴجام!» دېيىشكىنىچە قول قوٴۋۇشتۇرغان بولوٴپ چاترىقىنى چاڭگاللاپ توٴرۇشوٴپتىكەن...

بۇلارنى ئويلاپ تۇيۇقسىز تېنىم شۈركىنىپ يېنىمدىكىلەرگە قارىسام راستىنلا چاترىقىنى چاڭگاللاپ مىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپ تۇرغاندەك... مەن كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي يۇگۈرۈپ چىقىپ ياسىن يۇۋاشىنىڭ هويلىسىغا كىردىم، ئۇلار يەنە بايامقىدەك ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قول قۇۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، مەن ئۇلارنىڭ زادى چاترىقىنى چاڭگاللىغان ـ چاڭگاللىمىغانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالماي ئۇنىڭ خوتۇنىغا قارىسام ئۇخوتۇنمۇ چاترىقىنى چاڭگاللاپ تۇرغاندەك...

ئەستەخپۇرۇللاھ بۇ بىر ئايال كىشى تۇرسا چاترىقىنى چاڭگاللاپ تۇرغىنىنىڭ نېمىسى؟خاتا كۆرگەن ئوخشايمەن دەپ هېلىقى قوڭغا ئىشتان كىيمىگەن ئىككى كىچىك نارەسىدىسىگە قارىسام ئۇ ئىككى شۇمتەك ئىككى قولى بىلەن قوڭغىرىقىنى مەهكەم چاڭگاللاپ تۇرۇشماسمۇ؟ بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاهىم قىرىق گەز ئۆرلىدى، بۇ خەق چوقۇم بىز گەپ قىلساق مۇشۇنداق چاترىقىنى چاڭگاللاپ تۇرۇشنى ئالدىن دېيىشىۋالغان گەپ بولمىسا بۇ ئىككى ماڭقىسى نېمە قىلىدۇ قوڭغىرىقىنى چاڭگاللىشىپ....

بىز شۇنداق قىلىپ كۈلۈشكىنىمىزچە پاراڭلىشىپ شەهەردىن ياندۇق.

بوغالتىرنىڭ دىگىنىدەك ئىككى كۈنگە قالماي بىچارە سېكرېتارنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ چىقتى...

مەهەللىدە سېكرېتارنىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق خىلمۇ ـ خىل گەپلەر تارقالدى، بەزىلەر«رەهمەتلىك قۇيۇندا قېلىپ جىن ئۇنىڭغا ئاپىتىنى سايتۇ..» دېسە بەزىلەر«سېكرېتاردا ئۇچى بار كىشىلەر ئۇنى باخشىغا ئوقۇتۇپ ئۆلتۈرۋېتىپتۇ...» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر«قوناقلىقتا سۈلاق قىلغىلى چىققان يەردە كۇسۇپ قالغان ئىتلار سېكرېتارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالاپ ئۆلتۈرۋېتىپتۇ...» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىشتى...

سېكرېتارنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىدىن بىزنىڭ بىر ئاز خەۋىرىمىز بار ئىدى لېكىن زادى نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىزمۇ تازا چۈشەنمەيتتۇق، بوغالتىر بولغان خۇمپەرمۇ ئۇ خوتۇنلارنىڭ نېمە كارامىتى بارلىقىنى بىزدىن مەخپىي تۇتتۇۋاتاتتى.

سېكرېتارنىڭ نامىزىمۇ ئۇقۇلدى، دەپنە گاهلىقتىن يانغاندا مەن جەسەت يۇغۇچىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

ـ ئاكا، سېكرېتار رەهمەتلىككە زادى نېمە بولۇپتۇ، بەدىنىدىكى يارىسى ئېغىرمىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- ۋاي ئۇكام بۇنى سورىما، يامان بولىدۇ!

- ئىنسانغا تىنمايمەن ئاكا!

- قوناقلىقتا كۆسۈپ قالغان ئىتلارنىڭ تالىۋالغىنى راست ئوخشايدۇ، سايمان - جابدۇقلىرىنىڭ بىرىمۇ يوق ئۇكام!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىم بىر قايدى.

«خۇداغا قىلغىنىم بار ئىكەن، ھېلىمۇ رەھمەتلىك مىنى يېزىغا بۇيرۇپتىكەن، ناۋادا شەھەرگە بۇيرۇغان بولسا بۇ چاقىقا يەتتە كەتمەن توپا مىنىڭ ئۈستۈمگە تاشلىناركەن!»

ئىچىمدە خۇداغا مىڭ شۈكرى قىلدىم.

* * * * * * *

ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىمىزنىڭ يورۇت چوڭلىرى ماڭا باش - پاناھ بولۇپ تويۇمنى ئوبدانلا قىلىپ بەردى. ماڭا نىسبەتەن ئاسماندىكى ئاي بولغان ھاجىمنىڭ قىزى پاتىمخانمۇ ئاخىرى قولۇمغا چۈشتى، لېكىن توي ئاخشىمى سايت چولاق دېگەن پەسەندىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ تېنىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئەشۇ «ھەببە ئاداراق» دېگەن دورىسىنى يەۋالغانلىقىم ئۈچۈن ھوجرىغا كىرە - كىرمەي چىشىم گىرەلىشىپ قېلىپ پاتىمخانغا دىيىشكە تەييارلاپ قويغان كۆڭلۈمدىكى گەپلەردىن ھېچقايسىسىنى ئېيتالمىدىم، دورا تەسىرىدىن بوينۇم قېتىپ قېلىپ ئىككى يېنىمغا قارىيالمىغاچقا يېنىمدىكى پىخلىداپ كۈلۈپ يۈرگەن سايت چولاقنى بىر ئېغىز تىللاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي پاتىمخان سالغان يوتقان - كۆرپىگە دەرھەخ ئۆرۈلگەندەك يىقىلغان پېتىم كىرىپ كەتتىم....

ئەتىسىدىن باشلاپ بىزنىڭ بەختلىك كۈنلىرىمىز باشلاندى، پاتىمخاننىڭ ئايىغى يارىشىپ ئۆلەي دەپ قالغان قۇتا قويۇم بىر قېتىمدا ئىككىنى قوزىلاپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلدى...

«ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ» دىگىنىدەك بىزنىڭ مۇشۇنداق ئاسايىشلىق - خۇشال كۈنلىرىمىزدە ناھايىتى ئازساندىكى بىر ئۇچۇم يامان نىيەتلىك كىشىلەر ھەرخىل - ھەرياڭزا ئىشلار بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بىر ئاز جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدى...

يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن بىز كەنتتە كومتېتىدا بىر قىسىم ياشلارنى تەشكىللەپ يول-يوللارغا چاژا قۇرۇپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ تېگى-تەكتىنى ئىنقىلاپ گۇمانلىق كىشىلەرنى بايقىساق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەۋەر قىلماقچى بولدۇق.

شەھەردىن بىزنىڭ كەنتىمىزگە ئالتە كىلومېتىر كېلەتتى، ھەر بىر كەنتتە ئۆز ئالدىغا چاژا قۇرۇپ «ئاسماندا تور، يەردە قاپقان ھەركىتى» نى قانات يايدۇرغاچقا سىز مەيلى شەھەرگە كىرىڭ ياكى شەھەردىن بىزنىڭ كەنتتىگە چىقىڭ چوقۇم كامىدا ئالتە يەردىكى چاژىدىن ئۆتۈشىڭىزگە توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئالتە ئورۇندىكى خەلق پىدائىيلىرىغا كىملىكىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىز، تىزىملىتىشىڭىز شەرت، بويسۇنمايدىكەنسىز ئۇمۇمى ۋەزىيەتكە ماسلاشمىغان بولىسىز...

بۇ قېتىم كەنتىمىزنىڭ ئامىتى كەلدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا مىنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەن بولدى. بىزنىڭكىدىن باشقا كەنتلەر ئۆزىنىڭ كىچىك تۇپىلاڭ يوللىرىغا چاژا قورىغان بولسا ئەكسىچە بىزنىڭ كەنتتكە ماشىنا-تراكتورلار كۆپ ماڭىدىغان چوڭ يولغا چاژا قۇرۇش توغرا كەلدى...

كەنتتىكى ياشلارنىڭ كۆپىنچىمىز يەكشەنبە كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىشنى تالىشاتتۇق چۈنكى بۇ بازار كۈنىدە بۇ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدىغانلار ئىنتايىن جىق ئىدى، كەنتە كومتېتىدىكى يېقىنلىرىمنىڭ شاپائىتىدە مىنىڭ بازار كۈنلىكىدە چاژىغا چىقىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى...

يەكشەنبە تاڭ ئاتار كېچىسى خۇشاللىقتىن ئۇخلىيالماي تاڭنى بەكلا تەستە يورۇتتۇم، چۈنكى مەن ئەمدى قۇلۇمدىكى ئالا كالتەكنىڭ كۈچى بىلەن يوللاردا ئىلگىرى تۇپا-چاڭ چىقىرىپ بىزنى بۇخۇناق ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ مەغرۇرلارچە كېتىپ قالغان ماشىنا -تراكتورلارنى خالىغانچە توختىتىپ ئىچىدىكى ئادەملەرنى بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ چىقالايتتىم. تېخى ماشىنا-تراكتورلاردىكى ھارامزادە شوپۇرلاردىن باشلاپ دىمىقى ئۈستۈن ئاخۇنۇم-داموللىلارغىچە يەرگە چۈشۈپ ئالدىمدىن ئۆچرەت بولۇپ مېڭىشاتتى، كۈلگىسى بولمىسىمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ ماڭا خۇشامەت قىلىشاتتى، بولمىسا ئىككى قۇلۇمنى تامبىلىمنىڭ يانچۇقىغا تىقىۋېلىپ «ئاۋۇ نېمەڭ كەمكەن! ماۋۇ نېمەڭ يوقكەن!» دەپ ئۇلارنى بوش چۈكۈلداتمايتتىم...

ئەتتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن چىرايلىق ئايالىم پاتمىخان تويدا كىيگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىبەرقۇت تامبىلىمنى يوتقان دەزمىلىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ مىنى ئۇبدانلا ياساندۇرغاندىن كېيىن كان ئۇچاققا كۆمۈپ قويغان سوقتا كۆمەچنى پوتامغا تۈگۈپ بىرىپ بوينۇمغا ئېسىلغىنىچە منى ئۇزۇتۇپ قويدى...

يېڭى ئىش ئورنۇمغا بىرىپ يېڭىمگە قىزىل يەڭلىك تاقىدىم-دە خىزمەتكە ئاتلىنىپ كەتتىم، مەن بۇگۇن بىر كۈنلۈك چازىنىڭ باشلىقى بولغاچقا ھەممە ئىشلارنى قول ئاستىمدىكى تۆت-بەش مەدىكار قىلاتتى، مەن ئىككى قولۇمنى يانچۇقۇمغا تىقىپ ئۇلارغا نازارەتچىلىك قىلاتتىم، كىشىلەرمىڭىۋاتىدۇ...كىملىك تىزىملىنىۋاتىدۇ...ئاللا كارامەت...بۈگۈن بۇ تەۋەلىكتە مەندىن چوڭى بولماس ...قولۇم ھىلى يانچۇقۇمدا...ھىلى كەينىمدە...قورسىقىمنى ئالدىمغا چىقىرىپ بادالڭ قۇرساق بولۇپ كىبىرىمنى كۆرستەي دىسەم يا قۇرسىقىم چىقمىغان...

- چازىجاڭ، ماۋۇ خوتۇننىڭ شىپىيجىسى يوقكەن قانداق قىلىمىز؟ -دىدى قول ئاستىمدىكى بىرسى خىزمەت دوكلات قىلىپ.

«چازىجاڭ» دىگەن گەپتىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ باشقىچە خۇشاللىق ھىس قىلدىم-دە ئۇنىڭغا يۇغانلىقىمنى كۆرستىپ ۋارقىرىدىم:

- بولمايدۇ، بولمايدۇ، شىپىجىي بولمىسا قەتئى مىڭىشقا بولمايدۇ!

بۇ چاغدا يۈزىنى يۆگىۋالغان بىر چوكان گېلىنى قىرىپ ماڭا توۋلىدى:

- شىپىجىي دىگىننىڭ كىملىك شۇدۇ؟ توختاپ تۇرۇش ئىرىم ھازىر ئېلىپ كېلىدۇ...

- خېنىم نىمە ۋارقىرايسىز، -دىدىم ئۇ خوتۇنغا جاۋابەن، - ھازىر ۋەزىيەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدىغانسىز؟ يۈزىڭىزنى ئېچىڭ تەكشۈرىمىز!

- توختاپ تۇرۇش، ئېرىم ھازىر كېلىدۇ!، - دىدى ئۇ خوتۇنمۇ بوش كەلمەي.

- ئېرىڭىز ھەرقانچە بولسىمۇ يامۇلنىڭ ئامىلى ئەمەستۇ ئۇز خېنىم!

شۇنداق دېيىشىمگە بىرسى كەينىمدىن دولامغا قۇلىنى «پوككىدە» قۇيۇپ ماڭا ئۇنلۈك گەپ قىلدى:

- شۇنداق يامۇلنىڭ ئامبىلىمەن توختاخون!

مەن بۇ ناتونۇش ئاۋازدىن چۇچۇپ كەينىمگە قارىسام مەن دىمەتلىك بىرسى ماڭا قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپتۇ.

-مەن سىلىنى تونىمىدىمغو! -دىدىم ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇنى مەنسىتمەي.

- سىلى منى تونىمىغان بىلەن مەن سىلىنى ئۇبدان تۇنۇيمەن توختاخون! -

دېدى ئۇ مىنى يول بۇيىدىكى بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە شەرەت قىلىپ.

مەن ئۇنىڭ قۇلىدىكى ياغلىقتا ئورالغان نەرسىگە قاراپ دەرھال چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دېھقانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئۆي ئىگىسى كۆزۈنمەيتتى. ئۇ مىنى ئايۋانغا باشلاپ ئىشكىنى ھىم ئەتتى-دە ياغلىقتا ئورالغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر تال كىملىكنى قولىغا ئېلىپ ماڭا ئېيتتى:

- سىلىگە لازىمى ئايالىمنىڭ مۇشۇ كىملىكىدۇ؟

- شۇنداق، نېمە دىمەكچىسەن؟

- مەن ساڭا دەپ قوياي توختى پوكان، تولا ھەددىڭدىن ئاشما!

ئۇ شۇنداق دىگىنىچە يۇپۇرۇلۇپ كىلىپ ياقامنى تۇتقىنىچە يۈرىكىمنىڭ ئېغىزىغا ئىككىنى تىزلىۋىدى، ئولتۇرۇپلا قالدىم...ئاندىن بىلمىدىن تۇتىۋېلىپ ياناپاشقا ئالدى-دە بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا تازا بىر سالدى...«دۈك» قىلغان ئاۋاز بىلەن بېشىم پىقىراپ كۆزۈمنى قاراڭغۇلۇق باستى...

كاساپەت ئەسلىدە مۇشۇ يۇرتنىڭ داڭلىق چېلىشچىسى ھەم لۈكچىكى ئىكەن...

مەن ئۇنى تونۇماپتىمەن...ئورنۇمىدىن دەلدەڭشىپ ئاران تۇرۇشۇم بۇ ھارامدىن بولغان بىر قۇلى بىلەن گېلىمنى بوغۇپ تۇرۇپ يەن بىر قولىدا كىملىكنى ئەكىلىپ ئاغزىمغا تىقماسمۇ؟

ھۆكۈمەتمۇ تازا قىزىق، كىملىك دېگەنىنى كىچىكرەك ياسىمامدۇ، بۇ ئەبلەخ كىملىكنى ئېغىزىمغا تىقسىمەن دەپ تاس قالدى ئېغىزىمنىڭ ئىككى جاۋغىيىنى يىرتىۋەتكىلى، بىر ھساپتا ھۆكۈمەت يەنىلا يىراقنى كۆرىدىكەن، ناۋادا كىملىك دېگەنىنى قەرت ياكى دەپتەر چوڭلۇقىدا ياسىغان بولسا بۇ ھاراملىق كىملىكنى ئېغىزىمنى قايچىدا كىسىپ تىقامدىكىن تاڭ؟...

- كىملىككە تويدىڭما ئىتنىڭ بالىسى! تولا ھەددىڭدىن ئاشما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ، بىز يەنە قالىمىز ماۋۇ يۇرتتا؟

- ماقۇل...، -دېدىم ئېغىزىمدىكى كىملىكنى تەستە سۇغۇرۇپ ئېلىپ.

- يەنە خوتۇنۇمغا قالايمىقان گەپ قىلىدىغان بولساڭ، تىلىڭنى كېسىۋېتىمەن!

- ماقۇل دىدىمغۇ!!!

شۇنداق قىلىپ بۇ بەدبەختنىڭ ياغلىقىدىكى نەرسىسىدىن تەما قىلىپ بۇ نەس باسقان ئۆيدە بولدى دىگۈچە تاياق يەپ چىقتىم-دە قول ئاستىمدىكى نان قېپىلارغا ۋارقىرىدىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- بولدى، بۇ خان ئاچىمىز ئۆتۈپ كەتسۇن!

- بۇ ئايالىلارنىڭمۇ شىپىيجىسى يوقكەن قانداق قىلىمىز چارىجاڭ؟

ساناپ باقسام يەتتە - سەككىز چوكان، بۇلارنىڭ ئېرىمۇ ھەرقاچان چىلىشچى بولسا كېرەك قارىسام ئەپتى شۇنداق يامان - ماڭا ئالايغىنى ئالايغان... «سەككىزىنىڭ ئېرى كېلىپ سەككىز تال كىملىكنى يەنە ئېغىزىمغا نۆۋەت بىلەن تىققىلى تۇرسا قانداق قىلارمەن؟» ئاچچىقىمدا ئاغرىپ كەتكەن ئېغىزىمنى تۇتۇپ ۋارقىرىدىم:

- ھەممىسىنى ئۆتكۈزۋەت! مەن بۇ دۇنياغا خاس كىملىك يېگىلى تۇغۇلمىغاندىكىن!

ئۇلار ئەمدى ئۆتۈپ كېتىشى بىر كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى، ئادەتتە بۇنداق كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئىچىدە كۆپۈنچە مەخپىي خىزمەت تەكشۈرۈدىغانلار بولاتتى، ئۇلار كۆندە دىگۇدەك بىر - ئىككى قېتىم چىقىپ ھە دىسىلا «ئۇنى بوش قويۇشۇپسەن! بۇنى ياخشى تەكشۈرمەپسەن!» دەپ كەنتە كومتېتىغا ناھايىتى ئېغىر جەرىمانە قويۇۋېتەتتى. شۇڭا بايا يېگەن تاياقنىڭ ئاچچىقىدا بۇ ماشىنىنى ئۆزەم تەكشۈردۇم:

-ماشىنىدا قانچە ئادەم بار!

- ئىككى ئادەم بار! - دېدى ھاكاۋۇر شوپۇر ئېغىزىدىكى پاپىرۇسىنىڭ ئىسىنى ماڭا پۈۋلەپ تۇرۇپ.

- ئىككىڭلار چۈشۈپ بۇيەرگە تىزىملىتىڭلار!

بۇ چاغدا شوپۇر قولىدىكى تاماكىنىڭ قالدۇقىنى ماشىنا ئىشىكىنىڭ ئەينىكىدىن يەرگە چۈشۈرىۋېتىپ ماڭا ئۇنلۇك ئېيتتى:

- ئۇكام! ماۋۇ يېنىمدىكى ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

- كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر تىزىملىتىشى كېرەك! - دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.

- ماۋۇ دېگەن شەھەر باشلىقى ئۇكام!

- شەھەر باشلىقى؟

مەن سەل جىددىيلىشىپ ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئۇ كىشىگە تازا سەپ سېلىپ چىقتىم، ئۇ شەھەر باشلىقى ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەن شەھەر باشلىقىنى بىر قېتىم باجام تۇرانىياز باشلىقنىڭ ئۆيىدە پىششىق كۆرۈۋالغان ئىدىم. دەل مۇشۇ

چاغدا «شەھەرباشلىقى» تۇيۇقسىز ماڭا تىل سالدى:
- ۋۇ ياللانما ئىت! ئۆزەڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟!
ئۇنىڭ ھاقارىتىنى ئاڭلاپ كاللامدىن قوقاس قۇيۇلۇپ كەتتى.
- نېمە؟ تېخى مىنى ئىت دەپ تىللىداڭما؟ تۇفىي! ساڭا بوزەك بولىدىغان جانىنى بۈگۈن ساڭا تىكتىم، بايا بىرسىنىڭ كىلىپ ئاغزىمغا كىملىكىنى تىقىشىسەن، ئەمدى بىرسىنىڭ قۇيۇپ مىنى ئىت دەپ تىللىشىسەن، دىگىنە ھەزىلەك، بىز كىم ئۈچۈن يول تۇسىۋاتىمىز! بىزنى ئىت قىلغان سەن خۇنىسارلار ئەمەسمۇ؟، - مەن شۇنداق دېگىنىمچە يېنىمدا قاراپ تۇرغان قوشۇن ئەزالىرىمغا بۇيرۇق قىلدىم:
- ماۋۇ تېرروررچىنى تۇتۇڭلار!
ئەزالىرىم «تېرورچى» دىگەننى ئاڭلاپ ھايىنى-ھۇيىت دىگۈچە شوپۇرنى ماشىنىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ قۇلىنى كەينىگە باغلاپ ئۈلگۈردى، مەن بۇ پۇرسەتتە ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ھېلىقى ئاتالمىش«شەھەر باشلىقى»نىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يەرگە كۆچەپ تارتتىم.
بوي-بەستى مىنىڭدىن قاۋۇل بولغان بۇ خام سېمىز يالغان شەھەر باشلىقى توكتىا يېرىلىپ پارنىكتا چوڭ بولغان نېمە بولسا كېرەك، بىر تارتىشىمغىلا ماشىنىدىن يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشكەنچىلىك قىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ خورىكىم ئۆستى-دە ئابايام ئېغىزىمغا كىملىكنى تىقىپ ئوينىغان چېلىشچى ھارامىدىن ئالالمىغان ئۆچۈمنى بۇ گەدەنكەشتىن تازا بىر ئالماقچى بولۇپ بىر قۇلىنى ئارغامچا ئەشكەندەك كۆچەپ تولغىدىم، ئۇ ۋايجانلىغان پېتى يەرگە دۈم يېتىپ ئىڭراشقا باشلىدى، ئەتراپقا قارىسام يېنىمدا بىرەسى يوق، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇ ئەبلەخنىڭ كاللىسىنى ئوڭ پۇتۇم بىلەن دەسسەپ ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدىكى يۇمشاق قۇم توپىغا تازا چىڭ پاتتۇردۇم، ئۇنىڭ مايلانغان پارقىراق چاچلىق بېشىنىڭ يېرىمى پىشانىسى بىلەن قېتىلىپ قۇمغا بولدى دىگۈچە پاتتى، لېكىن ئېغىز-بۇرنى يەنىلا قۇم ئۈستىدە تۇراتتى، مەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا ئىككى يېنىمغا قارىۋېتىپ سول پۇتۇمدا قۇملارنى يىغىپ ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا تازا تىقتىم، ئۇ ئەمدى چوشقىدەك چىقىراپ -خاخىرغىنىچە يىغلاشقا باشلىدى:
-جېنىم ئۇكام... ماڭا رەھىم قىلغىن! ...ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!...
- ئېيتە سەن راست شەھەر باشلىقىما؟
- ياق ئۇكام...مەن شەھەردىكى بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- نېمىشقا راست گەپ قىلمايسەن؟

- شوپۇرنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەتىدىنكى چازىلاردىن شۇنداق ئۆتتۇپتىكەنمىز ئۇكام...

- سەن بىر كادىر تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرسەڭ، باشقىلار نېمە قىلىدۇ؟

- مەن خاتا قىپتىمەن ئۇكام، ماڭا رەھىم قىلغىن! ئەمدى ئېغىزىمغا تۇپا تىقما!...خوداھەققى...

بۇ غۇرۇرسىز ئەبلەخنىڭ خوتۇن كىشىدەك ۋايجانلاپ ماڭا يالۋۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگەندىم، ئىچىمدە «ئىست سىنىڭ باشلىق بولۇپ قالغىنىڭغا، كادىرلىقىڭغا چىچاي! تايىقنى يىسەمۇ سەندىن يەنىلا بايامقى كىملىكچى ياخشى ئىكەن!» دەپ مىڭ لەنەت ئوقۇپ ئۇنى قويىۋەتتىم.

دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى:

ئون سەككىز ياشلارنىڭ قارىسى ئالغان بىر بالا بىر كونا ۋەلسىپىتنى ھەيدىگىنىچە بىزنىڭ چازىمىزغا قاراپمۇ قويماستىن ئۇچقاندەك ھەيدەپ ئورمانلىقتىكى چىغىر يولدىن ئۆتۈپ كىتىشكە ئۇرۇندى، ئاڭغىچە بىزنىڭ ئادەملەر چاققان كىلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىردى:

- ھاي توختا! تەكشۈرىمىز!

قىرىشقاندەك ئۇ بالىنىڭ ۋەلسىپىتى ئورمانلىقتىكى قۇمغا پېتىپ قىلىپ ماڭالماي قالدى، بىز ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ بولغىچە ئۇ بالا ۋەلسىپىتنىڭ كەينىدىكى ئارتىلغان خورجۇندىن بىر دانە قاپقارا يۇمىلاق نەرسىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى-دە ۋەلسىپىتنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتتى...

بىز ئۇنىڭ تاشلىغان نېمىسىنىڭ نېملىكىنى بىلەلمەي ئالدىراپ ئۇ نەرسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق، قارىساق ئۇ يۇمىلاق نەرسىنىڭ چوڭلىقى بىر ئايلىق بوۋاقنىڭ بېشىدەك بولۇپ بىر تەرىپىدە يىپ-شوينىدەك بىر نەرسە ئۆتكۈزۈكلۈك ئىكەن، مەن ئۇنى قولۇمغا ئالاي دىيىشىم، يېنىمدىكى ھىلىقى «يالغان شەھەر باشلىقى» تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىردى:

- ۋوي بومبا!... ئاناي! ...

ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە ياندىكى سۈيى يوق قۇرۇق ئۆستەڭگە كىرىپ كەتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ ۋارقىراپ توۋلىشىدىن ئەندىكىپ كىتىپ بار كۈچىمىز بىلەن

شۇ ئۈستەك تەرەپكەقاچتۇق...شەھەرلىك خۇمپەر لاغ-لاغ تىترىگىنىچە ئۈستەكنىڭ يان تەرىپىگە قۇيۇلغان سمۇنت قورغاچنىڭ ئىچىگە ئۆملىگەن پېتى كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن قورغاچنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئالا-تاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى:

- ۋوي ئۇ دېگەن بومبا...سىلەر بىلمەيسىلەر... دەرھال بۇ يەرگە كىرىۋېلىڭلار! ...تېزبولۇڭلار!

- ۋاي ئۆتەپ بارە! پارتلاش ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ يەرگىچە يېتىپ كەلمەس!، -دېدىم ئاچچىقىمدا زەردە بىلەن.

- چوپ-چوك ئادەم تۇرۇپ قىلىپ يۈرگىنىنى!، -دەپ غەزەپلەندى يېنىمدىكى باغلاقتىن ھېلىلا يېشىنگەن شوپۇرمۇ ئۆز باشلىقىنىڭ قىلىقىدىن خىجىل بولۇپ.

مىنۇتقا قالماي قورغاچنىڭ ئىچىدىكى باشلىق يەنە «ۋاي خۇدايىم! بۇ يەرنىڭ ھەممىسى قومچاقكىنا...» دېگىنىچە قورغاچنىڭ ئىچىدىن يەنە كەينىچىلەپ يېنىپ چىقىپ يېنىمىزدا ھاسىراپ دۈم ياتتى.

بىز ئۈستەڭنىڭ قىرىدىن بېشىمىزنى چىقىرىپ بومبىغا قاراپ باقماقچى بولدۇق، لېكىن يېنىمىزدىكى «شەھەرلىك باشلىق» بىزنىڭ بېشىمىزنى چىقارغىلى قويمىدى:

- ۋوي ئۇكىلىرىم بېشىڭلارنى چىقارماڭلار...جان لازىم ئەمەسما سىلەرگە؟... بومبا پارتلاپلا كېتىپ قالسا ئىش چاتاق!، - دېدى ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئاۋازىنى پەسلەپ.

- ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ - دېدىم مەنمۇ ئاۋازىمنى پەسلەپ ئېھتىيات بىلەن.

- توختاڭلار مەندە قول تېلىفۇنى بار، ساقچىلارغا خەۋەر قىلاي!

«باشلىق» بىلىنى ئاختۇرۇپ يېنىدىكى كىچىك رادىئۇدەك بىر نېمىسىنى ئېلىپ ئۇگدا ياتقىنىچە جىددى گەپلىشىشكە باشلىدى.

شۇ چاغدا بىر توپ بالىلارنىڭ«سىنىڭ...مىنىڭ...»دەپ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن بېشىمنى چىقىرىپ قارىسام ئۇششاق بالىلاردىن بىر قانچىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ بىر نەرسىنى تالىشىۋاتقىلى تۇرۇپتۇ...

«ئاھ خۇدا ...يېڭى تۇغۇلغان مۇزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ دېگەن مانا مۇشۇدە..ئەمدى بۇ كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى پارتلاشتا ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟» بولارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئىمانىم شەيتىنىمدىن كۆچلۈك كەلدى، ئەركەكلىكىم تۇتۇپ ئورنۇمدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتىم-دە يۈگۈرگىنىمچە بومبىنىڭ ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېتىلىپ بالىلارغا ۋارقىرىدىم:

- ۋوي تېز قاچ، ئۇ دېگەن بومبا!

بالىلار مېنىڭ ئۈستەڭدىن ۋارقىراپ بوراندەك يۈگۈرۈپ چىققىنىمنى كۆرۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ قېچىپ كېتىشتى، مەن كىنودىكىگە ئوخشاش بومبىنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى تاشلاپ بومبىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ يېتىۋالدىم..

بىر سېكۇنت...ئىككى سېكۇنت...

بومبا تېخىچە پارتلىمايۋاتاتتى...

بۇ جىددىي پەيتتە ئۈستەڭدە قالغان شەھەرلىك باشلىق بېشىنى ئۈستەڭدىن چىقارماي تۇرۇپ ماڭا بۇيرۇق قىلدى:

- يۇقىرىدىن خەۋەر كەلدى، ھېچقايسىمىزنى بومبىغا تەگمەڭلار دەيدۇ! ئۇلار ھازىركىلىدىكەن!

- بىلدىم، - دەپ ۋارقىرىدىم تىترىگىنىمچە ، -ئەمدى قوپۇپ كەتسەم قانداق بۇلار؟

- توختا، مەن ئۇلاردىن سوراپ باقاي!

بىردەمدىن كېيىن شەھەرلىك باشلىق ماڭا جاۋاب قايتۇردى:

- ئۇلار سىنى جايىدا مىدىرلىمىسۇن ، بىز ھازىرلا يىتىپ بارىمىز دەيدۇ!

يۈرۈگۈمنىڭ دۈپۈلدىشى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتاتتى...مەن بارغانسېرى قورقۇشقا باشلىدىم...ئايالىم پاتمىخاننى ئويلاپ كۆزۈمنىڭ چانىقى ياشقا تولدى...ۋاقىت يەنىلا توختاپ قالغاندەك...

«ئىسىت نىمىشقىمۇ بومبىغا ئۆزەمنى ئاتقاندىمەن!»

ئالاھىزەل ئون بەش مىنۇتلارغا قالماي ساقچىلار تۆت ئەتراپىمنى قورشاپ يەردە دۈم يېتىشىپ تۇرۇپ ماڭا كارنايدا ۋارقىراشقا باشلىدى:

- توختى ئاستىڭدىكى قانداقراق نېمىكەن؟

- ئۆزى يۇمىلاق، تۇن قارا، پارقىراق نىمىكەن!

- قانچىلىك بار؟

- بوۋاق بالىنىڭ كاللىسىدەك بار!

- يەنە نېمە باركەن؟

- بىر يېرىگە تۆشۈك ئېچىلىپ شويىندەك بىر نېمە ئۆتكۈزۈگلۈكتەك تۇرىدۇ!

- ئۇ دېگەن بومبىنىڭ پىلتىسى توختى! ئۇ شويىنغا تەگمە! ھازىر تېلېۋىزىيە

ئىستانسىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ باشلىقىمىز يولدا كىلىۋاتىدۇ، ئۇلار كەلگەندە بىز سىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرىڭنى ئېلىۋالماقچى، جايىڭدا جىم يات!

بىردەمدىن كېيىن كىچىك ماشىنىدىن بىرسى چىقىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بوْيى پاكار بىر باشلىق چۈشۈپ كەلدى، كەينىدىن بىر قانچە كىشى دولىسىغا ئۇن ـ ئالغۇدەك بىرنىمىنى ئېلىۋېلىشىپ مىنى يىراقتىن سۈرەتكە ئېلىشقا باشلىدى:

ـ توختى سەن ھاياتمۇ؟، ـ دەپ سورىدى يىڭىدىن كەلگەن چوڭ باشلىق قولىغا كارنايىنى ئېلىپ يەردە ئۆمىلىگىنىچە ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

ـ مەن ھايات باشلىق!، ـ دېدىم ئۇ چوڭ باشلىققا خۇشامەت قىلىپ ئاۋازىمنى ئىنتىرىتىپ.

ـ سەن نېمىشقا بومبىنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ؟

ـ مەن...مەن...

مۇشۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم.

ـ خەلقنىڭ ھاياتى ئۈچۈن شۇنداقمۇ؟، ـدېدى باشلىق ئۆزى ئېغىز ئېچىپ.

ـ شۇنداق باشلىق!

ـ ۋەتەن ئۈچۈن شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق باشلىق!

ـ ھە ئەمدى ئايىغىنى دېگىنە!

ـ ۋەتەن ئۈچۈن! خەلق ئۈچۈن! پارتىيە ئۈچۈن!...يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن!...يەنە ...قۇرۇلتاي ئۈچۈن!...يەنە ئولىمپىك..

ـ ۋاي بولدى توختى، سەن جىددىيلىشىپ كىتىپسەن، دېگىنە سىنىڭ يەنە نېمە ئارزۇيۇڭ بار ئىدى؟

ـ مېنىڭمۇ باشلىق؟

ـ ھەئە كۆڭلۈڭدىكى گەپلەرنى ئېيتقىن، سىنى تېلېۋىزورغا ئېلىۋاتىدۇ!

ـ ئارزۇيۇمنى دىسەم قىلىپ بېرەمسىلەر؟

ـ ئاۋۋال دېگىن!

ـ مىنىڭ ئۇچقۇچى بولۇش ئارزۇيۇم بار!

ـ ۋوي توختى ئەمىلىيەتكە يېقىن گەپنى قىل!

ـ مىنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ رەئىس بىلەن كۆرۈشكۈم بار!

ـ تېخىمۇ ئەمىلىيەتكە يېقىننى دە؟

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمدە ئويلاپ قالدىم «تېخىمۇ ئەمەلىيەتكە يېقىننى دېسەم مۇشۇ تاپتا ماڭا بەش يۈز كوي پۇل بەرگەن بولسا، ئۇ پۇلغا خوتۇنۇم پاتىمخانغا بىر كىشىلىك ئەتلەس ئېلىپ بېرىپ قالغان پۇلنىڭ بىرقىسمىنى بىر يىللىق سۇ پۇلىنى تۆلىسەم، يەنە ئۇغۇت ئالسام، يەنە كېۋەز تېرىشقا ئىشلىتىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئالسام، ئاندىن قالغان پۇلغا گۆشكىردە ئېلىپ يېگەن بولساق... ياق بەش يۈز كوي يەتمەيدىكەن، مىڭ كوي دەيمۇ ـيا... لېكىن بۇنداق چاغدا پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرسەم خەق مېنى نېمە دەيدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ...» شۇنىڭ بىلەن ئۈنلۈك ۋارقىراپ باشقا ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم :

ـ مېنىڭ پارتىيە ئەزاسى بولغۇم بار!

ـ ماۋۇ گېپىڭ بولدى، يەنىچۇ؟

ـ ساقچى بولۇپ ئۆزەمنى پارتىيە ـ خەلققە ئاتىغۇم بار!

ـ ياخشى توختى! دېگەنلىرىڭنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىمىز، لېكىن بۈگۈندىن باشلاپ سەن ئۆزەڭنى پارتىيە ئەزاسى دەپ ئويلىغىن! سېنى پارتىيە تەشكىلىگە ئۆزۈم تونۇشتۇرىمەن! مەن هازىر يېنىڭغا بارىمەن، مىدىرلىماي شۇك يات!

چوڭ باشلىق شۇنداق دېگىنىچە يەر بېغىرلاپ مەن تەرەپكە كەلمەكچى بولدى، باشلىقنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئەر ـئايال ساقچىلار ۋارقىراشقىنىچە يىغلاپ ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭغا چاس بىرىپ هۆرمەت بىلدۈرۈشتى، نەچچىسى ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ يىغلاپ باشلىقنى ماڭغىلى قويمىدى، باشلىق دېگەن مىڭنى قىلسا باشلىق، خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇ قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئۇ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن يولداشلارغا تەسەللى قىلىپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاللاقاچان ۋەتەن ـ خەلقنىڭ كەلگۈسىگە بېغىشلاپ بولغانلىقىنى، ناۋادا بۇ قېتىمقى بومبا تازىلاشتا قۇربان بولۇپ كەتسە ئۆزىنىڭ جەسىتىنى كوئېنلون تاغلىرىغا دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەتلىدى ئاخىرىدا يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنەچچە تالنى چىقىرىپ پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلىنى ئالدىغا تاپشۇرۇۋەتتى....ئەتراپتىكى ساقچىلار، مۇخبىرلار باشلىقنىڭ بۇ ۋىدالىشىش سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆز ـيېشىنى يامغۇردەك تۆكۈشكە باشلىدى...

باشلىق ئاخىرى ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ مەن تەرەپكە ئۆمىلىگىنىچە يېقىنلاپ كەلدى...

ئۇ ئاستىمدىكى بومبىنى ناهايىتى ئېهتىياتچانلىق بىلەن قولىغا

ئالدى...باشلىقنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن مۇنچاق-مونچاق تەر ئېقىۋاتاتتى...

ئۇ بومبىنى قۇلىغا ئېلىپ ماڭا بىر قارىدى، تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئېچىلدىيۇ بىراق يەنە تۈرۈلدى... ئاندىن تېلېۋىزورغا ئېلىۋاتقان مۇخبىرلارغا بىر قارىدى... ئۇ چاپىنىنى ئاستا سېلىپ بومبىنى مەھكەم يۆگىگەچ قۇلىقىمغا كۇسۇرلاپ ئېيتتى:

- هاي توختى، بۇ قارا قاشتېشىدىن ياسالغان كونا بىر تورۇز تېشىكەنغۇ!

- مەن بۇنى بىلمىسەم باشلىق!

- ئەھۋالدىن قارىغاندا بايامقى ئوغرى سىلەرنىڭ توسقۇنۇڭلاردىن قورقۇپ كېتىپ ئوغۇرلىغان بۇ قاشتاش تورۇز تېشىنى سىلەرگە تاشلاپ بەرگەن ئوخشايدۇ!

- ئەمدى قانداق قىلىمىز باشلىق؟

- بۇ يەردە قالايمىقان گەپ قىلما، بۇ ئىشلارنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىمىز، ئۇلار نېمە دېسە شۇ...چۈشەندىڭمۇ؟

-چۈشەندىم باشلىق!

- خەۋىرىمىزنى كۆت!

- چۈشەندىم باشلىق! - دېدىم ياتقان يېرىمدىن قوپماي تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇرغىنىمچە بۇ چوڭ باشلىقنىڭ ھەر نېمە بولسا بۇ ئىشقا تاپا-تەنە قىلمىغانلىقىدىن ئالەمچە خوش بولۇپ.

1997-يىل قاراقاش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە كۇسار ئوغرىسى

شۇ ۋەقەدىن كېيىن پۈتۈن تارتقۇلارنىڭ باش بېتى «ئادالەت يولىدا جان پىدالىق كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەر ياش ـ توختى» بولۇپ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى سۈپىتىدە ھەرخىل يىغىن ـ مۇراسىملارنىڭ رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولۇپ كەتتىم. مېنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆيۈم تۈرلۈك ـ تۈمەن لەۋھە ـ تەقدىرنامىگە تولۇپ كەتتى...

«ئامەت كەلسە ئىشىكنى ئېتىۋالساڭ تۈڭلۈكتىن چۈشۈپتۇ» دېگەندەك بىر كۈنى ھېلىقى چوڭ باشلىق مېنى ئالايىتەن يوقلاپ چىقىپ ئۆزىنىڭ شۇ ئىشتىن كېيىن ئەمىلىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى مېنىڭ ئەتىدىن باشلاپ يېزىلىق ساقچىخانىغا چىقىپ ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرۇشۇمنى ئامال بار يىل ئاخىرىغا قالماي رەسمىي ئىشتاتلىق ساقچى قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پاتمىخان بىلەن ئىككىمىز بۇ خوش ـ خەۋەردىن شۇنداق خوش بولدۇق مەن كېچىچە ھاياجىنىمدىن پاتمىخانغىمۇ قارىماي دادامدىن قالغان بىر دانە كونا كونا ئىزناكنى مەيدەمگە تېگىپ تاڭنى كۆز يېشى بىلەن يورۇتتۇم.

شۇنداق قىلىپ مەن توختى پوكاننىڭ ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ يېزىلىق ساقچىخانىدىكى خىزمەت ھاياتىم باشلىنىپ كەتتى.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاران پۈتتۈرگەنلىكىم ئۈچۈن تەشكىل باشتا مېنى ساقچىخانا دەرۋازىسىغا قارىغىلى قويدى، مەن مەسئۇلىيىتىمنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ دەرۋازا تۈۋىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتىم، باشقىلار « نۆۋەتچىلىك ئۆيىدە تۇرساڭمۇ بولىدۇ، بېشىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن ئۇكام!» دەپ كۆيۈنسىمۇ ئۇنىماي دەرۋازا تۈۋىدە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇۋالاتتىم، مېنىڭ خىزمەتتىكى بۇنداق ئەستايىدىللىقىم ئۇزۇن ئۆتمەي باشلىقىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ ماڭا ئۆزىچە ئامراق بولۇپ قېلىپ مېنى ئۆيىنىڭ

ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىشلىرىغا ئاۋايلىماي سالىدىغان بولدى، باشلىقىمنىڭ ئايالمۇ سېمىزلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئادەتتىن تاشقىرى مېھرى ئىسسىق، ياخشى كۆڭۈل ئايال ئىدى، ئۇمۇ مىنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ ئۆيىدىكى ئاشقان ـ تاشقاننى كۈندە دېگۈدەك ماڭا يۈگەپ بىرەتتى. باشلىق بارغانسېرى مىنى ئەتىۋارلاپ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ بەردى، مەن كۈندە ئەتتىگەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى جان ـ پىدالىق بىلەن تازىلاپ ئۈستەل ـ ئورۇندۇق دىگەنلەرنى يالىغاندەك پارقىرتىۋەتتىم...ئانامنىڭ رەھمىتىنى ئالغان بەندە ئىكەنمەن، كېيىن سىياسىي كومىسسارمۇ مىنىڭ خىزمەتتىكى ئىپادەمنى كۆرۈپ ئاچقۇچىدىن بىرنى تۇتقۇزدى ...ئىشخانىلارنىڭ ئاچقۇچى بارغانسېرى ئاۋۇپ يان بىلىم ئاچقۇچ بىلەن تولدى، مەنمۇ ئادەملەر قىستىلىشىپ قالغان كوچا ـ رەستىلەردە يان بىلىمدىكى ئاچقۇچلارنى قەستەن كىشىلەرگە شاراقشىتىپ كۆز ـ كۆز قىلىدىغان بولدۇم، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەيۋەتلىك ساقچى كىيىمىمنى ئاندىن يېنىمدىكى ئاچقۇچلارنى كۆرۈپ «بۇنىڭ ئەملى چوڭ ئوخشايدۇ» دەپ ئۆزلىگىدىن ماڭا يول بىرىشىدىغان بولدى...

بىر كۈنى چۈشكە يېقىن باشلىقىمىزنىڭ چىرايلىق ئايالى ئوڭ ـ سولى ئۆچكەن ھالدا ساقچىخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ مىنىڭ پېشىمنى تارتتى:

ـ ۋوي توختى، بۇياققا چىقىڭە!

مەن ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن قانسىز چىرايىغا قاراپ بىرە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە قۇلۇمدىكى دەسمالنى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

ـ نېمە ئىش بولدى ئاچا؟، ـ دېدىم ساقچىخانىدىن يىراقلاپ بىر يەرگە كەلگەندە.

ـ نېمە ئىش بۇلاتتى، ـ دېدى ئاچىمىز ئىككى يانغا قارىۋېتىپ پەس ئاۋازدا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ھاسىرىغىنىچە، ـ ئابىيام ئاكىڭىزنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم يېزىمىزدىكى كارخانىچى شامىل شاڭخەي ياغلىققا ئورالغان بىرنىمىنى بىزنىڭ ئادەمنىڭ تارتمىسىغا تىقىۋېتىپتىكەن، مەن بېرىپ قارىسام ئۇنىڭ ئىچىدىكىسىنىڭ ھەممىسى پۇلكەن، شامىل شاڭخەي ئۇنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى بولغاچقا مەن شوخلۇق قىلىپ ئۇ پوللارنى ياغلىقى بىلەن سومكامغا سېلىۋالغان ئىدىم...

ئاچىمىز شۇلارنى دەپ كىلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

ـ ھە ئاخىرىنى دەڭا، نېمە ئىش بولدى؟، ـ دېدىم قۇلىقىمنى ئۇنىڭ يۈزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېقىنلاشتۇرۇپ.

- ئۇ پۇلنى بىرسى ئوغۇرلىۋاپتۇ...

- قانچە پۇل ئىدى؟

- مەن سانىمىغان، ئىشقىلىپ ئون مىڭ يۈەنچە بار...

- ئەستەخپۇرۇللاھ ماۋۇ ئىشنى، -دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، - بۇ قانداق بولغىنى!

- ئۇ پۇلغا ئانچە ئىچىم ئاغرىمىدى توختى، -دېدى ئاچىمىز يېشىنى ياغلىقنىڭ بۇرجىكىدە سۈرتۈپ تۇرۇپ، - ئەڭ مۇھىمى شۇ پۇلنىڭ ئارىسىدا شامىل شاگخەينىڭ ھەرەمگە چىقىدىغان يول خېتى بار ئىكەن، بىزنىڭ ئادەم ئۇ يول خېتىنى شەھەرگە ئەكىرىپ يۈقىرىغا تەستىقلىتىپ بەرمەكچى بوپتىكەن، ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن....

- پۇلنىڭ ئارىسىدا يول خېتى بارمىكەن؟

- ھەئە بىللە ئىدى...

- ئوغرى سومكىدىن ئاپتۇما؟

- ياق پۇل سومكىدا ئەمەستى، مەن ئۇنى كۆسىرامىنىڭ يانچۇقىغا شۇ پېتى تىقىپ قويغان...

- ئەمىسە بۇ گەپنى باشلىقىا دەيلى ئاچا!

- شۇ دىگىلى بولمايتتى توختى، - دېدى ئاچىمىز بېشىنى يەرگە تىقىپ تىرنىقىنى كوچىلىغان ھالدا.

- نېمىشقا ئەمدى؟

- پۇلنى كۆسىرامىنىڭ يانچۇقىغا سالغان دىدىمغۇ شۇ!

- ھەئە شۇنداق دېدىڭىز...

- ئۇ يۈزى قېلىن ئوغرى پۇللارنى كۆسىرام بىلەن قوشۇپ ئوغۇرلاپ كەتتى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشتا ھېچنىمىنى چۈشىنەلمىدىم كېيىن كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيۇپ ئىغىزىمغا كەلگەن تۈپۈكنى «غۇرتتىدە» يۇتۇپ كېكەچلىدىم:

-مۇنداق دەڭ، ئوغرى پۇلنى كۆسار بىلەن قېتىپ...

-شۇنداق توختى، سىزنى ئىرىم بەك ئاقكۆڭۈل ياخشى ئادەم دېگەن ئىدى، رادىئۇدىمۇ كۈندە سىزنى شۇنداق دەيدۇ، شۇڭا سىزگە ئىشىنىپ بۇ گەپنى دەپ سالدىم، ئىنسانغا تىنماڭ، ئۇ ئوغرى ھەرقاچان بۇ يۇرتلۇق ئەمەس...

-تەپسلاتىنى ماڭا ئېنىق دەڭا ئاچا!

- سىزگە دېسەم توختى، -دېدى ئاچىمىز گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - بۇگۈن بازار كۈنى بولغاچقا قىلىدىغان ئازراق سودىلىقىم بار ئىدى مەن ئاكىڭىزنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپلا بۇ پۇللارنى يانچۇقچىمنىڭ ئېلىۋېلىشىدىن قورقۇپ ساقچىخانا هويلىسىدىكى خالىجايدا كۆسرامنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان ئىدىم، مېڭىپ رەستىگە يېقىنلاشقان چېغىمدا كەينىمدىن بىرسى ئىسقىرتقاندەك قىلدى، قارىسام بويى-بەستى قاملاشقان ناتونۇش بىر يىگىت . مەن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي مېڭىشىم ئۇ يۈگرەپ كېلىپ مېنى گەپكە تۇتتى: «خانىم قارىسام تەرلەپ پىشىپ كېتىپلا، سەگىدەپ كەلمەيمىزمۇ؟» دەيدۇ، «ۋاي ئۆتەپ بارە سولتەك، ئىرىم بار مېنىڭ!» دېسەم دەماللىققا يانچۇقىدىن كونا قول ياغلىققا ئورالغان بىرنىمىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى، قارىسام بىر ئۇچۇم ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت، تېخى هېلىلا زەرگەرنىڭ قولىدىن چىققاندەك پارقىراق، مەن جىددىيلىشىپ «نېمە دېمەكچى سەن؟» دېسەم ئۇ ئەبلەخ«بۇ نەرسىلەر ئانامدىن ماڭا قالغان، سىزنى كۆرۈپ... بۇلارنىڭ هەممىنى بەرسەم، شۇڭا...» دىمەسمۇ، باشتا بۇ مەجنۇننىڭ تېتىقسىز-هاياسىزلىقىغا قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، كېيىن ئۇ ئالتۇنلارنى كۆرۈپ يۈرۈگۈم ئويناپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم، قارىماي دېسەممۇ كۆزۈم شۇ ئالتۇنلاردا قالدى، ئىرىم بولغان گۇي هە دىسىلا «مەن دېگەن باشلىق، باشقىلارغا ئۆلگە بولۇشۇم كېرەك، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى، مۇقىملىق-مۇقىملىق» دەپ يۇقىرىغا ئۆسۈشنىڭ كويىدا ئۆيگە ئايدا-يىلدا بىر كىرمەيدۇ، ئاڭلىسام دۇتارچى خوتۇنلارنى باشلاپ ئېشەك هاڭرىغان، داپ داراڭلىغان يەرلەردە ئەلەك-سەلەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرەرمىش، مەنمۇ ئايال كىشى، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ كۆڭۈل، ئۇ دانىنى ئۆيدىن يەپ تالاغا قۇيۇپ يۈرگەندىكىن مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆمرىدە بىرە قېتىم مېنى كەينىگە سېلىپ زەرگەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ باققان ياكى «سىلە ئۈچ بالامنىڭ ئانىسى، ماۋۇنى سېلىپ بېقىڭلار خوتۇن» دەپ ئۇزۇك چاغلىق بىرە نەرسە تەڭلەپ باققان كىشى ئەمەس، مېنى ئەزەلدىن كۆزىگە ئىلىپ باقمايدۇ، تېخى باشقىلار بىلەن بىرگە ئولتۇرىدىغان سورۇنلاردا هە دېسە مېنى ئەشۇ يۇغان قورساقلارنى ئۇسسۇل-تانسىغا تارت دەپ شەرەت قىلىدۇ، ئۇ پو قۇساقلار مەست بولۇپ قېلىپ خالىجايغا چىقماقچى بولسا مېنى يول باشلاپ ئاچىقىن دەيدۇ، ئېيتىڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن خوتۇنمۇ ياكى هايۋانمۇ؟ ئۇ تاز كالللارنىڭ

بەزەنلىرىنىڭ تىلىنى بىلىمەن، بەزەنلىرىنىڭكىنى بىلمەيمەن، ئۇلار چىلاشقىچە ئىچىپ ئۇرە تۇرغۇدەك ھالى يوق خالىجايدا ماڭا ھاياسىزلىق قىلىمەن دەپ ئالدىمدا ئىملەكىلەپ تىزلىنىپ ئۆيىدىكى خوتۇنلىرىنى تىللىشىپ بىر نىملەرنى دەپ يىغلىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ تىگى پەسلەرنىڭ بىرىگىمۇ تۇتۇق بەرگەن يىرىم يوق، بۇ قېتىم كۆڭلۈمدە «ئىرىم بولغان ئەبلەخ نومۇس قىلماي ئۆزىنىڭ ئەمەل-دۆلىتى ئۈچۈن مىنى شۇنداق ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىسا، ئاجرىشاي دېسەم ئۈچ بالام تالادا قالسا، خەقنىڭ ھەققىنى يەپ كاللىسى پوققا چىلىشىپ قالغان سورۇندىكى ئۇ خام كاللا مەستلەر مىنى سۆيىمەن دەپ ئىغىزىمنى تاپقىچىلىكى يوق ئۇيات يىرىمنى يالاپ ،تاھارەت لاتامنى ئىمىپ يۇرۇشسە ئۇنداق پاسكىنا توڭگۇزلار بىلەن بىللە بولغىچە ئەشۇ ھۆرمىتىمنى قىلغان ئوغرى بىلەن بىرە قېتىم بىللە بولسام نىمە بوپتۇ...» دىگەننى ئويلاپ ئۇنىڭغا ماقۇل دىدىم، شۇنداق قىلىپ ئاخىرى رەستىنىڭ ئايغىدىكى كىشى بارمايدىغان قوناقلىقتا كۆرۈشىدىغان بولدۇق...كىم بىلسۇن ئۇ ئوغرى چام يىرىم بولماستا كۇسرامنى تارتقانچە سالدۇرۇپ ئىلىپ قاچتى...

- ۋوي سىزمۇ قىزىق ئاچا، كۇساردا پول بارلىقىنى بىلمەمتىڭىز؟، - دىدىم گەپنىڭ ئاخرىغا تەقەززا بولۇپ.

- شۇ مەنمۇ بىر قۇلۇمدا كۇسرامنى چىڭ تۇتىۋالغان، لىكىن ئۇ ئەبلەخ قۇلىدىكى ئالتۇنلارنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغاندىكىن خۇشلۇقتا بىر قۇلۇم كۇسرامنىڭ بىغىدىن ئاجراپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ ئۇكام...

- تووۋا شۇنچە پۇلىڭىز تۇرۇپ قىلغان ئىشىڭىزنى...

- بولدى ئادەمنى تولا خىجىل قىلماڭ، ئالتۇن دىگەن ئايالارنىڭ شەيتىنىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئوغرىنىڭ خىلى پەيزى باردەك بىلىنىپ قالدى، ئۆمرۇمگە كىلىپ تۇنجى يىگەن پۇقۇم مۇشۇ....

- شۇمۇ گەپمۇ، ئالتۇنلار قىنى؟

- مانا ھەممىسى!، - ئاچىمىز شۇنداق دىگىنىچە سومكىسىدىكى ئۇ ئالتۇنلارنى ئىلىپ ماڭا كۆرسەتتى، - ھەممىسى مىستىن ياسالغان ساختا نەرسىكەن...

- ھەئە، ئوغرىنىڭ پەيزى باركەن ئاچا!، - دىدىم بىشىمنى لىڭشىتىپ ئاچچىقىمدا، -سىزنىڭ خالىجايدا پۇلنى كۇسرىڭىزغا سالغانلىقىڭىزنى بىرەسى كۆرگەنمىدى؟

ئاچىمىز بىردەم تۇرۇپ كىتىپ بىشىنى چايقاپ جاۋاب بەردى:

- خالادىغۇ مەندىن باشقا ئادەم يوق ئىدى...

- يان تەرەپتىكى ئەرلەر خالاسىدا چوقۇم ئادەم بار، ئىككى خالانىڭ ئوتتۇرىسىنى قومۇش بورىدا قېلىن توسۇپ قويغان بىلەن تاياقتەك بىرنىمىنى تىقىپ تۆشۈك ئېچىپ كۆرگىلى بولىدۇ. بىرسى چوقۇم سىزنى مارىغان گەپ، ھە راست چىرايىدا بىرە ئالاھىدە بەلگىسى بارمىكەن؟

- چىرايىغا ئېنىق قارىماپتىكەنمەن، ئىشقىلىپ ساغرىسىدا بىر تال قوناق چوڭلۇقتا ئۆسۈكچە گۆش بارمىكىن، قولۇمغا شۇنداقراق ئۇرۇنغان..

- ۋاي بولدى قىلىڭە!، - دېدىم ئاچىمىزنىڭ خىجىل بولماي كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتقان گېپىنى بۆلۈۋېتىپ بازار تەرەپكە ماڭغىنىمچە، - ئۆيىڭىزگە بارغاچ تۇرۇڭ، خوشخەۋەر يەتكۈزىمەن!

مەن شۇ ماڭغىنىمچە ئۇدۇل دوقمۇشتىكى ئىسمايىل كاۋاپنىڭ دۇكىنىغا باردىم، چۈنكى بىز نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىچكىرىچى لۈكچەك ئوغلىنى تۇتىۋېلىپ بۇگۈن سەھەردە قويىۋەتكەن ئىدۇق، ئويلاپ باقسام ئاچىمىزنىڭ ساقچىخانىغا كەلگەن چېغى دەل ئۇنىڭ قويۇۋېتىلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن ئىكەن.

- نۇرەك قەيەردە؟

- ئۇ ئۆيدە ئۇخلىۋاتىدۇ باشلىق، بىرە ئىش بولسا...، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ ئەللىكلەردىن ھالقىغان ھېلىگەر دادىسى ماڭا مەجبۇرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

- مىنى باشلاپ كىرىڭ، گەپىنىڭ چالىسى قاپتۇ!، -دېدىم ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ.

دىگەندەك ئىچكىرىدىكى ئۆيدە نۇرى قىمارۋاز قاتتىق ئۇيقىغا كەتكەن ئىكەن، مەن ئۇنىڭ دادىسىنى كاۋاپدانغا چىقىرىۋېتىپ ئۇنى نۇقۇپ ئويغاتتىم:

- ھەي نورى، تۇرە ئورنىڭدىن!

- نېمە ئىشتى باشلىق ئاكا؟، -دەپ سورىدى نورى قىمارۋاز ئەسنىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ.

- ئېيتە ساغرىڭدا بىرە تال مۇنچاق گۆش بارمۇ؟

- بارلىقىغۇ بار ئاكا، مونچاق گۆشۈم سىلەرگە تاقاشمىغاندۇ؟

بۇنى ئاڭلاپ پەرىزىمنىڭ توغرا چىققانلىقىنى پەملىدىم-دە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدىم:

- تۆرمىدە ياتامسەن ياكى كۇساردىكى پولنى بېرەمسەن؟

نۇرى قىمارۋاز ئادەتتىن تاشقىرى چاقچاقان ھەم زېرەك نېمە ئىدى، ئۇ گېپىمنىڭ باش-ئايىغىنى چۈشىنىپ بېشىنى قاشلىغىنىچە كارۋىتىنىڭ ئاستىدىكى قول ياغلىقتا ئورالغان پولنى ئېلىپ ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ساناشقا باشلىدى. مۇشۇ تاپتا يىپ-يېڭى پۇللار كۆز ئالدىمدا كىنو لېنتىسىدەك شاراقشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىمنى مۇجۇپ كېتىپ باراتتى، مەن كاللامغا قۇلاق چىقىپ بۇنداق جىق پولنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، بىر ھىساپتا ساقچىخانىدا ئون-يىگىرمە يىل ئىشلىسەممۇ بۇنچىلىك جىق پولنى يىغالمايتتىم، ئىختىيارسىز يۈرۈگۈم دۈپۈلدەپ ئېغىزىم قۇرۇقدىلىشقا باشلىدى، چىرايىمدىكى ئالامەتلەرنى سەزگەن نورى قىمارۋاز تۈيۈقسىز گەپ تەشتى:

-ئاكا، ئۇ ھارامخورلار سىز بىز، بىر ئۆمۈر تاپالمىغاننى ئېغىزىنىڭ يېلى بىلەن بىردەمدىلا تاپالايدۇ، ئۇلارنى ئاز-تولا باجلاپ تۇرغانىنىڭ ھېچقىسى يوق، ئەڭ ياخشىسى يېرىمىنى سىز ئېلىڭ، تۆگە كۆردۈڭمۇ ياق، تۆگمە كۆردۈڭمۇ ياق، قانداق ئاكا؟

نۇرى قىمارۋازنىڭ كىسىپ ئېيتقان گېپى ماڭا ياغدەك ياقتى، شۇنداقتىمۇ بېشىمدىكى ساقچىلىق شەپكەم مىنى ئۇنىڭغا تووۋلاتقۇزدى:

- ئۇنداق گەپنى قىلما، بىز خەلقنىڭ چاكىرى، پارتىيەنىڭ كادىرلىرى ئەزەلدىن سەن ئويلىغاندەك ئاچكۆز ئەمەس، مىنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ!

- ۋاي بىلمەن ئاكا، -دېدى ئۇ قاپىقىنى سۈزۈپ ئېغىزىنى چىكىلداتقىنىچە ماڭا تەنبىھ بىرىپ، - قۇرۇلۇشچى ئاغىنەم يېزىلىق ئورگاننىڭ مەيدان قاتتىقلاشتۇرۇش ئىشىنى «مەن ھەر كۋادرات مېتىرىنى ئەللىك يۈەندىن سۈپىتىگە ئۈچ يىللىق كاپالەتلىك قىلىپ ئالاي» دىسە بىزنىڭ ئەشۇ خەلق چاكارلىرىمىز ئاتام كۆرمىگەن، دادام كۆرمىگەن باشقا بىرسىگە ئىككى يۈز يۈەندىن ھۆددە بېرىۋېتىپتۇ، ئويلاپ باققىنا يېزىمىزنىڭ سۇ سىڭمەس قۇرلۇشى دەيمىز، يەنە توسما سېلىش دەيمىز قايسى بىرىنى بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى كىشىلەرگە بىرىپ باققان؟ بىزمۇ قىلغىلى ئىش تاپالماي ئۈچ چاقلىق موتوسېكلىت ھەيدەپ كىراغا سېلىۋىدۇق، سىلەر ماڭغىلى قويمىدىڭلار، باشقا ناھىيە-شەھەرلەرگە بېرىپ ئىشلەيلى دېسەك، كېچىسى ساقچىخانىدىكىلەر تەكشۈرەيمىز دەپ يىغىۋالغان، سەنمۇ بىلىسەن ئېتىزلىققا تېرىغىنىمىز چىقىمىغا تاشمىسا، دېگىنە بىز قانداق قىلىمىز؟ شۇ ئىچكىرىدە قاقىلاي-سوقىلاي بولۇپ كاۋاپچىلىق قىلغاچ يانچۇقچىلىق قىلىپ

يۇردۇق، ئەمدى ئۇ ئىچكىرمۇ چىقىپ بىزگە كۈن قالمىدى، ئۇ يەردىكى ساقچى غوجاملار تېخى بىزگە نېمە دەيدۇ بىلەمسەن ئاكا! ئۇلار: «ۋوي سىلەرنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، نېفىت بايلىقى، كان بايلىقى، گاز بايلىقى مول، ھېچ بولمىسا بىرىپ نىفىتلىكتە ئىشلىگىن، غەرىپنىڭ گازىنى شەرىققە يۆتكەش قۇرۇلۇشىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئىشچىسى بولغىن، سىلەر دېگەن تارىم نىفىتلىكىنىڭ خوجايىنلىرى تۇرساڭلار، ھۆكۈمەت سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىدۇ، سىلەرنى ئالدىن ئىشلىتىدۇ، نېمە قىلىسىلەر جەننەتتەك ماكانىنى تاشلاپ دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ بۇ يەردە.. » دەپ بىزگە تەربىيە بېرىشىدۇ، لېكىن بىز ئوقۇمىغان تۇرساق قانداقمۇ ئۇ چوڭ زاۋۇتلارغا ئىشچى بولالايمىز ئاكا؟ ھەر نېمە بولسا خۇدايىم بىلىپ ئاقسۇلۇقلارنى، بىڭتۈەنلىكەرنى بىرىپتىكەن، بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەر ھەر يىلى كۈزدە پاختا تەرگىلى چىقمىز دەپ بۆشۈكتىكىدىن -تۆشۈكتىكىگىچە چىقىدىغاندۇ؟ ئۆتكەن يىلى بەش كىشلىك كىچىك ماشىنىغا توققۇز ئادەم چىقىپ قاتناش ھادىسىسىدە تەگدىن تولىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ ئاكا؟بىزگىمۇ تەس...، ھە دىسە بىزنى ئوغرى-پوغرى دەيسەن، قارىغىنا ئەشۇ قورسىقىنى تومپايتىۋالغانلارغا ئۇلار قايسى بىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ يانچۇقى، كارنىيى ئۈچۈن، ئەمەل-ئورۇندۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتامدۇ، ئۇلار مەركەزنىڭ يەرلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەرگەن پۇللىرىنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ يۇقىرىغا قۇرۇق ھېساب بىرىدۇ، تۈۋەنگە بولسا گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدۇ، مانا مۇشۇلار ئوغرى ئەمەسمۇ؟ قارىغىنا ئەشۇ بىزنىڭ مەسچىتلەردىكى موللا-ئاخۇن دىگەنلەرگە ئۇلار ئىتىكاپتا ئولتۇرۇۋېلىپ ھەدېسە« ھەرەمگە بېرىڭلار، گۇناھىڭلاردىن يۇيۇلۇپ ئانىدىن تۇغما بولىسىلەر» دەيدۇ، بۇ بىچارىلەر بۇنى ئاڭلاپ يىمەي-ئىچمەي بىر ئۆمۈر يىغقان پۇلىسىغا ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن قانچە يەرگە نەچچە پول بىرىدۇ بىلەمسەن ئاكا؟ بۇنى سەن بىلمەيسەن ، بۇ ئاخۇن - موللىلار ئارقىدىن «تالاق، ئۈچ تالاق» دېگەن گەپنى ناھايىتى داۋراڭ سېلىپ سۆزلەيدۇ، قۇڭنىڭ ئەتراپىدىكى پوقنى تۈزۈك سۈرتۈشنى بىلمىگەن بۇ بىچارە بايقۇشلار بۇ تالاق سۆزىنى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى، ھۇقۇقى دەپ بىلىپ ئازراق ئاچچىقى كىلىپ قالسىلا ئۈچ بالىسىنىڭ يىتىم بۇلىشى بىلەن كارى بولماستىن بىچارە خوتۇنىنىڭ «ئۈچ تالاق» دەپ سۆزىنى بېرىشىدۇ، كېيىن بالىسى يادىغا كىلىپ ئاخۇنۇمنىڭ قېشىغا بارسا يېنىشىشقا يول چىقمىغان، شۇنداق قىلىپ بۇ بالىلار

ئانىسىنىڭ يېنىغا بارسا ئۇگەي دادا، دادىسىنىڭ قېشىغا بارسا ئۇگەي ئانا... مەندەك كىچىكلا كوچىغا تاشلىنىدىغان گەپ، مەنمۇ شۇ ئۆگەي ئانىنىڭ مەھسۇلى ئاكا، ئاڭلىسام بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجرىشىش نىسبىتى جۇڭگو بويىچە بىرىنچى ئورۇندا ئىكەنغۇ، ئېيتقىنا مانا مۇشۇنداق «تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس، سەۋرى قىلغۇچىلار پايدا ئالىدۇ، بۇ دۇنيا كاپىرنىڭ،ئۇ دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ...» دەپ ئاللانىڭ كالامىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر ئوغرى بولمامدۇ؟...

- ۋاي بولدى قىلە ئوغرى! ،-دېدىم ئۇنىڭ گېپىدىن قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ، - مەن دەرس ئاڭلىغىلى كەلمىدىم سەندىن، سەن دېگەن ئۇنداقلار ناھايىتى ئاز ساندا، كۆپىنچىسى ئۇنداق ئەمەس! پارتىيە ھامىنى جاجىسىنى بېرىدۇ ئۇلارنىڭ...ساڭا نېمە كەپتۇ جۇڭگو-پۇڭگو دەپ ئەمدى...

- كۆپىنچىسى ئۇنداق ئەمەس؟ ، - دېدى نورى قىمارۋاز ئورنىدىن چىچاڭشىپ تۇرۇپ، - تۇفىي!

- سەكرەيسەنغۇ، خاتا دېمىدىم مەن!

- بىر بالىنى ھەربىيلىككە ئالدۇرۇش ئۈچۈن نەچچە پول كېتىدۇ، بىلەمسەن ئاكا؟

- مەن نېمە بىلىمەن يا مەن ئەسكەرلىككە بېرىپ باقمىسام؟

- شۇنداق سەن بۇنى بىلمەيسەن، ئاچامنىڭ بالىسى ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كىلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغىلى نەچچە يىل بولدى بۇنى بىلمەيسەن، يەنە بۇيەردىكى خەقلەر ئىختىساسلىقلارنى ئەكىلىمىز دەپ نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق جايلاردىن پوقنى ئىككىگە بۆلەلمەيدىغان بىر توپ نان قېپىلاردىن نەچچە يۈزنى ھەر يىلى ئەكىلىدۇ، ئۇلارغا تەييار ئۆي، تەييار پۇل، مىنىڭ ئاچامنىڭ بالىسى بولسا خىزمەت تاپالماي دەردتە نەشە چېكىپ ئولتۇرغىنى-ئولتۇرغان، بۇنى بىلمەيسەن! بىزنىڭ ئەشۇ كىشىلىرىمىز يۇقىرىغا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەينەن دەپ كەلگەن ئىختىساسلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچنىمە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا يەنە بىردىن تەرجىمان بەرمىسە تۆۋەندە ھېچ ئىش قىلالماي جەمئىيەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ پۇل- ئادەم بايلىقىنىڭ ناھايىتى ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەپسىلى ئېيتسا ئۇلار بۇنىڭغا ئامال قىلمامدۇ ئاكا، گەپ ئەشۇ ئۆزىنىڭ يەۋاتقان نېنىدىن ئايرىلىپ قالامدىمىزكىن دەپ ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپ يۇقىرىنى ئالدايدۇ ماۋۇ خەق! مەركەز دېگەن مىڭنى قىلسا ئادىل

ئاكا، «خەلققە يۇقىرىنى قوق، يۇقىرىغا خەلقنى پوق» كۆرسىتىدىغىنى يەنە مۇشۇ مۇناپىقلار شۇ ئاكا!

- ۋاي بولدى قىلە ئوغرى، سەن نېمە دېگەن بىلەن سېپى ئۆزىدىن ئوغرى، ھازىر تۇرمىشىمىز ياخشىلىنىپ كەتتى، بۇرۇنقى زامانلاردا ھازىرقىدەك تـوك ـ لامپۇچكا يوق ئىدى، جىن چىراغ ياندۇراتتۇق، يېگىلى نان يوق پاخالنى قاينىتىپ ئىچەتتۇق، مانا ھازىر قارىغىنا تۇرمۇشىمىزغا نېمە دېگەن باياشاتچىلىق...بۇنى بىلەمسەن زادى؟

- ۋاي بولدى قىلە، شۇ پاخالنى قاينىتىپ ئىچكۈزگەنلەرنىڭ كىملىكىنى بىلەمتىڭ سەن! ئەشۇنداق چوڭ ئوغرىلارنى تۇتمىساڭ بىز يەنە شۇ پاخال قاينىتىدىغان كۈنگە قالىمىز ئاكا ، ئەڭ ياخشىسى مەندەك كىچىك ئوغرىلارنى قويىۋەت!

- ئېغىزىڭدىن بالاغا قالما، ئوغۇرلىقنىڭ ئاز كىلىپ سىياسىي بولۇپ ياتماقچىمۇ سەن!

- مانا قوپتى!

- نېمە قوپتى؟

- بىر ئېغىز ھەق گەپكە سىياسىي بولۇپ ياتقىلى سەن ناتىسىس، مەن يەھۇدىيما؟ مەن ساڭا دەي كومپارتىيە خەلقنىڭ! مەركەز ئادىل جۇما!

- پېيىڭ سىيقىراپ قالدىغۇ ئوغرى!

- ۋاي يامان بولساڭ ئاتە ئاكا، جان بىر قوۋۇرغا ئون ئىككى، ئاتام ئوغۇل دەپ تاپقان مىنى! سىنىڭ قاسقان شەپكەڭدىن قورقۇپ قالدىغان ئادەممۇ مەن!

- ئاغزىڭدىن پوق ئېقىتما!

- ماڭا ئۇنداق قۇرۇق تىرە تاراقشىتما؟ يالىڭاچ سۇدىن قورقماپتۇ دەپتىكەن ئەڭ ياخشىسى ئاق يەردە تۇگمەن تالاشماي، نەق گەپنى قىلشايلى!

- قايسى نەق گەپنى؟

- سەن يېرىمىنى، مەن يېرىمىنى!

- جۆيلىمە!

- سەن ئالتە مەن تۆت!

- پوق يىمە!

- سەن يەتتە مەن ئۈچ، ئەمدى قانداق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- بولمايدۇ!

- ئەمىسە مەنمۇ بۇ جاندىن تويدۇم، بىرىپ ئۇماچ پونكىتىغا باشلىق بولسام بولدۇم!

نۇرى قىمارۋاز شۇنداق دەپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاچ چىلىمكەش بەگلەرنىڭ ئېيتىدىغان بىر ناخشىسىنى سوزۇپ توۋلاشقا باشلىدى:

هاكىم بەگنىڭ ئۆيىدە،
ناۋات بىلەن قەندانى بار.
بىزدەك ئوغۇل باللارغا،
بۇ يۇرتنىڭ زىندانى بار.
توخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاغقا.
سەن مىنى ئۇرغان بىلەن،
خوتۇنۇڭ ياتتى قۇچاقتا.

بۇ مۇڭلۇق ناخشىدىن يۈرۈكۈم ئېزىلىپ ئۇنىڭغا قاتتىق ۋارقىرىدىم:

- نېمە دېدىڭ؟

- بىرىپ تاغدا تاش چاقامەن-شۇ!

- ئالدىدا نېمە دېدىڭ؟

- سەن ئالتە مەن تۆت!

- كېيىنكىسى!

- سەن يەتتە مەن ئۈچ، ئەمدى بولار ئاكا؟

- تېشىغا چىقىپ قالماس!

- ۋاي خاتىرجەم بولە، ئىچىمنى پىچاقتا قىرسىمۇ چىقمايدۇ...

- گىپىڭ گەپتۇ؟

- قۇرئان تۇتاي!

گەپنىڭ راستىنى دىسەم مۇشۇ يەتتە مىڭ يۈەننى پەقەت بىر كىچە يۈرىكىمنىڭ ئېغىزىغا تىگىپ يىتىۋالسام ئەتىسى مىنى ئېتىۋەتسىمۇ، گۆشۈمنى تىتما-تىتما قىلىپ پارچىلىۋەتسىمۇ مەن رازى ئىدىم، چۈنكى مەن تـوختى پوكـان بـۇ دۇنيـادا

نامراتلىقنىڭ، پۇلسىزلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باققان بىردىن ـ بىر كىشى ئىدىم.
مۇشۇ تاپتا تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتنىڭ خوشلۇقىدا چىكىتىدىغان ئىشىكنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلەلمەيۋاتاتتىم ، مەن ئىشنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ خۇددى نۇرى قىمارۋاز گىپىدىن ھېلىلا يېنىۋالدىغاندەك ئالدى ـ كەينىمگە قارىماستىن باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە ئۇچتۇم، ئاچىمىز ھويلىسىدا مىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتىكەن، مەن ۋىزىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ «ئوغرى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ يول خېتىنى قوناقلىقنىڭ ياقىسىغا تاشلاپ قويۇپتۇ، بىرسى تېپىۋاپتىكەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى» دەپ ئىشنى تۈگەتتىم، ئاچىمىز بۇنىڭدىن شۇنداق خوش بولدى، پۇلنى ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، تېخى ماڭار چېغىمدا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن پاتمىخانىغا ئاتاپ بىر ياغلىقنى ناۋات ـ قەنتلەرنى ئۇراپ بەردى.
ـ ئەمىسە مەن ماڭدىم ئاچا! ـ دېدىم زەللىنى بېقىنىمغا قىسىپ پاتمىخانىنىڭ يېنىغا ئالدىراپ.
ـ توختاپ تۇرغىن يەنە بىر گەپ بار!
ـ نېمە گەپ ئاچا؟
ـ بۇندىن كېيىن ئاكاڭدا ھەل قىلىدىغان ئىشى بار ھاجەتمەنلەر ئۆيگە كەلسە يېنىڭغا بۇيرۇيمەن،ھازىر ۋەزىيەت جىددى شۇڭا سەن ئوتتۇرىدا...، ـ ئاچىمىز قالدى گەپنى قولىقىمغا كۇسۇرلاپ ئېيتتى. مەن تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن خوش بولۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ماڭغىلىۋاتاتتىم ئاچىمىز يەنە ئېغىز ئاچتى:
ـ ھە راست توختى، ئۇ ئوغرى زادى قەيەرلىكتۇ؟
ـ بىلمىدىم، ئەمدى ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟
ـ مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، ئىشقىلىپ ئۇ ئوغرى بولسىمۇ خېلى پەيزى بار نېمىكەن!
ئاچىمىز شۇنداق دەپ بولۇپ قىزارغىنىچە يۈزىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن يۆگىۋالدى، مەنمۇ بۇ گەپتىن كۈلۈپ كېتىپ ئاچىمىزغا چاقچاق قىلدىم:
ـ كۇسارغا يەنە ئون مىڭ يۈەننى باغلاپ چىقسىڭىز يېزىمىزدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى پەيزى ئوغرىلاردىن بولۇشقا رازى ئاچا!

1997 ـ يىل قاراقاش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە پالتىچى ئارخات

بۈگۈن «يېزا ئاساسى قاتلام خىزمەتلىرىگە تەكشۈرۈپ - يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى» ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشكەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي - ئەمەلدارلارنىڭ بىمالال يول يۈرۈشى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مەركىزى يوللارغا تۇتىشىدىغان بارلىق چېغىر يوللارنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم قامال قىلىپ تۆت - بەش سائەتكىچە بىرە تال قۇرت - قوڭغۇز ياكى ئۇچار - قاناتنىڭ چوڭ يولغا كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۇڭۇشلۇق تاماملىدۇق.

ۋەزىپە ئاخىرلىشىپ چۈشكە يېقىن ئېغىزىمىزدا نەم دىدارى يوق ئىش ئورنىمىزغا كېلىپ يەنە كۈندىلىك خىزمەتلىرىمىزگە چۈشۈپ كەتتۇق، كىشىلەر «دۇنيادا ئۇ بولماق تەس، بۇ بولماق تەس» دېيىشىدۇ، مەن ئويلايمەن دۇنيادا ھەممىدىن ساقچى بولماق تەس، بىز ساقچىلارنىڭ دەردىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىزگە شەنبە - يەكشەنبە يوق، ھېيت - بايرام دەم ئېلىش يوق، سەككىز سائەت ئىشلەپ ئۇندىن كېيىن ئارام ئېلىش دەيدىغان گەپ يوق، قاچان بىرە يەردە ئىش چىقىپ قالسا كېچىنى - كېچە دىمەي، سوغۇقنى - سوغۇق دىمەي خىزمەتكە ئاتلىنىپ كېتىمىز، ئالىدىغان ئايلىقىمىز باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، بەرگەن كاماندىروپكا راسخوتىمۇ بىر ۋاقلىق تاماققا يەتىدۇ ياكى يەتمەيدۇ، «كۆز بىلەن كۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولمىسا بىر - بىرىنى يەيدۇ» دىگەندەك بىزنىڭ بۇ خەقلەر بىردەم تىنچ تۇرسا ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ، ھە دىسىلا بىر - بىرى بىلەن بوغۇشقان، ھېلى سۇتالىشىپ ئۇرۇشقان، ھېلى خوتۇن تالىشىپ پىچاقلاشقان، بىرسى توخۇ ئوغۇرلىسا بىرى تۇخۇم ئوغۇرلىغان، بىرسى تامغا شۇئار چاپلىسا، يەنە بىرسى ئەرز قىلىمەن دەپ مەركەزگە بېرىۋالغان، «مۇقىملىق،مۇقىملىق، يەنە مۇقىملىق» ،بىزنىڭ مۇشۇنداق جاپا تارتىشىمىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، تەنقىد - ئۇستىگە تەنقىد، يېغىن ئۇستىگە يېغىن، تېخى ئاڭلىساق بەزى كىشىلەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىغا بەخت تىلىگەندە ئېغىزىدىن شالۇك ئېقىتىپ «بالام

چوڭ بولساڭ كاتتا بايلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ياساقچى بولارسەن، يا ئاقچى بولارسەن، ئامىن!» دەپ سېپسىق گەپلەرنىمۇ قىلارمىش،ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ نەدە ئۇنداق ئارتۇق پۇلىمىز، نەدە ئۇنداق ئارتۇق ھوقۇقىمىز، ئىشقىلىپ ئانىسىنىڭ بىجىقىنى قاتتىق چىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساقچى بولىدىكەن...

چۈشتىن بۇرۇن يولدا رەھبەرلەرگە يول بىكارلايمىز دەپ سىيگىلىمۇ ئارام بولمىغان ئىدى، خالىجايدىن يېنىپ دۇجۇرنىلىك ئۆيىگە ئەمدى كىرىشىم كارىۋات ئۈستىدە بىرپارچە كونۇېرت تۇرۇپتۇ، يېزىدىكى خانىم قىزلارنىڭ بىرەسى ماڭا يۇشۇرۇنچە كۆيۈپ قىلىپ يازغان خېتى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئالدىراپ كونۇېرتنى ئاچتىم، كىم بىلسۇن خەتنىڭ مەزمۇنى باشقىچە تۇراتتى:

ھۆرمەتلىك ساقچى تاغىلار:

سىلەر تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان ھېلىقى ئەڭ چوڭ قاتىل قاچقۇننىڭ ئىزدىرىكىنى بىلىپ قالدىم، بىرىدىغان سۆيۈنچىنىڭ كۆپلىكىنى ئويلاپ بۇ نامسىز خەتنى يازدىم، ئۇ بۈگۈن ئاخشام قارا قۇزۇق بازىرىنىڭ قاغىلىق كەنتىدىكى مۇسا باينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدۇ،پۇرسەت غەنىيمەت، قاچقۇن تۇتۇلغاندا سۆيۈنچىنى ئالغىلى بارىمەن!

مەن خەتنى كۆرۈپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خوش بولدۇم-دە باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا يۈگۈردۇم. باشلىق مەلۇماتنى كۆرۈپ شۇئان گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ قويغان-تۇتقىنىنى بىلەلمەي قالدى ھەمدە خىزمەتداشلارنى يىغىپ بۈگۈن كەچتىكى ھەرىكەتنىڭ پىلانىغا ئۆتۈپ يان قۇراللارنى تارقىتىشقا باشلىدى.

كەچمۇ يېتىپ كەلدى، كېچە سائەت ئون ئىككىلەر ئەتراپىدا بىز پىلان بويىچە ئون نەچچە ئادەم قاغىلىق كەنتىدىكى سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە خۇپىيانە بېرىپ ئۇنىڭدىن مۇسا باينىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدۇق:

- سىلەرنىڭ قاغىلىق كەنتىدە مۇسا باي دەپ بىرى بارمۇ؟، - سورىدى باشلىقىمىز سېكرېتاردىن.

- بىزنىڭ قاغىلىقتا مۇسا باي دەپ يوق لېكىن مۇسا توكۇر دەپ بىر قېرى چال بار، -دېدى سېكرېتار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي سەل جىددىيلىشىپ.

- ئۇنىڭ لەقىمى نېمە؟

- مۇسا توكۇرنىڭ لەقىمى شۇ توكۇر ئىدى، باشقا لەقىمى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- كەنتتە يەنە باشقا مۇسا باي دەپ بىرى بارمۇ-يا؟ - دەپ سورىدى باشلىق ئىنچىكىلەپ.

- ھە راست، مۇسا توكۇر ئىلگىرى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ باي پومېشچىكى ئىكەندۇق، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ھەركەتتە باشقىلار ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئۇرۇپ چېقىپ ماگالمايدىغان قىلىپ قويغاچقا باي دېگەن لەقىمى «توكۇر» دېگەن لەقەمگە ئالمىشىپ قاپتىكەن، شۇمىدۇ-يا؟

- شۇ بولىشى مۇمكىن، دەرھال يول باشلاڭ!

- تووۋا بۇ بىر جۈپ بوۋاي-موماي كەنتىمىزنىڭ يۈز ياشتىن ئاشقان ئۆمۈر چولپانلىرى ئىدى، -دېدى سېكرېتار ئالدىمىزدا مېڭىۋاتقاچ ئېغىر خورسىنىپ، - شۇ قېرى ھالى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزغانمىدۇ بولار؟

بىز ئون نەچچە مىنۇتتەك پايپىيادە مېڭىپ دۆڭنىڭ كەينىدىكى بىر يېگانە ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق، سېكرېتار قولىقىمىزغا مۇشۇ ئۆينىڭ مۇسا توكۇرنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى پىچىرلاپ ئېيتتى، ئاي يورۇقىدا بۇ ئۆي شۇنداق پاكار شۇنداق ئەبجەق كۆرۈنەتتى. بىز ئون نەچچە ئادەم بۇ ئۆيدىكى ۋەھشى قاتىلنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارقا باغنىڭ شورىسىدىن ئۆملەپ كىرىپ بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىنى ئۆگزىدىن باشلاپ تولۇق قورشاپ چىقتۇق، ئاندىن پىلان بويىچە باشلىق قاتارلىق بىر قانچىمىز ئايۋاننىڭ ئىشىكىگە پەم بىلەن يېقىنلىشىپ قولىقىمىزنى قوش قانات ئىشىكنىڭ شېلىغا چىڭ يېقىپ ئۆي ئىچىدىكى تىۋىشقا قولاق سالدۇق. ئۆينىڭ ئىچى تۈيۈقسىز گۈلدۈر-گۇپپاڭغا تولۇپ قوناق سوققاندەك «دۆك!...دۆك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىيا-چىيا باشلاندى...قانداقتۇ بىر كىملەرنىڭ يىغا-زارى، ئاھۇ-نالىسى ئايۋاننىڭ ئىچىنى بىر ئالدى...

مۇشۇ تاپتا ۋەھشى قانخور قاتىل ئۆزىنىڭ قان خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن بۇ ئۆيدىكى بوۋاينى پىچاق بىلەن ئەمەس كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋاتاتتى...بىچارە موماي بولسا ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ بىر ياندا ئۇنىڭغا توختىماي يىغلاپ يالۋۇراتتى ...قاتىل ئۇرۇپ ھاردىمۇ ياكى بوۋاي توقماق زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىمۇ دۆگىلدىگەن ئاۋازنىڭ ئورنىغا ئەمدى «گۆس-گۆس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ قاتىل تەلۋىلىكىدىن، كۈچىدىن قالمىغاندەك تۇراتتى، ھەر بىر قېتىم گۆسۈلدىگەندىكى زەربىنىڭ تەسىرىدە بىز دەسسەپ تۇرغان يەر تىترەپ ئايۋاننىڭ ئىشىكىدىكى زەنجىرمۇ ئىككى يانغا

پۈلاڭشىپ بىچارە مۇماينىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدىن چىققان زەئىپ يالۋۇرۇش ئاۋازلىرىنى قۇلىقىمىزغا تۇزۇك ئاڭلاتقۇزمايۋاتاتتى...

بىز بۇ ۋەھشىلىكتىن چىشلىرىمىزنى غۇچۇرلىتىپ ھۇجۇمغا تەييار بولدۇق لېكىن بۇنداق چوڭ قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكەتلىرىدە بۇيرۇقسىز قالايمىقان ھەرىكەت قىلىشقا بولمايتتى. بىز تىت-تىت بولۇپ ئارىمىزدىكى يېشى ھەممىدىن كىچىك، يۈزى ھەممىدىن چوڭ بولغان سىياسىي يېتەكچىگە قارىدۇق. سىياسىي يېتەكچى ئاخىرى «غەزەپلىنىشكە بولمايدۇ، سوغۇققان بولۇڭلار، پەم بىلەن دۈشمەننى قاپقانغا سەكرىتىش كېرەك!» دېگەن ئۇلۇغۋار بۇيرۇقنى بەردى.

بىز بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن غەزىپىمىزدىن يېنىپ ئۆزىمىزنى بېسىۋالدۇق-دە ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى ئاستا ئىتتىردۇق، قوش قانات ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى، باشلىق قۇلىغا يان قورالنى ئېلىپ ئۇنى بەتلىۋالغاندىن كېيىن سېكرىتارغا ئىشىكنى يىنىك چەككۈزدى...

ئۆي ئىچىدىن جاۋاب يوق.

ئىشىك قاتتىقراق قېقىلدى...

يەنە سادا يوق.

ئەكسىچە ئۆي ئىچىدىن بىچارە مۇماينىڭ «خوش بۇلاي غوجام، ماڭا رەھىم قىلىڭ! ماڭائىچىڭىز ئاغرىسۇن غوجام» دەپ يىغلامسىرىغان ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. دېمەك ۋەھشى قاتىل ئەمدى زەھەرلىك قۇلىنى مومايغا سۇنىۋاتاتتى.

ئەمدى كىرمىسەك مۇماينىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغىلى بولمايتتى، باشلىق شۇئان چىشىنى غۇچۇرلاتقىنىچە كەينىگە قوچقارچىلاپ يېنىپ ئىشىكنى كۈچەپ بىر تېپىشى بىلەن ھەممىمىز«مىدىرلىما!» دەپ ۋارقىراشقىنىمىزچە ئايۋانغا باستۇرۇپ كىردۇق،ھەممەيلەننىڭ قۇلىدا بىردىن تاپانچا مىنىڭ قۇلۇمدا بولسا تۆت ماي چۈشىدىغان قول چىراغ...

مەن دەرھال قول چىراقنى سۇپىغا تۇتتۇم، سۇپىدا بىر كىشىلىك يوتقان-كۆرپە سېلىنغلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا ئادەم باردەك ئەمەس، باشقىلار دەرھال قازناق ئۆيگىچە چارلاپ چىقتى-ئادەم يوق.

مۇشۇ تاپتا بۇ خۇنخور قاتىل قورقىنىدىن يوتقاننىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىۋېلىپ چىك پۈركىنىۋالغاندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ بەدىنى قورقۇنچىدىن لاغ-لاغ تىترىگەچكە ئۈستىدىكى يېپىنىۋالغان يوتقانمۇ توختىماي مىدىرلايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- بىز ساقچى! قولۇڭنى كۆتەر!

قاتىل بىزنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى باتۇرانە ھەرىكىتىمىزدىن جان-پېنى چىقىپ،ئەس-ھوشىنى يوقاتقان بولسا كېرەك بېشىنى چىقىرىش تۆگۈل جاقىلداپ تىترەپ يوتقاننى تېخىمۇ ئاستىن-ئۈستۈن مىدىرلىتىشقا باشلىدى...

غەزەپكە كەلگەن باشلىقىمىز تاپانچىنى ئۇ ئەبلەخنىڭ بېشىغا توغرىلاپ تۇرۇپ يوتقاننى كۈچەپ تارتتى...

يوتقان يېرىم ئېچىلدى...

يوتقاننىڭ ئىچىدە بىر جۈپ باش ...

قاتىلنىڭ قارىسىمۇ يوق...

مەن قول چىراقنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۇتتۇم- بىر بوۋاينىڭ تاز بېشى بىلەن بىرمومايىنىڭ تازىلىق قەغىزىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن ياغاق يۈزى...

كۈچلۈك ئېلېكتر نۇرى بوۋاينىڭ كۆزىنى ئاز-تولا غىدىقلىغان بولسا كېرەك، ئۇھاسىرىغان پېتى بېشىنى كۆتۈرۈپ قولۇمدىكى قول چىراغقا قارىغاندەك قىلدى، قارىسام ئېغىزىدا بىر تال چىش ئەۋلادى يوق، يۈزلىرى چىبەرقۇتتەك قورۇق باسقان، قېرىغىنىدىن مۈكچىيىپ چىمچىلاق بارمىقىمدەكلا بولۇپ قالغان ۋىجىك بىر بوۋاي...

«توۋۋا قىلمىدىم! ... ئۆلەي دەپ قالغان ماۋۇ ئىككى قېرىنى؟...»

بوۋاي قولۇمدىكى قول چىراغقا قاراپ قويۇپ چېكىسىدىكى مۇنچاق-مۇنچاق تەرنى ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋېتىپ يەنە ئىت تالاشقاندەك ئاۋاز چىقىرىشىپ «خورەك» كە چۈشۈپ كەتتى. ئاڭغىچە باشلىقىمىز غەزەپتىن بۇ ھايۋانلارغا ۋارقىرىدى:

- ئاناڭنى بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ قېرى كۇسپۇرۇچلار!

ئۇلاردىن يەنە ھېچ سادا يوق.

- ۋاي بولدى قىلىشە ئىتنىڭ باللىرى!

ئۇلار بۇ يېقىندا توختايدىغاندەك ئەمەس.

ئاڭغىچە ھويلىدا قالغان سېكرېتار كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كىرىپ بىزگە تەسەللى قىلدى:

- ۋوي بۇلارغا ۋاقىرىغاننىڭ پايدىسى يوق باشلىق، قولاق قېتىش پاڭقاي بۇلار!

- ۋاي بۇ خەقنىڭ كۆزىمۇ كۆرمەمدۇ سېكرېتار؟ ،- ۋارقىرىدى ئاچچىقىدىن يېرىلاي دەپ قالغان باشلىقىمىز تەلەتىنى بۇزۇپ.
- ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالغىلى نەچچە يىل بولدى شۇڭا ئۆيىدە توكىمۇ يوق، يۈز ياشتىن ئېشىپ كەتتى دىسىلە بۇ خەق!
دەل مۇشۇ چاغدا يوتقانىدىكى بۇ بىئەدەپ قېرىلاردىن ئاز-تولا زۇۋان چىققاندەك بولدى:
- ۋاي قۇرغۇيۇم... بىردەمدە ئورغاقنى بەلگە قىستۇردىلىيا... ئورما تېخى تۈگىمىدى ناۋىتىم غۇجام!، -دېدى جېنى تۇمشۇقىغا كىلىپ قالغان چىشى يوق موماي ناھايىتى بوش ھەم ئىللىق ئاۋازدا غىڭشىپ.
- توختا...توختا ئۈز خېنىمىم، بىر شەپە بار، - دېدى بوۋاي كاڭىلداپ ھۆتەلگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىنكى تىڭشىغا زەن سالغاندەك دىققەت قىلىپ، - قويلار ئېغىلدىن چىكەتكەنمىدۇ-يا ئاق ئۇجمەم؟
بىز بۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئاتاشقاندىكى ماز گەپلىرىدىن ياقىمىزنى چىشلەپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق.
شۇ چاغدا ئۆلەي دەپ قالغان «ئاق ئۇجمە» دىن جاۋاب كەلدى:
- ئېغىلنى ئەتكەن قارىم غۇجام، ئىتلارنىڭ كۇسۇيدىغان مەزگىلى ئەمەسمۇ، چوقۇم ئەشۇ ئىتلارنىڭ شەپىسى، كارىلىرى بولمىسىنا ئۇ لالما ئىتلار بىلەن، كەلسىلە خامانىنى ئالىدىغان چاغ بولدى پەلۋېنىم!
- ۋاي تاتلىقىم! ....ۋاي تاتلىقىم!، -بوۋاي شۇنداق دىگىنىچە مومىينى ئەركىلىتىپ ئورغاقنى قولىغا ئالدى.
بۇ چاغدا يوتقاننىڭ بىر بېشىدا بۇ ئاللا-كارامەتنى كۆرۈپ تۇرغان يەنە بىرخىزمەتدىشىم بۇ «ناھەقچىلىق» قا چىدىيالماي توۋلاپ كەتتى:
- كىم لالما ئىتكەن ؟ ئېغىزىغا بىر سالايمۇ بۇ ئۆلمىگەن قېرىنىڭ؟
بۇنى ئاڭلاپ مىنىڭمۇ غورۇر-ۋىجدانىم ئېچىشقاندەك بولدى-دە ئالدىراپ ۋارقىرىدىم:
- كۇسۇپ قالىدىغانغا بىز يا قانجۇق ئىت بولمىساق؟ بىز دېگەن ئىمانى ئەركەك بۆرەئىت جۇما ماز قېرى!، - مەن شۇنداق دەپ توۋلىغاچ ئۇلارنىڭ ئىت بېشىغا دەسسەش ئۈچۈن پۇتۇمنى راسا ئېگىز كۆتۈردۈم.
- ۋاي بولدى قىلىشە! مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ئىتنىڭ باللىرى! نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزەڭگە ئېلىۋالىسسەن بۇ گەپنى، كىم ئىتكەن؟ ـ ۋارقىردى باشلىق غەزەپ بىلەن ئىككىمىزگە ئالىيىپ.

ـ بىز...بىز...

ـ ئۆچۈرە چىراقنى! ھەرقانچە ئاناڭ سىنى قول چىراغ بىلەن تۇغقان بولسىمۇ چىراغچى ھابدال! ـ دەپ ۋاقىرىدى باشلىق ماڭا قاراپ خىقىراپ.

مەن ئىزانى ئاڭلاپ دەرھال قول چىراقنى ئۆچۈردۈم، باشلىق «تۇفىي!» دېگىنىچە سوپىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ھويلىغا ماڭدى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يۈزى قېلىنلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلدۇق.

باشلىق ھويلىغا چىقىپ چىچاڭشىغىنىچە تاماكىسىنى قولىغا ئالدى، مەن دەرھال ئۇنىڭغاخۇشامەت قىلىپ چاقماقنى ياققاچ كېكەچلىدىم:

ـ ئەمدى... قانداق قىلىمىز باشلىق؟

ـ قانداق قىلاتتۇق، ئاناڭنى ئالىمىز! ـ باشلىق شۇنداق دېگىنىچە قولۇمدىكى چاقماقنى كۈچەپ ئۇرۇپ ئاللىقاياقلارغا چۈشۈرۈۋەتتى. مەن باشلىقنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ شۈك بولۇپ قالدىم. قېرىشقاندەك باشلىقنىڭ چاقمىقىدىن ئوت يانغىلى ئۇنىماي يەنە ماڭاۋارقىرىدى:

ـ ھەي چىراقچى!

ـ خوپ باشلىق!

ـ ئوت!

قولۇمدىكى قول چىراقنى يورۇتۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چاقماقنى تېپىپ باشلىقنىڭ تاماكىسىغا قايتىدىن ئوت سۇندۇم:

ـ قايتايلىمۇ باشلىق؟

ـ خەپ ئىگەكىم خەت تاشلىغان ھەزىلەكنى تاپمىسام!

بىز شۇنداق قىلىق بۇ قېتىمقى ھەركەتنى تاماملاپ ئىشخانىغا قايتتۇق.

* * * * * * * *

بۈگۈن سياسى يېتەكچى بىلەن ئىككىمىزگە ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى كەلگەن ئىدى، بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ گېپىنى ئوبدان ئۇقۇشالمىساقمۇ لېكىن ئىجىل دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ ياشتا مەندىن كىچىك بولسىمۇ خىزمەتتە

تەجرىبىلىك، باغرى ئادەتتىن تاشقىرى يۇمشاق،تۇغما خەنزۇۋان يىگىت ئىدى.
قاش قارايغان چاغ ئىدى ئۇ ئىچكىرىدىكى ئىشخانىدا مەن سىرتىدىكى ئىشخانىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئىشخانىنىڭ ئىشىكى «گۇلدۇر-قاراس» قىلغان ئاۋاز بىلەن دەھشەتلىك ئىچىلىپ بىرسى بورانىدەك ئېتىلگىنىچە ئۇدۇل مىنىڭ ئالدىمغا يۇگۇرۇپ كىلىپ ماڭا ۋارقىرىدى:
-بىسمى ئاللاھۇ ئەكبەر! كاپىرمۇ ياكى مۇسۇلمانمۇ سەن؟
كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ قارىسام بويى ئىككى-ئۈچ مېتىردىن ئاشىدىغان بەستى دىۋىدەك، چاچ-ساقالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، شىياۋلىن ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلارغا ئوخشايدىغان تاقىرباش بىر ئارخات كۆزلىرىدىن قان تېمىتقان ھالدا قولىدىكى پالتىنى بېشىمغا چەنلەپ تۇرۇپتۇ...
«ئاھ ئۇلۇغ خۇدا، ئەمدى نېمە كارامەت بۇ... »
-ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن غوجى ئاكا!...
شۇ بىر ئېغىز گەپنى دېگەنلىكىم ئىسىمدە، ئاڭغىچە يېڭىدىن كېيگەن خىزمەت ئىشتىنىمغا شارقىرىتىپ سىيىۋاتقىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا «داككىدە» تىزلاندىم...
- يەنە بىر دېگىنە!
- ئىللا-بىللا مۇسۇلمان پۇشتىمەن... غوجى ئاكا!
-قانداق ئىشىنىمەن؟
مەن يۇكۇنۇپ ئولتۇرغىنىمچە ئۆزەمگە ئەڭ پىششىق بولغان ئايەتلكۇرسىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى پالتىغا قارىدىم... پالتا تېخىمۇ ئېگىز كوتۇرۇلدى... دېمەك ئايەتنى خاتا ئوقۇپتىمەن، ئىش چاتاق... ئەمدى پۇتۇن زېھنىمنى يىغىپ سۈرە ياسىنىنىڭ ئالدىنقى مۇبىيىنىنى ئالدىراپ قىرائەت قىلغاچ بېشىمنىڭ ئۇستىدىكى پالتىغا قارىدىم...پالتائاستا-ئىستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى....
- بۇپتۇ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم!، -دېدى ئارخات غەزەپ بىلەن يەرگە بىرنى تۇكۇرۇپ،- شېرىكىڭ قەيەردە؟
- ئۇ...ئۇ...ئىچىدىكى ئۆيدە يوق!
ئارخات پالتىنى يەنە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئىچكىرىدىكى ئۆيگە قۇيۇندەك كىرىپ كەتتى، مەن قورقۇنچىدا خاتا گەپ قىلىپ سالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىملەكلىگەن پېتى كىردىم، خىزمەتدىشىم ئاقتىمۇ - كۆكتىمۇ يوق....دەرىزىنىڭ تېشى پولات -تۆمۈربىلەن ھىم قاپلىنىغلىق..ئۇستەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشكاپلارنىڭ ئىچىگە چوگراق كىتاپمۇ پاتمايدىغاندەرىجىدە...خۇدايا تووۋا ...ئاسمانغا ئۇچۇپ چىكەتكەنمىدۇ دېسەم ئىشخانىنىڭ تۈنكى يوق، يەرگە كىرىپ كەتكەنمىدۇ دېسەم ئىشخانىنىڭ تېگى يۇمشاق قۇم ئەمەس...

پالتىچى ئارخات ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى-دە پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بېشىمنى چەنلىدى:

- مىنى ئالداپسەن!

- خۇدا ھەققى...تېخى بايىلا بار ئىدى....

-بۈگۈن كىمنىڭ بولسا بېشىنى چاپقىنىم -چاپقان!

- غوجاكا ماڭا رەھىم قىل! مۇسۇلمانمەن پىرقىمەن!

مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ لاغ-لاغ تىترىگىنىمچە ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدىم.

- ياق، بۈگۈن مەن قان قىلمىسام بولمايدۇ!

ئۇ شۇنداق دېگەچ پالتىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ تەكبىر چۈشۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئاللا-تووۋا قىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە ۋارقىرىدىم:

- توختاپتۇر، بىر ئارزۇيۇم بار ئاكا!

- ئېيتە تېز!

مەن ئۆزەم ئەڭ ئامراق بولغان بېشىمدىكى ساقچى شەپكىنى قۇلۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭدىكى دۆلەت گىربىنى يېگىم بىلەن سۈرتۈپ بېشىمغا رۇسلاپ كەيدىم-دە مارجاندەك ياش تۆكۈۋاتقان كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئېيتتىم:

-ئەمدى چاپە ئاكا!

-مىنى نېمە چاغلايسەن، بېشىڭدىكى دۆلەت گىربىنى پالتا بىلەن چاپىدىغان ساراڭمۇ مەن؟

ئارخاتنىڭ تاققۇ-تۇققۇ گېپىدىن ھەيران بولۇپ كۆزۈمنى لاپپىدە ئاچتىم، قارىسام بۇ مىس كاللا ئارخاتنىڭ ئۇچىسىدا ساراڭلار ساناتورىيىسىنىڭ نومۇر سالغان كىيىمى...

«ئاھ خۇدا ...بۇ ساناتورىيىدىن قاچقان رەسمىي ساراڭ ئىكەنغۇ!»

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ پۇت-قولۇم تېخىمۇ تىترەشكە باشلىدى.

-سەن...سەن...، - دېدىم كېكەچلەپ كۆزۈمدىن ئاققان ياشلارنى يېگىم بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، -زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟

- سەن تېخى مېنى ھۆل قىشقا دەسسەتمەكچىما؟ سەن مېنى دۆلەت گىرىبگە ھاقارەت قىلدۇرۇپ ئارقىدىن مېنى سىياسى جىنايەتچى قىلىپ ئۆمۈرلۈك تۈرمىدە ياتقۇزماقچىما؟ مېنى ساراڭ كۆرۈپ قاپسەندە؟

«ئوخخۇ ماۋۇ ساراڭنى... تېخى ئادەم ئۆلتۈرۈپ بولۇپ تۈرمىدە ياتماي مېھمانخانىدا ياتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ..تازا ئۆلچەملىك ساراڭغا ئۇچراپتىمەن ئەمەسمۇ... ئاھ ئۇلۇغ خۇدا!...مەن ئەمدى تۈگىشىپتىمەن!»

ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى بىلىپ كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلدى:

-توختا...توختا!...مېنى چاپىدىغانغا مېنىڭ جىنايىتىم زادى نېمە؟، -مەن شۇنداق دەپ جازائى ۋاقتىنچە كەينىگە سۆرىمەكچى بولدۇم.

-چۈشۈمدە ئايان بولدى، سەن ساقچىلىق شەنگگە داغ چۈشۈردۈڭ، بىرىنچىدىن سەن يانچۇقچى-ئوغرىلاردىن باشلاپ زەھەر ساتىدىغانلارغىچە بىر شېرىك، ئۇلارنى تۇتىسەن-قويۇپ بېرىسەن، ئىككىنچى سەن جالاپ-پاھىشىلەر بىلەن بىر شېرىك، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ ئىقرارى بويىچە ئويىنىشىدىن كۆپلەپ پول ئالىسەن، ئارقىدىن پاھىشىلەرنى يەنە قويۇۋېتىسەن، ئۈچىنچىدىن كىشىلەردىن قالايمىقان جەرىمانە ئالىسەن، ئالغان پۇلنى يۇقىرىغا تولۇق ئۆتكۈزمەيسەن... تۆتىنچىدىن يامانغا يانتاياق بولۇپ بالا ئوغرىلىرىنى تۇتمايسەن... بەشىنچىدىن ...ئالتىنچىدىن...ئىشقىلىپ سەن سېپى ئۆزىدىن ئوغرى!

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ بۇ ساراڭ ئارخاتنىڭ راستىنلا غەيىپتىن بىرە كارامىتى بارلىقىغا گۇمان قىلىپ قالدىم، چۈنكى ئۇ مۇشۇ تاپتا مېنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىمنى كەينىمدىن يۈرۈپ بىرمۇ-بىر خاتىرىلىگەندەك يېپتىن-يىڭنىسىغىچە دەپ بېرىۋاتاتتى.

- توغرا مەن خاتا قىپتىمەن لېكىن مېنى ئۆلتۈرسەڭ يامان بولىدۇ!، -دېدىم دەرھال پىلانىم بويىچە ۋاقتنى تېخىمۇ كەينىگە سوزۇش ئۈچۈن.

ئارخات كۈلۈپ كېتىپ يوق ساقىلىنى سىلىغاچ ماڭا مۇراجەت قىلدى:

- خوش، قۇلىقىم سەندە!

- مەن ناخشا-ئۇسۇلغا ناھايىتى ماھىر، مىللەتنىڭ تىرىك بايلىقىمەن، شۇڭا مېنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ!

-ئوغرىلىقتىن بۆلەك مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دېگىن!، - ئۇ شۇنداق دېگەچ يانىدىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي بۇيرۇق قىلدى، - قېنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ناخشاڭنى باشلا!

«خەپ ساراڭ!...خەپ ساراڭ!» جاننىڭ تاتلىقلىقىدا ئىچىمدە بۇ ساراڭ بىلەن ئۇنىڭ قۇلىدىكى پالتىنى ياسىغان تۆمۈرچى ئۇستىنى نەچچە مىڭنى تىللاپ ئۆزەم ياخشى بىلىدىغان «ئازاد زامان» دېگەن ناخشىنى باشلىدىم ، ناخشام باشلىنا ـ باشلانماي جاھىل ئارخات قولىدىكى پالتىنى كۆتۈرگىنىچە ماڭا ھۆركىرىدى:

ـ بولدى، بولدى، بۇ ناخشىنى ئاناڭغا ئوقۇپ بەر! ماڭا ھىندىستان كىنولىرىنىڭ ناخشىسى كېرەك!

«ماۋۇ ساراڭنىڭ مودىلىقنى!؟ ھىندىستاننىڭ دەپ كەتكىنىنى تېخى!؟»

ـ قايسى كىنونىڭ ئاكا؟

ـ سەرگەرداننىڭ!

بىز ئۇ چاغلاردا ھىندىچىنى بىلمىگەچكە ھىندىستاننىڭ بۇ كىنوسىدىكى ناخشىلارغا ئۆزىمىز بىلىپ يەرلىك تېكىستلەرنى سېلىۋالغان ئىدۇق، مەن ئالدى بىلەن بۇ كىنودىكى غەمكىن ۋە سوزۇپ ئوقۇيدىغان ناخشىنى باشلاپ كەتتىم:

ئۇزۇن چاپىنىم بېيدى،

چوغ چاچراپ كۆيەپ قالغان،

ئون بەش ياشتىكى يايرىم،

ئېلىشىپ قەپ ئۆلەپ قالغان.

ناخشامدىن بىر كۇپلىت تۈگىمەستە ساراڭ ئارخات يىغلاپ ئېقىپ كەتتى ـ دە كۆزىدىكى ياشلارنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ يەنە ماڭا بۇيرۇق قىلدى:

ـ مىنى بوش يىغلات ھاراملىق! شوخ پەدىگە ئوقۇ شوخ پەدىگە!

ـ ماقۇل ئاكا!

ـ ئېيتە تىز!

ـ ئەمىسە گۈلمەرەمنى باشلىدىمما؟

ـ ياق، ھىندىستان!

ـ يەنە ھىندىستان؟

ـ شۇنداق!«دىسكو چولپىنى» ھىندىستان!

ئۇ شۇنداق دەپ توۋلىغىنىچە بۇلۇڭدىكى تۇپا باسقان سۇپۇرگىنى ئالدىمغا تاشلىدى.

ـ بۇنى نېمە قىلىمەن ئاكا؟

- گىتار قىلىپ چال! ، - ئۇ يەنە سېسىپ كەتكەن لاتا خېيىنىڭ بوغۇچىنى يېشىپ ماڭاسۇندى، - بۇنى پېشانەڭگە چىگىۋال!

«ئاله شەھىرىڭنى! ئەمدى مەن بولمىغان چولپان قالغانمىدۇۋۇلا؟! ئاھ پاتىمخان! ئاھ پاتىمخان! سەن قەيەرلەردە جېنىم خوتۇن!...سەن بىچارىغا قويۇپ بەرمىگەن ئۆيۈنلىرىمنى بۇ ساراڭغا ئۆرۈندىدىمغۇ ئەمدى!»

كۆزۈم پالتىدا شەپكەمنى يانغا ئېلىپ قويۇپ سېسىق بوغۇچنى پېشانەمگە ئايلاندۇرۇپ چەگدىم، قولۇمغا گىتارنى ئېلىپ ھەسرەت ئىچىدە «دىسكو چولپىنى» دىكى ئەڭ شوخ ناخشىنىڭ بىرى بولغان«ئاييامۇ دىسكو-دەنسا، خالىنجايدىكى پوقنى يەمسا...» دېگەن ناخشىنى توۋلاشقاباشلىدىم. ساراڭ ئارخات بۇ شوخ ناخشامدىن بەك خۇشال بولدى، ناخشا تۈگەيدىغان باسقۇچقا كەلگەندە ئۇ قولىدىكى پالتىنى يەنە كۆتۈرۈۋېلىپ ناخشىنى توختىماي داۋاملاشتۇرۇشىمنى ئىشارەت قىلدى، مەن ئەمدى شۇ كىنودىكى ئايال چولپاننىڭ ئەڭ شوخ بولغان«زۇبى-زۇبى -زۇبى»دېگەن ناخشىسىغا چۈشۈپ كەتتىم...

دەل مۇشۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ئىشتىن بىرسى يۈز بەردى، يەنى شۇ ھىندىستاننىڭ كىنولىرىدا سەللە يۆگىۋالغان بىرسى نەيدەك بىرنىمىنى پۈۋلەپ چالسا ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭ پۇلۇقتىن بىر دانە كۆز ئەينەكلىك يىلان ئاستا-ئاستا بېشىنى چىقىرىپ نەيدىن چىققان مۇڭ ئاۋازغا تەڭكەش قىلىپ تولغانغان پېتى لەرزان ئۇسۇلغا چۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟ مانا ھازىر بۇ مەيداندا شۇنىڭدەك ئىشتىن بىرى يۈز بەردى...

مەن «زۇبى-زۇبى -زۇبى» نىڭ ئەڭ ھاياجانلىق ئەڭ شوخ قىسمىغا كەلگەندە ئىشخانىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئامبارغا ئەكىرىش ئۈنتۈلۈپ قالغان كونا مەش تىرىقشىپ ئۇنىڭ ئېغىزلىقى ئۆزلىكىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئېغىزىمغا ئىسسىق سۇ كىلىپ قورققىنىمدىن ئارخاتقا قارىدىم، ساراڭ ئارخات بىر ماڭا بىر مەشكە قاراپ قويۇپ خىيالى ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇشىمغا ئىشارەت قىلدى، مەن ناخشامنى ئېيتىۋاتقاچ پۈتۈن زېھنىم بىلەن مەشنى كۆزەتتىم...

مەشنىڭ ئېغىزلىقى تەدرىجىي كۆتۈرۈلدى...ئېغىزلىقنىڭ ئاستىدا قاپقارا بىرچىراي...بۇ قاپقارا چىرايىنىڭ يۈزىدە ئاپئاق ئىككى چېكىت...كېيگەن كىيىملىرى پۈتۈنلەي قارا... خۇدايا تووۋا...بۇ مىنىڭ تۇنجى قېتىم ئالۋاستىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈشۈم ئىدى...

قارا كىيىملىك ئالۋاستى مەشتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بەل ۋە كاسىسىنى تولغاپ ناخشامغا تەڭ جۆر بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە باشلىدى...بۇ قارا ئالۋاستى بىزنىڭ مەشرەپلەردىكى بىشىدا چېنە ـ تەخسە كۆتۈرۈپلىپ ئويناپدىغان ئۇسسۇلغا بەك ھەۋەس قىلسا كېرەك، بېشىدىكى مەشنىڭ تۆمۈر ئېغىزلىقى كاسىسىنى ھەرقانچە تولغىسىمۇ چۈشۈپ كەتمەي تۇراتتى...

مەن ئىچىمدە«بۇ ساراڭنىڭ ئابايامقى ئالدىن بىلەر كارامىتى ئەسلىدە مۇشۇ جىن ـ شاياتۇنلىرىدىن كەپتىكەن ـ دە!» دىگەننى ئويلاپ قورققىنىمدىن ئارخات تەرەپكە يېقىنراق تۇرۇپ ناخشىنى جان ـ جەھلىم بىلەن تېخىمۇ ئۈنلۈك تووۋلاپ ئۇقۇشقا باشلىدىم، ئۇسسۇلچى ئالۋاستى پۈتىنى مەشنىڭ ئىچىدىن چىقارماي تۇرۇپ بەل ۋە كاسىسى بىلەن ماڭا يېقىندىن ماسلىشىۋاتاتتى، بىر چاغدا بۇ قارا ئالۋاستى ئىككى پىشنى ئالدىغا چىگىپ كىندىكىنى ئۇچۇق قويۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، قارىسام ئۇچۇق قالغان كىندىك قىسمى ئاپئاق كۆرۈنمەسمۇ، مەن بىر ئىشتىن گۇمان قىلىپ دەرھال ئۇنىڭ قارا كىيىمىگە زەن سالدىم، تۈگمىسى ماڭا شۇنداق تونۇش... ئاھ خۇدا بۇ مىنىڭ ھېلىقى خىزمەتداش بۇرادىرىم شۇ ئەمەسمۇ؟

كۆزۈمگە ياش كىلىپ يۈرۈگۈم يېرىلغۇدەك خوش بولدۇم، چىرايىمغا قان يۈگۈرۈپ كۆڭلۈم بىر ئاز ئارامغا چۈشكەندەك بولدى...

«ھەي بىچارە بايقۇش! ساڭا ئۇسسۇل ئويناشنى كىم قويۇپتۇ ، بۇنداق چاغدا ئەرەب ئۇسسۇلى ئوينايمەن دەپ يۈرگىچە مەھەللەڭدە يالغۇز قالغان بىچارە ئاناڭنىڭ ئوچۇقىغا ئوت قالاپ يۈرسەڭ بولمامدۇ، ھەي ئىست، ھەي ئىست، ئەجەل سىنى ئاخىرى بۇ يەرگە سۆرەپ ئەكەپتۇ ـ دە!ئەمدى بۇنى مەندىن كۆرمە...»

ناخشىنى ئېيتقاچ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارخاتقا قاراپ تامنىڭ بۇرجىكىدىكى مەشنى ئىشارەت قىلىشقا باشلىدىم.

ئارخات ئىككىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن ھوزۇرلىنىپ غىڭشىغىنىچە ناھايىتى خۇشال ئولتۇراتتى، مەن ناخشا ئېيتقاچ ئىما ـ ئىشارەتنى كۈچەيتىۋاتاتتىم، ئۇ مىنىڭ قىلغان كۆز ئىشارىتىمنى ئۇقالماي جىلە بولۇپ پالتىنى ماڭا چەنلەپ توۋلىدى:

ـ ناخشىنى توختاتما، ھېلى بىكار!...

مەن مەقسىتىمنى ناخشامغا قىستۇرۇپ بايان ئەيلىدىم:

زۇبى ـ زۇبى ـ زۇبى... ئوۋ... زۇبى ـ زۇبى ـ زۇبى...

مەشىنىڭ ئىچىدىكى... ئاۋۇ...زۇبى-زۇبى-زۇبى...
ساراڭ ناخشامنى پەقەت چۈشەنمەيۋاتاتتى.
- زۇبى-زۇبى-زۇبى... ئۇسسۇلچىغا قاراڭ...زۇبى-زۇبى-زۇبى...
زۇبى-زۇبى-زۇبى...چانايتقىنى ئاشۇ شۇ... زۇبى-زۇبى-زۇبى...
مەن ناخشىنى توختاتماستىن پۇتۇمنى ئۇدارغا كىلىشتۇرۇپ ھېلى ئالدىغا-ھېلى كەينىگە يۆتكەپ مەقسىتىمنى چۈشىنەلمىگەن ساراڭ ئارخاتقا پۇتۇن بەدىنىم بىلەن ئىشارەت قىلىشقا باشلىدىم.
- سەن ھەزىلەكما؟
- زۇبى-زۇبى-زۇبى... ياق، ياق... زۇبى-زۇبى-زۇبى...
- ئەمىسە نېماندىاق قاش-كۆزۈڭنى ئوينىتىپ يۈرىسەن ماڭا؟
- زۇبى-زۇبى-زۇبى... شېرىكىم ئاشۇ شۇ... زۇبى-زۇبى...
ئۇسسۇلغا چۈشكەن زەڭگى... دەل مىنىڭ شېرىكىم زۇبى-زۇبى...
مەن ناخشا ئېيتقاچ قولۇمدىكى گىتارنىڭ دەستىسىنى بۇرجەكتىكى زەڭگى ئۇسسۇلچىغا چىنەشكە باشلىدىم.
مىس باش ئارخات ئىشارىتىمنى ئاخىرى چۈشەندى، بۇ قېتىم ئۇ پالتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مەشىنىڭ يېنىغا يۇپۇرۇلۇپ بېرىپ ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىنى چەنلىدى. ئاڭغىچە ناخشا دۇنياسىغا غەرىق بولۇپ «ئەرەب قىزى» نى ئويناۋاتقان بۇرادىرىم كۆزىنى «لاپپىدە» ئېچىپ خۇددى ئالدىن بىلەر موللا تاپقاقتەك «ئاللاخۇ ئەكبەي!ئاللاخۇ ئەكبەي!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغىنىچە يەنە مەشىنىڭ ئىچىدىن قانداق چىققان بولسا مەشىنىڭ ئىچىگە شۇ پېتى كىرىپ كەتتى. ھەتتا مەشىنىڭ تۆمۈر ئېغىزلىقىمۇ شۇنداق جايىغا چۈشۈپ يېپىلدى.
«ماۋۇ كارامەتنى...بۇ كاساپەت جەينىكىمدەك كىچىك مەشكە قانداق پاتقاندۇ دېسەم ئەسلىدە مۇنداق تۈگۈلەلەيدىغان ھۆنىرىمۇ باركىنا بۇنىڭ؟ قاچانلاردا ئىمان ئېيتقان بولغىيتتى بۇ گۇي، پالتا جازاسى يەنە ئەمدى مىنىڭ بېشىمغا كىلەرمۇ-يا؟» كۆزۈمگە قايتىدىن ياش ئېلىپ دەرھال گىتارنى تاشلاپ ناخشىنى توختاتتىم.
- بۇنىڭ ئىچىدىكىسى مۇسۇلمانمۇ؟، - ۋارقىرىدى ئارخات غەزەپ بىلەن ماڭا مەشنى كۆرسىتىپ.
- ئىسمى ھەم تەكبىردىن قارىغاندا... مۇسۇلمان ئوخشايدۇ غوجى ئاكا!، - دېدىم يەردىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ھاسىرىغىنىمچە تەمترەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- ئەستەخپۇرۇللاھ...چۈشتە نېمە يېگەن سەن خەق؟

- مانتا يېگەن ئاكا!

- نېمە مانتىسى؟

- گۆشنىڭ ئاكا!

- ئەمىسە بۇ يەر كۆدە بۇراپ كەتتىڭغۇ؟، - دېدى ئارخات بۇرنىنى بىر قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

- بۇرادىرىم كۆدە مانتىسى يىگەندەك قىلىۋىدى!

- ئەستەخپۇرۇللاھ ، -دېدى ئارخات ئۆلگۈدەك ۋارقىراپ، - مانىڭغا ئېيت! بىردەم شاتىراقلىماي تۇرسۇن، مەن كۆدىگە ئۈچ!

- ئاكا بىز...

- خۇدا ھەققى مانىڭغا ئېيت، ئەمدى چىقارمىسۇن دەيمەن! بولمىسا كۆتىگە ماۋۇ پالتىنىڭ سېپىنى تىقىۋېتىمەن!

- ماقۇل...ماقۇل! مەن دەي...

- مەشنىڭ يېنىغا كەل!

مەن ئۆمىلىگىنىمچە كونا مەشنىڭ يېنىغا كىلىپ ئارخاتقا تەلمۈرۈپ قارىدىم. ئارخات يېڭى بىلەن بۇرنىنى چىڭ ئېتىپ تۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى:

- ماۋۇ چىچقاق خۇتۇننىڭ بالىسىغا ساۋاق بەر!

- مەن...مەن...، - دەپ كېكەچلەشكە باشلىدىم نېمىدىن ساۋاق بېرىشىمنى بىلەلمەي.

ئارخات پالتىنى كۆتۈرگىنىچە مىنى چېپىشقا تەييار بولۇپ بۇيرۇق قىلدى:

- ئۆگەتمەي ئولتۇرىسەنغۇ ھەي تاپى! مەن ئالدىرايمەن!...

- ۋاي مەن ئۆگىتەي...مەن ئۆگىتەي... مىنى ئۆلتۈرمە ئاكا!، -مەن ھۆكرەپ يىغلىغىنىمچە يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

- ئەمىسە ئۆگەت!

- نېمىنى ئۈگىتىمەن جېنىم ئاكا؟

- ئاللا بىر ، مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى دىگەننى!

- ماقۇل ئاكا ماقۇل!

«قول ئالدىغا ئىگىلىدىغۇ، ئەمدى بۇ گۇيغا تەۋھىدنى ئۇيغۇرچە ئۆگەتسەم توغرا دەپ سىلىپ پالتا نۆۋىتىنى ماڭا ئۆتىنىپ بەرمىسۇن، ئەڭ ياخشىسى دېيىش

قېيىنراقنى ئۆگىتەيچۇ!» مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ مەشكە قاراپ ئۈنلۈك ھەم تېز ئۇقۇشقا باشلىدىم:

ـ لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ!

مەشنىڭ ئىچىدىن شاتۇتىنىڭ ئاۋازىدەك ناھايىتى ئۈنلۈك ھەم جاراڭلىق بىر ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى:

ـ لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدىن رەسۇلۇللاھ!

«ئوھ ...ماۋۇ ئىشنى... ئۈنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى مېنىڭكىدىنمۇ ئۆلچەملىك چىقىۋاتىدۇ ـ يا... ئادەتتە ئۇيغۇرچە گەپنى چۈشەنمەيدىغان، قىلالمايدىغان بىر ئادەم ئىدى، تۇرۇپلا ئەرەبچىگە شۇنداق كەلدىيا بۇنىڭ تىلى! كاساپەتنىڭ دادىسى داموللا بولغىيتتىمۇ ـ يا؟»

بېشىمدا كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغان ساراڭ ئارخات مەشنىڭ ئىچىدىن چىققان جاۋابتىن رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ئاندىن ماڭا يەنە بۇيرۇق قىلدى:

ـ توختىماي مىڭ مەرتىبە ئۆگەت!

ـ ماقۇل غوجى ئاكا...

ـ يەنە بىر گەپ!

ـ لەببەي ئاكا...

ـ كىلەر قېتىم كۆدە مانتىسى يېيىشمە!

ـ ماقۇل ئاكا، ئەمدى ھەرگىز كۆدە مانتىسى يېمەيمىز...

ـ ئەمدى كۆدە مانتىسى يېيىشسەڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟

ـ بىلىمىز ئاكا...

ـ كۆتۈڭگە ماۋۇ پالتىنىڭ سېپىنى تىقىپ ئاغزىڭدىن سۇغۇرۇپ ئالىمەن!

ـ شۇنداق ئاكا...

ـ بېشىڭدا قاراپ تۇرىمەن، مىڭدىن بىرسى كام بولۇپ قالسا كاللاڭنى ئالىمەن!

ـ چاتاق يوق ئاكا...

ـ ئەمسە كۆزۈڭنى يۇمۇپ ساۋاقنى باشلا!

ـ ماقۇل ئاكا...

مەن بارمىقىمنى چىقىرىپ ساناپ تۇرۇپ كۆزۈمدىن دەريادەك ياش ئاققۇزغىنىمچە بايامقى كەلىمىنى بىرمۇ ـ بىر ئۇقۇشقا باشلىدىم، مەشنىڭ ئىچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىققان يىغا ئارىلاش ھەسرەتلىك ئاۋازمۇ مېنىڭ ئاۋازىمغا ئەگىشىپ ۋاقتى - ۋاقتىدا چىقىۋاتاتتى.

ئالاھىزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن تۇيۇقسىز باشلىقنىڭ بېشىمدا ۋاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆزۈمنى ئېچىپ كەينىمگە قارىسام ئارخاتىنىڭ ئورنىدا باشلىقىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ بۇرنىنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە ماڭا ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ئۇسۇلچى قىزىم بىلەن ئىككىمىز «خەلق ساقچىسىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن ، ساقچىلىق سالاھىيتى يوق، مۇناپىق - خائىنلار!» دېگەن گۇناھ بىلەن شەھەرگە جىددى يالاپ يۆتكىلىنىپ ئايرىم تەكشۈرۈش ئۈيىگە سولاندۇق. بۇ جاھانغا نېمەبولۇپ كەتتى - تاڭ، بىز سۇراققا تارتىلىپ ئاق - قارا ئايدىڭ بولۇپ بولغىچە باشلىقىمىز بولغان پارىخور ئەبلەخنىڭ قولىغا كويزا چۈشۈپ بىزدىن بۇرۇن قاماقخانىغا كىرىپ موما يەپ يېتىپ بۇپتۇ. شۇنداق پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ئادالەتلىك، خەلقپەرۋەر پارتىيە ئىدى، دېمەك مۇشۇ مەزگىلدە تەشكىل ئادالەت قىلىچى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ھەددىدىن ئاشقان پارىخور - چىرىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆتىگە تۆگمە قادىغىلى تۇرۇپتىكەن،بىزمۇ تازا ئىتتىك بازاغا ئۇلگۇرۇپتىمىز...

«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دىگەندەك مېنىڭ بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدىكى خۇپىيانە قىلغان قىلمىش - ئەتمىشلىرىم ئارقا - ئارقىدىن پاش بولۇشقا باشلىدى، بارلىق يىگەن نەخ پۇل - زاڭ ماللىرىمنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇردۇم. مەن تاش سانىسام پارتىيە - ھۆكۈمەت قۇم سانايدىكەن،تەشكىل ئارغامچىنى بىر يېغىش بىلەن يىگەن - ئىچكەنلىرىم توخۇ - كەپتەرگىچە قۆڭامدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، يىگەن تۇخۇمنىڭ ئېقىنى - ئاق، سېرىقىنى - سېرىق چىقىرىشقا مەجبۇرى بولدۇم. ماڭا ئۇنى - بۇنى بىرىپ ئىشلىرىنى قىلدۇرۇۋالغان ھېلىقى تېگى پەسلەرنىڭ ھەممىسى بېشىمغا كۆن كەلگەنلىكىنى بىلىپ مىنى بىر - بىرلەپ پاش قىلدى، ھەتتا ماڭا ئېلىپ بەرگەن بىر تال تەرخەمەكتىن باشلاپ بىر تال مۇز كالتىكىگىچە چالا قويمىدى...ئاچىمىز ھېلىقى نۇرى قىمارۋازنى توغرا دەپتىكەن «ئوغرى بولسىمۇ پەيزى بار نېمىكەن»دەپ. پەقەت ئەشۇ نۇرى دېگەن يالاڭتۆشلا يەتتە مىڭ يۈەننىڭ ئىس - بۇسىنى چىقارمىدى، بولمىسا ئىشىم تېخىمۇ چاتاقتى، شۇنداقتىمۇ ئانام مىنى ئوغۇل دەپ تۇغۇپتىكەن، ھەممىگە ئىقرا بولۇپ ھەممىنى ئۆز بوينۇمغا ئالدىم...

ئالغان پارىلىرىم بەك جىق بولمىغاچقا تەشكىل ئىلگىرىكى تۆھپەم ۋە هازىرقى«چېرىكلەرنى تازىلاش» هەركىتىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمنى كۆزدە تۇتۇپ ماڭا يەنەبىر قېتىم چىقىش يولى بەردى. پارتىيىلىكتىن چىقىرىلىپ خىزمەتتىن هەيدىلىش بىلەن بىرگە ئىككى يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا شەرەپ بىلەن بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدىم.

كېيىن ئاڭلىسام مىنىڭ ئۇ بىچارە هەمساۋاق رەققاس ئىنىم شۇ ئىشتىن كېيىن ئېلىشىپ قېلىپ كىمنى كۆرسە چاس بىرىپ سالام قىلىدىغان، ئارقىدىنلا «ئاللاهۇ ئەكبەر!ئاللاهۇ ئەكبەر!» دەپ توۋلىغىنىچە هىجىيىپ تۇرىدىغان بولۇپ قاپتىمىش، تەشكىل ئۇنى هېلىهەم يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا زېرىكمەي داۋالىۋېتىپتۇدەك.

1997 ـ يىل قاراقاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە پىلەكسىز قاپاق

خىزمەت ئورنىدا چىرىكلىشىپ ساقچىلىق ئوبرازىغا داغ چۈشۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۈدۈل شەھەرلىك قاماقخانىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلدىم.

-كەمىرىڭنى سۇغار!، -دېدى قاماقخانا باشلىقى قارا قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماڭا ھەيۋە بىلەن.

مەن دەرھال كەمىرىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ باشلىققا سۇندۇم ئاندىن چۈشۈپ كەتكىلى قوپقان تامبىلىمنى قوش قوللاپ تۇتۇپ ئۈنىڭغا تەلمۈردۈم.

- ئايىغىڭنى سال!

- ئايىغىمنى نېمىشقا سالىمەن باشلىق!، -دېدىم ئۆزەمنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان ھالدا كۆزەمنى پارقىرتىپ.

- ئاياغىنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈرنى يەۋالساڭ قانداق قىلىمىز؟، -دەپ ھۆركىرىدى باشلىق ئەلپازىنى سەت قىلىپ.

- مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەس، مەن ھەرگىز تۆمۈر يەۋالمايمەن باشلىق!، -دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ.

-سال دىگەندىكىن سال! تۆمۈر يېمىسەڭ ماۋۇنى يەمسەن-يا؟

ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قولىدىكى قارا رەزىنكە كالتەكنى كۆتۈرگەندەك قىلىۋىدى سۇنجىقام ھەرە چاققاندەك «پىرژىدە» قىلغاندەك بولدى، ئارقىدىن ئىككى پۇتۇم سېزىمىنى يوقۇتۇپ ئالدىمغا موللاق ئاتقانلىقىمنى بىلدىم.

بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام يەردە يېتىپتىمەن، ھېس قىلسام كۆتۈمدىن شامال چىقىۋېتىپتۇ، كۇسار كيىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئېسىمگە كىلىپ دەرھال ھۇشۇقۇمغا كىلىپ قالغان تامبىلىمنى «شارتتىدە» تارتىپ چىقىرىۋېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

- مىنى نېمە بىلەن ئۇردىڭىزا باشلىق!، - دېدىم كىكەچلىگىنىمچە كالتەكتىن يەنە بىرنى يەپ سالماسلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ.

- توك كالتىكى دەپ ئاڭلىغانما؟، -دېدى باشلىق ئاۋازىنى ناھايىتى سوزۇپ مۇغەمبەرلىك بىلەن.

- ۋاي ئاڭلىماتتىكى ، ئاڭلىغان...ئاڭلىغان...، -دىدىم كالپۇكۇمنى چىشلەپ تۇرۇپ، -مانا توختى پوكان ئايىغنى سالدى...يەنە دەڭا ئەمدى نېمىنى سالىمەن؟

باشلىق قىلغان ئىشىدىن پىخىلداپ كۈلگىنىچە مىنى نەچچە قات تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر ھويلىنىڭ ئىچىگە باشلاپ ئەكىردى، ھويلىنىڭ بىر تېمىدا قاتار كەتكەن بەش-ئالتە ئىشىك تۇراتتى، باشلىق بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىشىكنى ئېچىپ مىنى باشلاپ ئەكىردى، ئاللا كارامەت ئۆيىنىڭ ئىچى پوق پۇرىغاننىڭ دەستىدىن كۆزنى لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇراتتى.

- يېڭى مېھمان كىردى ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار-ھە!، - دېدى باشلىق مىنى ئۇلارغا تۇنۇشتۇرۇپ گىدەيگىنىچە.

- خاتىرجەم بولسىلا باشلىق، تازا ئوبدان كۈتۈۋالىمىز بۇنى!، - دېدى نان يېگەن تەرى يوق بىرسى كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ.

باشلىق ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ چىقىپ كىتە-كەتمەي ھېلىقى بىرى ئاچچىق بىلەن مەندىن سورىدى:

- نېمە ئىش قىلغان؟

- پارا يېگەن...

- نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟

- خەلق ساقچىسى...

- ياخشى...ياخشى... بۇنى ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار!، -دېدى تۆردە ئولتۇرغان باشقا بىرى گەپكە ئارلىشىپ.

«مىنى تۇسىقى يوق بىر خالىجايغا ئەكىرىپ قانداق كۈتۈۋالىدىغان بولغىيتتى بۇلار، ھېچ بىر تاھارەت قىلىدىغان كاتەك كۆرۈنمەيدىيا؟ بۇ پىژغىرىم ئۆيتا بېشىمغا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدىمۇ-يا!»

تاھارىتىم قاتتىق قىستاپ كەتكەچكە سىيىدىغان كاتەك ئىزدەپ ئالدىمغا بىر ئاز ئېڭىشتىم، قارىسام تۆت مېتىر كەڭلىكتىكى تاختا سۇپىدا ئون تۆت ئادەم ماڭا قاراپ ھىجىيىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

-قېنى يۇقىرىغا ئۆتسىلە!، -دېدى ھېلىقى ئاۋاق ئىككى قولى بىلەن تاختا سۇپىنىڭ يۇقىرىسىنى كۆرسىتىپ.

- مەن...مەن...بۇ ...بۇ...ياتاق ...ياتاقما؟، - دېدىم بۇ جاينىڭ خالىجاي ئەمەس بەلكى ياتاق ئىكەنلىكىدىن ھەيران قېلىپ.

- شۇنداق ھاجىم ئاكا، بۇ ئۆزلىرىنىڭ كامىرى، ئاستىلىرىغا كۆپە سالامدۇق -يا؟، -دېدى يەنە بىر پاكار ئوغرى كۆلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ.

- تارتىنمىسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدەك ئازادە ئولتۇرسىلا!، - دېدى ئارقا بۇرجەكتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر قېرى ئىنجىقلاپ ئالدىغا سۇرۇلگىنىچە ماڭا ھاڭۋېقىپ قاراپ.

مەن ئۆزەمنىڭ ئىززىتىنى بىلىپ تاختا سوپىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتۈپ ئەمدى ئولتۇراي دېيىشىم باشتا گەپ قىلغان ھېلىقى ئاۋاق ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ پېشىمنى تارتتى:

- ئامبال غوجام، بۇ يەردە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن سۈرەتكە چۈشۈۋالغايلا!

«تووۋا قىلمىدىم، مانچە يىل ساقچى بولۇپ بىرسىمۇ سۈرەتكە تارتىپ قويااي دىمىگەن ئىدى، ماۋۇ كىشىلەر نىمانچە مېھماندوست، نېمانچە كۆڭلى ياخشى...ۋاھ...ۋاھ...»

- قەيەردە تۇرىمەن؟، - دەپ سورىدىم بىر قولۇمدا شەپكەمنى تۇزەشتۇرۇپ چىرايىمدىكى كۈلكەمنى باسقىنىمچە بىر قولۇمدا تامبىلىمنىڭ بېغىنى تۇتۇپ.

- مانا ماۋۇ يەردە تۇرىدىلا ھاجىم ئاكا!

مەن ھېلىقى ئاۋاق كۆرسەتكەن تامغا بېرىپ يۆلىنىپ تۇردۇم.

- كەينىلىرىنى قىلسىلا قارىم غوجام!

«سۈرەت دىگەنگە ئالدىدىن چۈشمەسمىدىۋۇلا...بۇ قانداق سۈرەتكە چۈشۈشتۇ ئەمدى!»

مەن تەمتىلەپ ئاستا كەينىمنى قىلىپ تۇردۇم، مۇشۇ تاپتا كاللامغا كەلمىگەن خىياللار كېلىشكە باشلىدى.

- كۆينەكلىرىنى سالغايلا پوندەك غوجام!

كۆينەكنىمۇ سالدىم.

- ئەمدى تامبالنى سالسىلا ئۆز خېنىم!

«ئۆز خېنىم ؟...ۋوي بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى! مەن توختى ئەمدى ئۆز خېنىم بولدۇمما؟»

- نېمە... تامبالنى سالسىلا؟ مەن رەسىمگە چۈشەمدىم -يا مۇنچىغا

چۈشەمدىم؟ ، ـ دېدىم ئاچچىقىمدا ئۈلارنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي كەيىنمگە بۇرالغىنىمچە.

ـ سىلىنىڭ سالغۇللىرى كەلمىگەن بولسا بىز بار غۇجام! ، ـ دېدى بىرسى يېنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىپ.

ئاڭغىچە ئۇن نەچچە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئالدىمغا يۈپۈرۈلۈپ كېلىشكىنىچە ياقامدىن بۇغۇپ قوناق سوققاندەك سوقۇشقا باشلىدى... ئۇرە ـ ئۇر... تېپە ـ تەپ... ھېچبىر توختايدىغاندەك ئەمەس...

ـ خوش بۇلاي...مەن ئۆلەي دېدىم...ماڭا رەھىم قىلىڭلار جېنىم ئاكىلار! ، ـ دېدىم تاياق ـ توقماققا چىدىيالماي ۋارقىراپ يىغلىغىنىمچە ئۇلارنىڭ پۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇلار مىنى ئۇرۇشتىن توختاپ مىلك ـ بىر بالادا ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

ـ قانداق كېلىنچەك خېنىم، تامبالنى سالاملا يا بىز سالدىرامدۇق؟ ، ـ دېدى ئارىدىن بىرسى ھىجىيىپ تۇرۇپ ماڭا تەنە بىلەن.

ـ ۋاي سالاي ئۇكام، سالاي...رەسىمگە تارتامسەن، ياكى سىن ئالغۇغا ئالامسەن ،ئىشقىلىپ تامبالنى سالسام بولىدىغاندۇ؟

مەن شۇنداق دېگىنىمچە كۆزلىرىمدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تامبىلىمنى سالغىنىمچە ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تامغا ئالدىمنى قىلىپ تۇردۇم.

ـ تامغا چىڭ چاپلىشىپ تۇرغايلا ئامبال غوجام!

تامغا چىڭ چاپلاشتىم.

ـ ئىككى قوللىرىنى كەرىپ تۇرسىلا غوجام!

ـ ئىككى قولۇمنى سارنىڭ قانىتىدەك تازا كەرىپ تۇردۇم.

ـ چاتراقنى كەرىسىلە ئۆز غوجام!

چاترىقىمنىمۇ كەردىم.

ـ بىر...ئىككى...ئۈچ!

تۇيۇقسىز بەدىنىمگە چېچىلغان سوغۇق سۇدىن ئەندىكىپ ۋارقىراپ سېلىپ قولۇمنى سىدىرلىتىپ سالدىم، بىرسى ئىغىزى بىلەن گەدىنىمدىن باشلاپ سونجىقىمغىچە سۇ پۈركۈپ چىقىۋاتاتتى، مىدىراپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ كەينىمدىكى سورەتچى ئاچچىقلاپ ۋارقىرىدى:

ـ تۇرالمىغان بولساڭ مەن تۇرغۇزۇپ قويايما؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- ياق ئاكا...مەن ئۆزۈم تۇراي!، -دېدىم دەرھال قولۇمنى تامغا چاپلاپ ئۇلارنىڭ يەنە«ياردەم قىلىشى»دىن ئەنسىرەپ.

شۇنداق قىلىپ سۈرەتچى مىنىڭ بىر يانغا ئۆتۈپ كىيىمىمنى كىيىۋېلىشىنى بۇيرىدى، دەرھال كىيىمىمنى كىيىپ تامدىكى چۈشكەن سۈرىتىمگە قارىدىم، ھەر نېمە بولسا ئۇستا سۈرەتچىنىڭ قولىغا چۈشۈپتىكەنمەن، دىگەنەدەك تامدىكى سۈرىتىم شۇ پېتى چىقىپتۇ، ئاندىن تۆردىكى ساھىپخانلارغا قارىدىم، ئۇلار تامدىكى سۈرىتىمنى كۆرۈپ كۈلۈشكىنىدىن تاختا سوپىنىڭ ئۈستىدە قۇرسىقىنى تۇتۇشۇپ يۇمىلانغىلى تۇرۇپتۇ...مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلگىلى تۇردۇم...

- سىلىگە كۈلگىلى تېخى بالدۇر غوجام، ئالدىرىمىسىلا!، - دېدى ھېلىقى كاززاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا دىۋەيلەپ كىلىپ، - ئېيتسىلا كۆڭۈللىرى ئايروپىلان تارتامدۇ ياكى موتوسىكىلىتمۇ؟

« ئۆزەڭنى ساقچى دىگەنگە تۇيە مانا!...ئۆمرۈمدە چىقمىغان ئايرۇپىلانغىمۇ چىقىدىغان بولدۇم...ئىسىت...ئىسىت! »

ئۇلارنىڭ سۇئالىغا ئالدىراپ جاۋاپ بەردىم:

- ماڭا مىنىدىغانغا ئىشەك بولسىمۇ بولىتتى...

- بۇ يەردە تېخى سەندىن بۆلەك ئىشەك يوق!

- ئەمىسە موتوغا چىقسامۇ چىقاي!، - دېدىم يەنە كۆزۈمدىن ياش ئاققۇزۇپ.

ئۇلار مىنى باشتا موتوغا چىقاردى، ئۆمرۈمدە ھەيدىمىگەن موتوسىكىلىت ئىكەن، شۇنداقمۇ ھوزۇرلاندىم... كېيىن تونۇرغا نان ياقىمىز دەپ ئىنەكلىرىمدىن ئوت چىقىرىۋەتتى... ۋاھ... ۋاھ... بۇ سامسىلارنىڭ ئوخشىغىنىنى... ھەر قېتىم ئىنىكىمگە نان ياققاندا... ئوتنىڭ ئۇچقىنى كۆزۈمنىڭ ئالدىدا يۇلتۇزدەك ئېقىشىپ يۈرگەن...دەم تۇرۇپ يۇلتۇز چاقنىغان... دەم تۇرۇپ كۆز ئالدىمدا ساليۇت ئېتىلغان... ئاھ... گۈزەل دۇنيا... ئاھ... يۇلتۇزغا تولغان دۇنيا...

- ۋوي نان كۆيۈپ كەتتى تونۇرنىڭ دۈتىنى ئەت!، -دەپ ۋارقىرىدى بېشىمدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ نان يېقىۋاتقان ناۋاي دېگەن ئەبلەخ شاگىرتىغا.

«ئەمدى تونۇرنىڭ دۈتىنى قانداق ئېتىدىغاندۇ؟»

بىردەمنىڭ ئىچىدە ئاللا بىركىملەر كەينىمگە يۈپۈرۈلۈپ كىلىپ نۆۋەت بىلەن تونۇرنىڭ دۈتىغا يەن كۆتۈمگە تەپكىلى تۇردى... ھەر بىر تېپىشىدە ئالدىمغا بىر موللاق ئاتىمەن... ھەر بىر تېپىشىدە ئالدىمغا بىر مولاق ئاتىمەن... ۋاي

تىپىك...ۋاي تىپىك...

خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئاخىرى دۇتمۇ ئېتىلدى، ئەمدى ئۇ ھ دېيىشىم سۇراق دېگەن باشلىنىپ كەتمەسمۇ...

ۋاي...ۋاي...ۋاي! مەن ئۆزۈمنى ساقچى دەپ يۈرۈپتىمەن...ھەقىقىي ساقچىلار بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ؟...يېرىم سائەتكە قالماي ئىچىمدىكى گەپلەرنى چىش پاستىسىنى سىققاندەك سىقىپ ئالدى ئەمەسمۇ بۇ گۇيلار!

سوئال ـ سوراق تۈگەپ ئەمدى ئولتۇراي دېيىشىم بىرسى«سەپراس!» دەپ توۋلىماسمۇ...ئۇلارھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تاختا سوپىغا تىزىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى.

«ئەمدى بۇ نېمە كارامەتتۇ؟»

بىرسى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە بىر مۇشت سېلىپ ماڭا ۋارقىرىدى:

ـ نامازغا تۇر، مۇناپىق!

ـ تاھارىتىم يوقتى ئاكا!

ـ تېيامموم قىل!

ـ تېيامموُمنى بىلمەيمەن ئاكا!

ـ ئەمىسە مەن ساڭا ئۆگىتەي!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە يەنە بىرنى سالدى، مەن ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىراپ كەتتىم:

ـ ۋاي مەن بىلىمەن ئاكا...ماڭا ئۆگەتمە...ماڭا ئۆگەتمە!

ـ تىز بول ئىتنىڭ بالىسى!

مەن بۇرۇن چوڭلاردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھاپىلا ـ شاپىلا تېياممۇم قىلىپ سەپكە قېتىلدىم.

شۇنداق قىلىپ قاماقخانا ھاياتىم باشلىنىپ كەتتى، مەن يېڭى كىرگەنلىكىم ئۈچۈن «پوقلاقخانا»تەرەپتە يەنى گەندە چىلەكى تەرەپتە ياتتىم، كۈندە ئىككى ۋاق ياتىقىمىزنىڭ ئالدىدىكى هويلىغا ئون مىنۇتتىن شامالداتقىلى ئاچىقاتتى، قالغان ۋاقىتتا بۇ تۆت كىشىلىك كامىردا ئون بەشىمىز خۇددى كىچىك ماشىنىغا يىگىرمە ئادەم چىققاندەك قىستىلىپ ـ چىگدىلىپ ئولتۇراتتۇق، يەتتىنچى ئاينىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا يۈرىكىمىز چالىشىپ ئىگىز ـ تارلىقى يېرىم مېتىرغا بارمايدىغان بىر تال هاۋادانغا قاراپ تىلىمىزنى سۇزۇپ ھاسىراپ ئولتۇرۇشاتتۇق...

www.uyghurkitap.com

بۇنى ئاز دەپ شامالداشقا ئاچىققاندا توسىقى يوق خالاغا كىرىشنى خالىمىغان بىرقانچە كامىرداشلىرىم ياتاققا كىرە كىرمەي كۆتىگە پىلاستىر خالتىلىرىنى كىيىشىپ«پاتاقشىتىپ» قويۇۋېتىشكە باشلايتتى...

خۇدايا تووۋا قىلمىدىم، بۇ تۈرمىمۇ...ياكى مەسچىتمۇ... ھەر بىر كامېردا بەش-ئالتىدىن سىياسى جىنايەتچى...ھە دىسە ئادەمگە تەبلىغ قىلغان...ئايەت ئۆگەتكەن... ئۇگەتكەننى يادلىمىساڭ تېخى...يادلىغاننى ئېيتىپ بەرمىسەڭ تېخى...دېيەلمىسەڭ قۇلاق تۇۋىڭگە يىگىنىڭ يېگەن...ھېلى پىشىن نامىزى ئۇقۇ دېگەن...ھېلى خۇپتەن ئۇقۇ دېگەن...ئازراقلا خوشياقماي قالسا...گۇمبىلدىتىپ سالغان...ۋاي..ۋاي... ئىشقىلىپ توختى پوكان بولغانغا گالغىچە تويدۇم...

سەھەردە بەرگەن ئىككى تال ياگاقچىلىك ھور ناننىڭ بىرى ئەتتىگەنلىك ناشتا بولسا يەنە بىرسى بولسا چۈشلۈك تاماققا ھېساب، بىرلا چاينىساڭ ئىككىلىسى چىشىڭنىڭ كاۋىكىغا كىلىپ توختىغان...كەچتە ئۇگرە ئىسمىلىك بوغداي ئۇنى ئۇمىچى...جەمئىيەتتە بۇ بۇغداي ئۇمىچىنى ئىت-چوشقا يەپ سالسا ئىككى قۇلىقىمنى كىسىپ بېرەي! ئىشقىلىپ ئاچ قورساققا قىلغىلى ئىش يوق ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىمىز نان ئۇراپ كىرگۈزگەن قېلىن پاختا ياغلىقنىڭ يىپلىرىنى بىردىن-بىر سۇغۇرۇپ ئېلىپ ياگاق چوگلۇقتىكى «يىپ قاپاق»لارنى تۇقۇپ ئولتۇراتتۇق...

تۇقۇلغان بۇ يىپ قاپاقلار ناھايىتى چىرايلىق ھەم سىپتا بولۇپ تېخى بەزى جىنايەتچىلەر ھەرخىل رەڭدىكى يىپلاردىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك نەقىش-سۆرەتلەرنى ، يىل ئاي سانلارنى چىقىرىشاتتى، ئۆگزىدە چارلاپ يۈرۈيدىغان قۇراللىق بالا ئەسكەرلەر ھەدىسە بېشىمىزغا كىلىپ بىزدىن قاپاق سۇرايتتى، بىز توقۇغان قاپاقلىرىمىزدىن بىرەنى ئۇلارغا خۇشامەت قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار خۇشى كەلسە بىزگە رەھمەت دەپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى، لېكىن بۇ «قۇرۇق رەھمەت» نى ئاددى چاغلاشقا بولمايتتى، ھېچ بولمىغاندا ئايدا بىر قېتىم بولىدىغان «چوڭ تەكشۈرۈش» تە بىزنىڭ قاپىقىمىزنى ئالغان ئەسكەرلەردىن بىرەسى بىزنىڭ كامىرىمىزنى تەكشۈرۈشكە نېسىپ بولۇپ قالسا ھېلىقى قاپاقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىزنى «بىر-ئىككى سېكۇنت ئىچىدە ئىككى قۇلۇڭنى تامغا ئېلىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈشكە ماسلاشمىدىڭ!» دەپ بەش-ئونى بىرلىشىپ نۆۋەت بىلەن دەسسىمەيتتى، ياستۇقلىرىمىزنى پىچاق بىلەن يىرىپ توزغاقلىرىنى تىشىغا توزىتىۋەتمەيتتى، يەيدىغان نانلىرىمىزنى تاھارەت تۇڭىغا تاشلاپ قۇيىدىغان،

ساقلاپ قويغان بىرە ئۇچۇم قۇرۇق ئۈزۈملىرىمىزنى توپىغا ئىلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى، تېخى بەزىدە ئارىمىزغا چىرىكلەشكەن كاتتا ئەمەلدارلاردىن ياكى ئاق سېتىشقا چېتىلىپ قالغان ھارامزادە بايلاردىن كىرىپ قالغان بولسا ئۇلارنىڭ چاچ سوپۇنى دېگەندەك نەرسىلىرىنىڭ يېرىمىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپ قالغان يېرىگە سىيىپ قۇيىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلمايتتى ، ئۇلارتەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ ياتاقتىن چىكەتكەندە ئىككى قولىمىزنى تامغا ئېلىپ تىترەپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا «بىزگە ئوغۇرلۇقچە قارىدىڭ» دېگەننى باھانە قىلىپ ئاچ بېقىنىمىزغا ئۆلگۈدەك تېپىپ يەرگە چاپلىۋېتىپ ماڭمايتتى...ئىشقىلىپ بىر تال قاپاقنىڭ كارامىتى بەكلا زور ئىدى.

بۈگۈن چۈشكە ئاز قالغاندا قاماقخانا باشلىقى يەنە بىر يېڭى مېھماننى باشلاپ ئەكىردى، قارىساق يىگىرمىلەردىن ئاشقان ياش بىر يىگىت.

- يېڭى مېھمان كىردى ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار-ھە!، - دېدى باشلىق ئاۋۋالقىدەك ئۇنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇپ گىدەيگىنىچە.

- خاتىرجەم بولسىلا باشلىق، تازا ئوبدان كۈتىۋالمىز بۇنى! ، - دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي ئورنۇمدىن ھىجىيىپ تۇرۇپ.

باشلىق ئىشكنى ئېتىۋېتىپ چىقا-چىقماي مەن ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- سەن نېمە ئىش قىلغان؟

- ئادەم ئۆلتۈرگەن!

- نې...نې...نېمە؟

- ئادەم ئۆلتۈرگەن!

بۇ جاۋاپتىن كۆزلىرىم يوغىناپ ئېغىزىمغا كەلگەن تۈپۈكنى «غۇرتتىدە» يۇتۇپ يېنىمدىكى سۈرەتچىگە قارىدىم. سۈرەتچى بولغان ئەبلەخ بېشىنى ئىككى يانغا چايقاپ نېگاتىپ قالمىغانلىقىنى ئېيتتى...موتۇسىكلىت ساتىدىغىنى بىلەن ناۋايغا قارىدىم، ئۇلارمۇ بېشىنى چايقاپ بۈگۈن سودا قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، مەنمۇ ئۆزەمچە ئاستا شۇك بولۇپ قىلىپ ئورنۇمغا كىلىپ ئولتۇردۇم...

ئاخىرى ئارىمىزدىكى ئەڭ يۈرەكلىك بولغان كامىر باشلىقى ئېغىز ئاچتى:

- نېمە ئىش بىلەن كىردىڭ تەپسىلى دېگىن!

يىگىت ئىككى بېشىنى قامالالاپ سەينادا زوڭ ئولتۇرغىنىچە ئېغىر سۆكۈتكە پاتتى ئاندىن كۆلۈپ كېتىپ گەپ قىلىشقا باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- مىنىڭ ئاتا - ئانام ئادەتتىكى بىر تىجارەتچى ئىدى، مەن تولۇقسىزدىنلا تېببىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قىلىپ ئۈچ يىلدا ئوقۇش پۈتتۈردۈم، لېكىن خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىدىم، دوختۇرخانىلار ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن بالىلارنى ئالمىدى، ئۇلارنىڭ ئالىدىغان ئادىمىنىڭ شەرتلىرى چوقۇم ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخ بولىشى، تۇغۇلغان يۇرتى چوقۇم بۇ يۇرتتىن ئەمەس ئۈچ - تۆت مىڭ كىلومېتىرنېرىسىدىن بولۇشى كېرەك ئىكەن، ئىشقىلىپ مەن بۇ شەھەردىن ھېچقانداق خىزمەت تاپالمىدىم.

ئاخىرى ئۆزەمنىڭ قىزىقىشى بويىچە قوي - كالا باقماقچى بولدۇم، دادام مىڭ تەسلىكتە يېغىپ قويغان بەش مىڭ يۈەن پۇلىغا نەسىللىك دولان قوچقىرىنىڭ قوزىسىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى، ئۇنىڭ كەينىمگە سېلىپ يۈرۈپ يەمەي - يېگۈزدۈم، ئىچمەي - ئىچۈردۈم، كاساپەت ئاخىرى باققىنىمغا يارىشا ئاجايىپ بىر قوي بىلىپ چىقتى، قوي بولۇپ چىققاندىمۇ ھەقىقى دولان قوچقىرى دەڭلا...بوي بەستى توپاقتەك...قۇيرىقى دېگەن...ۋاھ...ۋاھ كاساپەتنىڭ ...ھەرقانداق ئادەم قوچقىرىمنى بىر كۆرسە ئېغىلىمدىن كىتەلمەيتتى...

شۇنداق كۈنلەردە شەھىرىمىزدىكى كاتتا بىر ئەمەلدارنىڭ قوچقىرىمغا كۆزى چۈشۈپ ماڭا ئەلچى قويۇپتۇ، مەن ساتقىلى ئۇنىمىدىم. بىر كۈنى ئۇ كاتتا ئەمەلدار بىز تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى بازار باشلىقىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۇ بازار باشلىقى دېگەن ئەبلەخنىڭمۇ گېپىگە كىرمىدىم، جاھىل بولغانلىقىم ئۈچۈن داداممۇ ماڭا جىق كۈچىيەلمىدى...

ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ كاتتا ئەمەلدار مىنىڭ قوچقىرىمنى ئۆزىنىڭ يۇزمىڭ كويلۇق نەسىللىك دولان ساغلىقىغا قويدۇرىۋالىدىغان بولۇپتۇ، دادامنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم لېكىن مەن قوچقىرىم بىلەن بىللە بارىدىغان ئىش تۈگىگەندە ئۇنى ئۆزۈم قايتۇرۇپ ئەكىلىدىغان بولدۇم.

مەن قوچقارنى مىڭ بىر بالادا شۇپەك تىراكتۇرغا سېلىپ شۇپەكنى ھەيدەپ ئۇ كاتتا ئەمەلدارنىڭ شەھەرگە يېقىن يەردىكى چوڭ داچىسىغا ئاپاردىم، ئۇ كاتتا ئەمەلدار يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتىكەن، ئىككىمىز قوچقارنى ھويلىغا تەسلىكتە چۈشۈرۈپ ئېغىل تەرەپكە ئېلىپ ماڭدۇق، لېكىن شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈزبەردى...

- قانداق ئىش يۈز بەردى؟ - دېدىم گەپنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا بولۇپ.

ـ قانداق ئىش يۈز بىرەتتى، ـ دېدى يىگىت كۆلگىنىچە پىشانىسىگە شاپىلاقلاپ، ـ بىزنىڭ قوچقار دېگەن ئۇ ھايۋان ئەقلىدىن ئېزىپ ھويلىغا كىرە ـ كىرمەي تال ـ باراڭ ئاستىدا تويغا تەييار بولۇپ ياسىنىپ ئولتۇرغان باشلىقنىڭ چىرايلىق خۇتۇنىغا تاك بولۇپ يۈرۈيدۇ، بىچارە خوتۇن قولىدىكى ئەينەكنى تاشلاپ قويۇپ چىقراپ ۋاقىرىغىنىچە قېچىشقا باشلىدى... بۇ قوچقار دىگەن ھاياسىز ئەبلەخ ئۇ خوتۇننىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ...ئۇ خوتۇن قاچىدۇ...قوچقار قوغلايدۇ...ئاللا كارامەت...قوچقار ئۇخوتۇننى قوغلاپ بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۇ ئىشىكتىن چىقىدۇ...ئۇ خوتۇن قوچقىرىمنىڭ ئالدىدا قورقۇپ قېچىپ ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ بۇ ئىشىكتىن چىقىدۇ...قارىسام يېنىمدىكى ئۇ كاتتا ئەمەلدار ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلگىلى تۇرماسمۇ...

ئىچىمدە دەپتىمەن «خۇدايا تۆۋە، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ ئەر كىشى بولىدىكەن، ئىست بۇنىڭ ئەر بولۇپ قالغىنىغا، ئۆز خەلقىنىڭ ئالدىدا گويا شىردەك ھەيۋە بىلەن تۇرغان، ئۆزىدىن يۇقۇرىلارنىڭ ئالدىدا پاھىشىدەك كۆتىنى تولغاپ ناينىاقلاپ يۈرگەن، چىچاي سىنىڭ ئەمەلدارلىقىڭغا!...»، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىمدا قوچقىرىمنىمۇ توسىمدىم.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ خوتۇن ئەقلىگە كىلىپ ھويلىدىكى شوتىنىڭ بالدىقىغا چىقىۋېلىپ ھاسىراپ يىغلاشقا باشلىدى، يېنىمدىكى ئۇ كاتتا غوجام تېخىچە كۈلكىسىنى توختىتالمايۋاتاتتى....

تۇيۇقسىز قوچقار دېگەن ئەبلەخ بىز تەرەپكە قاراپ يېنىمدىكى تاماشا كۆرىۋاتقان ئۇكاتتا ئەمەلدارنى نىشانلاپ كەينىگە داجىشقا باشلىدى...ئېغىزىمغا ئىسسىق سۆكەلدى...بۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس ئىدى...

قوچقار كەينىگە ئوبدان يېنىپ بولۇپ ئالدىغا ئېتىلغىنىچە كاتتا ئەمەلدار تەرەپكە ئېتىلدى... باشلىق دەرھال قاچتى...ئاكىچە قوچقار ئۇنىڭغا يېتىشۋالدى...

ئىچىمدە« ئاھ خۇدا ...قوچقار ئەمدى بۇ كاتتا ئەمەلدارنى ئۇسۇپ قوۋۇرغىسىدىن ھېچ بولمىغاندا ئىككى ـ ئۈچنى سۇندۇرۋېتىدىغان بولدى» دەپ كۆزۈمنى يۇمىۋالماقچى بولدۇم...لېكىن قوچقار دېگەن بۇ ھايۋان ئۇ كاتتا ئەمەلدارنى ئۇسۇش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغىمۇ تاك بولۇپ يۈرمەسمۇ...

بۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرۈڭ ...كاتتا ئەمەلدار ھاسىراپ قېچىشقا باشلىدى

...قوچقار توختىماي قوغلاشقا باشلىدى...كاتتا ئەمەلدار بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۇ ئىشىكتىن چىقىدۇ...قوچقار بولسا ئۇنى قوغلاپ بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۇ ئىشىكتىن چىقىدۇ...ئەمەلدارلىقتا شوتىنىڭ ئۈستىدىكى خوتۇن كۆلگىنىچە ئويۇن كۆرۈشكە باشلىدى...مەنمۇ تاماشىشا كۆرۈش ئۈچۈن قوچقارنى توسمىدىم...

بىر چاغدا قارىسام ھويلىدا يا باشلىق يوق...يا قۇچقىرىم يوق... «بۇ ئەبلەخ قۇچقىرىمنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن يەنە؟!» مەن بۇلارنى ئويلاپ دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم، قارىسام خوتۇنچىلىك ئەقلى يوق بۇ كاتتا كىشى قوچقاردىن قورقۇپ زال ئۆيىدىكى ئارقا ئىشىكتىن ئۇدۇل ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قوي ئېغىلىغا قاراپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ، مەن يۈگۈرەپ چىقىشىم قوچقار دېگەن ئەبلەخ ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭغا تاك بولغىنىچە ئۇنى قىستاپ كاللىسىنى قوي ئېغىلىنىڭ غارال ئارلىقىغا تازا پاتتۇرۇپ ئۇنىڭغا ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلغىلى تۇرۇپتۇ...

ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قوچقىرىم دېگەن بۇ ھاياسىز ئۇ كاتتا ئەمەلدارنى قويۇۋېتىپ يېنىمغا ھاسراپ كەلدى... كاتتا ئەمەلدار چىرايى سارغايغان ھالدا غارالنىڭ ئارلىقىغا بېشىنى تىققان پېتى خاخراپ يىغلاپ پوتلا ـ مىشقىسىنى ئېقىتقىلى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ غارالغا كەپلىشىپ قالغان بېشى بىلەن خېلى ھەپىلىشىپ باققان بولساممۇ پەقەت چىقىرالمىدىم، بۇ كاساپەت بايام كاللىسىنى قانداق بولۇپ بۇ غارالغا پاتقۇزغان بولغىيتتى، ئاخىرى بولماي ئۆيىنىڭ بىر يەرلىرىدىن كەكە ـ پالتا دېگەندەك بىر نەسىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ مىڭ بىر بالادا غارالنىڭ بالدىقىنى چۇۋۇپ ئاندىن ئۇنىڭ خاپان بېشىنى غارالدىن چىقاردىم، قارىسام ئۇ ماڭا قاراپ ساراڭدەك ھىجايغىنىچە ئىككى قولى بىلەن ئىشتىنىنىڭ كەينىنى تۇتۇپ تۇرىۋاپتۇ...

ـ نېمە ئىش بولدى ئاكا؟، ـ دېدىم ئۇنى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن بىلمەسكە سېلىپ.

ـ ھە...ھە...ھېچ ئىش بولمىدى!، ـ دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ ئىلگىرىكى مۇغەمبەرلىكى بىلەن.

ـ قارىسام تامبىلىڭىزنىڭ كەينى تىكىشى قويۇپ بەرگەندەك قىلىدۇ!، ـ دېدىم ئۇنىڭ يۇغانلىق كىبىرىنى كۆتۈرەلمەي قەستەن چېقىشىپ.

ـ ھە شۇنداقمۇ؟، ـ دېدى ئۇ غارالغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تازا بىر تىنىۋالغاندىن

كېيىن ماڭا سەپسېلىپ قاراپ، ـ سەن ھەممىنى كۆردۈڭما؟
ـ كۆردۈم!
ـ نېمىنى كۆردۈڭ؟
ـ قوچقارنى قوچقارغا قويغاننى!
ـ ئەستەخپۇرۇللاھ...سەن نېمە ئىش قىلىسەن ئۇكام؟
ـ تېببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن ئاكا!
ـ ئەتە ئەتتىگەن ئارخىپىڭنى ئېلىپ ئىشخانامغا بار، يېزا شىپاخانىغا چىقىپ ئىشلەيسەن!
«چۈشۈممۇ-ئۇڭاممۇ بۇ، مەندەك بىچارىگە نەدىكى خىزمەت ئۇ ...ھەر قاچان چۈش كۆرىۋاتىمەن...»
ـ ياق شەھەردە ئىشلەيمەن!، -دېدىم چۈشۈمدە بولسىمۇ بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن.
ـ شەھەردە ئىشتات يوق!
ـ ئىچكىرىدىن يىلدا بىرە مىڭ نان قېپىنى ئاچىقسىڭىز ئىشتات باركەن، مەندەك بىر قوچقارنىڭ ئىگىسىگە ئىشتات يوقما؟
مەن «قوچقار» دېگەن سۆزنى ۋەزنىلىك قىلىپ ئېيتتىم، ئۇ بىردەم شۈك تۇرۇپ قېلىپ ئېغىز ئاچتى:
ـ بۈگۈن كۆرگەن ئىشنى ئىنسانغا تىنماسلىققا قەسەم ئىچەلەمسەن؟
ـ قەسەمنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا رەسمىي ئىشقا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئىچىمەن!، -دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.
ـ بۇپتۇ، ئەتە ئىشقا چۈشىسەن، ئارخىپىڭنى ئىشخانامغىلا يەتكۈزۈپ بەر!
مانا مۇشۇنداق قىلىپ قوچقىرىمنىڭ كارامىتىدە شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە رەسمىي ئىشقا چۈشتۈم، لېكىن بۇ ئاسايىشلىق كۈنلەر ئۇزۇنغابارالمىدى، بىر كۈنى دوختۇرخانا باشلىقى يىغىن ئېچىپ «شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بىلەن تېرورچىلارغا قارشى مانېۋىر ئۆتكۈزىمىز، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ياردار بولغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش، ھەرقايسى بۆلۈملەر بۇ ئىشقا يۈكسەك سىياسىي ئاڭ بىلەن قاراپ سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا بىجىرىشى كېرەك!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، بۆلۈمدىكىلەر مىنى يېگى كەلدى دەپ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىگە مىنى ئاجراتتى ،بىز شۇنداق قىلىپ ئون نەچچە دوختۇر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سېستىرا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا بېرىپ مانېۋىرنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇق، مانېۋىرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

مەلۇم بىر جايدا تېرورچىلار بىلەن ساقچىلار تۇتۇشۇپ قالاتتى، دوختۇرخانىغا خەۋەرقىلىنغاندىن كېيىن بىز بىر قانچە دوختۇر - سېستىرا ماشىنا بىلەن ئۆلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلار يارلانغان نەخ مەيدانغا بېرىپ ياردار بولغان ساقچى ۋە تېرورچىلارنى نوسىلكىغا سېلىپ ماشىنىغا ئالاتتۇق ھەم دوختۇرخانىغا ئەكېلەتتۇق.دوختۇرخانىدىن كەلگەن باللارنىڭ بىر قىسمى تېرورچىنىڭ رولىنى ئالاتتى، بىرقىسمىمىز دوختۇر - سېستىرانىڭ رولىنى ئالاتتۇق.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ مانېۋىر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، نەخ مەيدانغا ئاپتونوم رايۇننىڭ نۇرغۇن كاتتا رەھبەرلەر كېلىپ مەخسۇس لېنتا كەستى، نەچچە يۈز مىڭيۈەنگە تەكلىپ قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك ئارتىسلار ناخشا - ئۇسسۇل دىگەنلەردىن چاڭ چىقىرۋەتتى، يېزا - بازارلارغا بىرمۇنچە بوۋاي - موماي لارنى ئەكىلىپ ئۇسۇلغا سېلىش ۋەزىپە قىلىندى...پۈتۈن ئىدارە - جەمئىيەتنىڭ ئىشچى خىزمەتچىلىرى بىر كۈن ئىش توختىتىپ مەيداندىكى قاقىرام ئاپتاپتا ئېغىزىنى ھاڭ ئاچىقىنچە ئېغىزىدىن كىرگەن چىۋىننىڭ بۇرنىدىن قانداق چىكەتكەنلىكىنى سەزمىگەن ھالدا ئولتۇرۇشاتتى ... نۇتۇق سۆزلىگەنلەر بۇقېتىمقى مانېۋىرنىڭ ئەھمىيىتىدىن ھاياجانلىنىپ قان - يامغۇر يىغلاپ، ياقا - كۆينەكلىرىنى يىرتىشىپ، ئۆزىنى ئۆزى يەرگە ئېتىپ بۇ قېتىمقى مانېۋىرنىڭ دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەرىكەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ دۇنيا خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشۋاتاتتى...

بىز ئىشخانىدا تېلېفون ساقلاپ ئولتۇراتتۇق، ئۈشتۈمتۈت تېلېفون جىرىڭلىدى، بىزماشىنىنىڭ قۇلاقنى يارىدىغان سىگنالىنى قويۇۋېتىپ نەخ مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدىراپ يەرگە چۈشۈپ نەخ مەيداندا ياتقان توققۇز - ئونچە ئادەمگە سەپسالدۇق.

يەردە ياتقان ساقچىلار خىزمەت كىيىمى ۋە ئىزناك - گىرىبلەرنىڭ تۈپىغا ملىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ پۇقراچە كىيىملىرىنى كىيىۋاپتىكەن، بىز زادى قايسىسىنىڭ ساقچى، قايسىسىنىڭ تېرورچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدۇق، ئاگغىچە باش دوختۇرىمىز «تېز بول!» دەپ ۋارقىرىدى. مەن بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە ئالدىمدا ياتقان بىرسىنى دەرھال نوسىلكىغا سېلىپ شېرىكىم بىلەن

ئۇنى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا ئېلىپ ماڭدىم، بىر چاغدا بىرسى قۇلاق تۈۋىمگە شۇنداق قاتتىق بىرنى سالماسمۇ؟ مەن نېمە بولغانلىقىمنى بىلەلمەي ئايلانغاندەك بولۇپ ئورنۇمدا دەلدەڭشىگىنىمچە قولۇمدىكى نوسىلكىنى قويىۋەتتىم.

بىر چاغدا نوسىلكىدا ياتقان ئۇ بىرسى «ۋاي بېشىم!» دىگىنىچە ئورنىدىن چىقىراپ قوپتى، قارىسام نوسىلكا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەندە ئۇ بىچارىنىڭ كاللىسى يەردىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا چۈشۈپ كەينى مېڭىسى ئېتىلىپ كەتىپتىكەن، قىپقىزىل قان بىردەمدە ئۇنىڭ قۇلاق يۇمشىقىدىن سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى، تېرورچىنىڭ سەھنىدە ئۇسۇل ئويناپ ھېرىپ كەتكەن ئۆلەي دەپ قالغان چوڭ ئانىسى ئامىراق نەۋرىسىنىڭ قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ«ۋاي ئىسست بالام!» دىگىنىچە يەردىن قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ دوڭغاقشىپ ھاسىرغىنىچە يۈگرەپ كەلدى-دە قولىدىكى تاش بىلەن بېشىمغا كىلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى، ئاندىن شۇيەردىلا ئاغىزىدىن كۆپۈك ياندۇرۇپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، مىنۇتقا قالماي مىنىڭمۇ يۈز-كۆزۈم قانغا بويالدى...

-ۋۇ ئەبلەخ كىمنى قۇتقازغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟، - دەپ ۋارقىرىدى بۇ قېتىمقى مانېۋرغا مەسئۇل باشلىق تەلەتىنى بۇزۇپ مىنى بىر مۇشت سالغىنىغا قانماي.

- كىمنى قۇتقۇزۇپتىمەن؟، - دەپ ۋارقىرىدىم مەنمۇ ئاچچىقىمدا دادامدىن يەپ باقمىغان تاياقنى كۆتۈرەلمەي يۈز-كۆزۈمدىكى قاننى سۈرتكەچ.

- سەن ساقچىنى ئاۋۋال قۇتقۇزماي تېرورچىنى باشتا قۇتۇلدۇردۇڭ! مۇشۇ ئىشىڭ ئۈچۈن سىياسى بولۇپ تۈرمىدە ياتىسەن!، -دېدى ئۇ يەنە ئالدىمغا داپشۇنۇپ كىلىپ.

- مەن قانداق بىلىمەن، يا پىشانىسىدە تېرورچى دەپ يېزىلمىغان تۇرسا!، - دەپ ۋارقىرىدىم لېكىن مەن «سىياسىي» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يەنە جىمىپ قالدىم، چۈنكى «سىياسىي» دېگەن گەپنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تازا ئوبدان بىلەتتىم.

چۈشتىن كېيىنكى مانېۋىردا رەھبەرلىك مىنىڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىمنى بىلىپ مىنى تېرورچىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان تىزىملىككە كىرگۈزۈپ قويدى، ئاندىن دوختۇر-سېستىرالارنىڭ يارىلانغان تېرورچى بىلەن ساقچىلارنى ئوبدان پەرىقلەندۈرۈشى ئۈچۈن تېرورچىنىڭ رولىنى ئالدىغانلارنىڭ بېشىغا دوپپا كىيگۈزۈپ

www.uyghurkitap.com

يۈز ـ كۆزىمىزگە بۇرۇت ـ ساقال سىزىپ قويىدى، ئەسلىدىكى ماگا بۇرۇت سىزىپ قويىمىسمۇ بۇلاتتى لېكىن يېقىندىن بېرى يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش چىقىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بۇرۇت قويغانلىرىدىن ھەسسىلەپ جەرىمانە ئېلىۋاتقاچقا مەنمۇ بۇرۇتۇمنى چۈشۈرۈپ ئۆلگۈرگەن ئىدىم، شۇنداق قىلىپ مەن چۈشتىن كېيىنكى مانېۋىردا تېرورچىلارغا بۇغداي ئۇنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پوستەكچى تېرورچىنىڭ رولىنى ئالىدىغان بولدۇم، بۇ قېتىمقى نەخ مەيداننىڭ ئورنى ئۇدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۆزگەردى، مەن ئاخىچە بىر تاغار بۇغداي ئۇنىنى دولامغا ئېلىۋېلىپ ئۇيەردىن ـ بۇيەرگە كۆتۈرۈپ ھاسىراپ يۈردۈم، ھېرىپ ھالىمدىن كېتەي دىگەندە ئەخ مەيدان ئورنى ئاخىرى مىنى ئۇرغان باشلىقنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر سۇ تۆگمىنىگە بېكىتىلدى...

پىلان بويىچە مەن تۆگمەننىڭ ئىچىدە بىر خالتا ئۇنىنى كۆتەرگەن پېتى ئۆلۈپ قالىدىغان بولدۇم...باشقىلار سىرتلاردا يارىلىنىدىغان بولدى...

مانېۋىر باشلاندى، مەن تۆگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاخىرى ئۆشنۇمدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ ئارام خۇدا بېشىمنى ئۇن خالتىسىغا قويۇپ ياتتىم، بۇ بىر خالتا ئۇننى نەچچە سائەتتىن بېرى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بەكلا چارچاپ كەتكەن ئىكەنمەن، بېشىمنى قويۇپ ئۇھ دېگىنىمچە مانېۋىرنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ ئاسمانغا قاراپ ياتتىم...ھېلى تۆگە...ھېلى تۆگە ...بىر چاغدا ئۇيقۇغا كىتىپتىمەن...

بىر چاغدا بىركىملەرنىڭ تۆگمەنگە كىرگەن شەپىسىدىن ئويغىنىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئالەم قاپقاراڭغۇ، تۆگمەنگە كىرگەنلەر قولىدا ئېلېكتىر تۇتىۋېلىشقان ئىكەن، مەن مانېۋىر كېچىگە ئۆزگەرگەن ئوخشايدۇ دەپ جايىمدا شۈك ياتتىم، بىر چاغدا بىرئايال بىلەن بىر ئەرنىڭ غۇڭگۇلداشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلارنىڭ پارىڭىدىن ئاندىن مانېۋىرنىڭ تۈگەپ ھەممىسىنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلدىم، ئەسلىدە خىزمەتداشلىرىم مىنى ئۇنتۇپ قېلىشىپتىكەن.

ئۇيقۇمنى بۇزغان بۇ بىر جۈپ كاساپەتلەربېشىمغا كىلىپ مۇگدىشىشىنى باشلىۋەتتى:

ـ ئاچا ئۇ سىزنى ئىزدەپ قالماس ـ ھە؟

ـ ۋاي قويە ئۇ مىنى ھېلىقى كاتتىلىرى بىلەن بىللە دەپ ئويلاغلىق!

ـ ھەر نىمە دېگەن بىلەن باشلىقمىدە...

ـ بۆگۈنكى سورۇندا ئۇنىڭغا خوتۇن بولغانغا تويىدۇم ، ھېلى يۇقىرىدىن

كەلگەنلەرنى تانىسغا تارت دېگەن، ھېلى ئۇلارنى ئىچىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ئاچىق دېگەن، ھەر نېمەبولسا ئۇخلاپ قالدى ئۇ ئەبلەخ...

- ئاچا باشلىقنىڭ سىزنى ئۇلارنى ئىچىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ئاچىق دىگىنى...

- شۇنىمۇ بىلمەمسەن، ئۇنىڭ ئۇنداق دىگىنى «ئۇلارنى ئىچىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ كۆڭلىنى ئالغىن، ئىش يېرىم بولغاندا مىنى ئۆستۈرىدىغان ئىشنى دەپ ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئېنىق ۋەدە ئالغىن!» دىگىنى بولمامدۇ...

- پۇل بولسىلا بولمامدىكەن ئۇلارغا؟

- يالغۇز پۇل بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، تامغىسى يوق پاسپورت ئۆتمەمدۇ ئۇكىجان!

- ئۇ كاتتا مېھمانلار قايسى يۈزى بىلەن سىزگە...

- ساڭا بىر گەپنى دەپ بىرەيمۇ قۇرغۇيۇم؟

- قېنى!

- ئىنسانغا تىنما!

- خاتىرجەم بۇلۇڭ!

- ئۇ كاتتىلار تازا مەس بولغاندا ماڭا نېمە دەيدۇ بىلەمسەن؟

- نېمە دەيدۇ؟

- ئۇلار مەستلىكتە ئاستا كىلىپ مىنىڭ قۇلىقىمغا « بىزنى تونىمايدىغان سەھرالىق يىگىتلەردىن بىر قانچىنى چاقىرىپ بېرىڭ!» دەيدۇ. مەن چىقىپ بىزنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى ھاراقكەش يىگىتلەردىن بىر قانچىنى چاقىرىپ بىرىمەن...

- ئۇلارنى نېمە قىلىدىكەن؟

- نېمە قىلاتتى، قارىسام ئۇ كاتتىلار بىردەمدە قىزلاردەك نازلىنىپ مەن باشلاپ ئەكىرگەن يىگىتلەرنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىدىكى ئۆيلەر ئەكىرىپ كىتىشىدۇ...

- ھەممىسى شۇنداق قىلامدۇ؟

- ھەممىسى قىرقىغاندەك ئوخشاش، شۇڭا ھە دىسە خىزمەت تەكشۈرىمىز، تۈۋەنگە چۈشىمىزدەپ قاشتېشى، ئالتۇن دىگەنلەرنى چامادانىغا توشقۇزۇش ئۈچۈن بۇ يەرلەرگە كىلىۋالىدۇ،ئۆز يۇرتىدا قىلالمىغان ئەشۇنداق بەچچىۋازلىقنىمۇ مۇشۇ يەردەقىلىۋالىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- ئەركىشى تۇرۇپ قىلغان ئىشنى...

- خەلققە زۇلۇم قىلىپ، كىشى ھەققىنى يېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇدايىم ئەشۇنداق ئۇسۇلدا جازالايدىكەن، خەلقنىڭ ھەققىنى يېگەن ئۇنداق ئەرلەر ئاخىرى ھەزىلەككەخوتۇنلىرى جالاپقا ئايلىنىدىكەن!

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، قوچقىرىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ھېلىقى كاتتا زاتنىڭ بېشىنى غارالىنىڭ ئارلىقىغا يېرىم سائەت كەپلەپ قويغانلىقىنىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئۇلار يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى:

- قۇرۇق گەپنى قويۇپ مانېۋىرنى باشلايلى ئۇكىجان!، -دېدى ئۇخوتۇن كۆلگىنىچە ئاۋازىنى قويىۋېتىپ.

- باشلىساق باشلىدۇق، سىز تېرورچىمۇ ياكى مەنمۇ؟

- سەندەك تۇغما ئەركەكلەر تۇرغان يەردە مەندەك ئاياللار تېرورچى بولسام ياراشماس!، - دېدى ئۇ خوتۇن نازلىنىپ كۆلگىنىچە.

- ئەمىسە باشلىدۇق!

- قاتتىق قوپال تېرورچىلاردىن بۇلۇك جۇمۇ؟

- چاتاق يوق!

- ئامېرىكا كىنولىرىدىكى تېرورچىلاردىن بۇلىكە بولمىسا ئۇلار بەك ۋەھشى؟

- تېرورچىلارنىڭ ئەڭ ۋەھشىلىرى «زۇلمەتلىك توپراق»رومانىدىكى تۈركمەنىستان تېرورچىلىرى ئاچا!

- مەن ئۇ رومانىنىڭ گېپىنىمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئەمىسە ئاشۇلاردەك بىر ۋەھشى بولىكە ئۇز جېنىم...خۇددى قامچا بىلەن نۇر ئويىنىغاندەك...

- ماقۇل ئاپاق خېنىم!

ئۇ خوتۇن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئارتىسلاردەك گەپ قىلىشقا باشلىدى:

- بۇ كېچىدە ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرگەن كىمسەن؟

- تېرورچى!

- مەن نېمە قىلدىم؟

- سەن مىللى مۇناپىق، رۇسلارغا ياخشى بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئادالەتسىز ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان قېرىنداشلىرىمىزنى تېرورچى، بۆلگۈنچى دەپ تۇتۇپ بەردىڭ!

- رۇسلار ئادىلغۇ؟

- بايىلىقىمىزنى بۇلاپ-تاراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادىلما، ھەق گەپتىن بىر ئېغىزنى قىلغانغا تۈرمىلەرگە سولاپ نەچچە يىللىق كىسسۇەتكەنلىكى ئۈچۈن ئادىلما؟ باراۋەرلىكنى تىلغا ئالماي ئىتتىپاقلىقنى بىزگە تاڭغانلىقى ئۈچۈن ئادىلما؟ سانىسىز رۇسلارنى بۇ يەرگە يۆتكەپ بىزنى يەرسىز، ئىشسىز قويغىنىغا ئادىلما؟ ئېيتە قانجۇق ئەمىلىيەتتە بىز تېرورچىمۇ ياكى ئۇلار تېرورچىمۇ؟...

- لېكىن مەن گۇناھسىز...

- بىز كىم ئۈچۈن تېرورچى بولدۇق؟ سىنىڭ باللىرىڭ ئۈچۈن، كەلگۈسى تۈركمەن ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مۇشۇ نامغا قالمىدۇقمۇ؟ ئاددى بىر ئىنسانلىقىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ماكانىدا ياخشىراق بىر ياشاش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز تېرورچى بولدۇقما؟

- ئۇغۇ شۇ ...

- سەن ئېرىڭ بولغان مىللى مۇناپىق ئالدىغا چىقمىسا ئۇتوگغۇزلار بىزنىڭ ۋەتەندە نېمە ئىش قىلالايتتى، ئىرىڭ بىزنى ئۇلارغا تۇتۇپ بىرىپ قانچىلىك پايدا ئالالىدى؟ ئىرىڭ رۇسلارغا ھەرقانچە يۇرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرسىمۇبىردىغىنى شۇ ماشىنىنىڭ ئالدى ئۇرۇندۇقى بىلەن مۇئاۋىنلىق!... ئىرىڭگە دەپ قوي مال ئىگىسىگە قايتىدۇ، ۋەتەن ئەزەلدىنلا بىزنىڭ! زالىم رۇسلار تۆگە قۇشىدەك كىچىككىنە كاللىسىنى تۇپىنىڭ ئاستىغا تىقىۋېلىپ «مەن يۇشۇرۇنۇۋالدىم، مىنى ئەمدى ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ!» دەپ جار سالغىنى بىلەن ئۇنىڭ تۆگىدەك بوي-بەستى، قوغاچتەك كۆتى جاھان-ئەھلىگە مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇپ بولدى! ئۇلار ھامىنى قوغلاندى بولىدۇ، سىنىمۇ بىزگە تاشلاپ بىرىپ ئۆزى چىكتىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا يەتتە ئەۋلادىڭنىڭ قىرىلىپ كىتىشىدىن، خەلقنىڭ لەنىتىدىن قورقمامسەن؟ سەن ئۇلارنىڭ تۈركمەنىستاندا قانچىلىك ناھاقچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن؟ سەن مۇناپىققا ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ!

- ئۇنى ئېرىم قىلسا مىنى جازالامسىز؟

- شۇنداق!

- قانداق جازالايسىز؟

- تەن جازاسى بىرىمەن، كىيىمىڭنى تىز سال!

- سالاي غوجام سالاي! قانداق تەن جازاسى بىرىسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- ساڭا قىرىق دەررە كالتەك جازاسى بېرىمەن!

- ۋاھ...ۋاھ!... قىرىققا قىرىقنى قوشۇپ سەكسەننى بېرىڭە ئۆز ئەركىكىم غوجام!

- تېز بول!

- ماقۇل غوجام تېز بولاي، -دېدى ئۇ خوتۇن ھاپىلا-شاپىلا بىرنېمىلىرىنى سالغىنىچە ھاسىراپ، - ئىسىت... ئىسىت... ئېرىمنىڭ گۇناھىغا قاراپ تەن جازاسىنى ئاشۇرۇدىغانلىقىنىڭىز بىلگەن بولسام ئەمىلى ئېرىمدىنمۇ چوڭراق بىرسىگە خوتۇن بولاركەنمەن، رۇسلارنىڭ غالچىسى بولغان، ئۆز خەلقىنىڭ قايغۇسىدىن ئۆزى خۇشاللىق تاپىدىغان بۇ مىللى مۇناپىقنىڭ ئۆيىدە كۈندە گۈش-كاۋاپ يەپ بىر ئۆمۈر باياشات ياشىغىنىمدىن كۆرە سىزدەك مىللەت-خەلقىمنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئىمانى ئەركەك كالتەكچى باتۇرنىڭ قېشىدا ئۇماچ ئىچىپ بىر مىنۇت تۇرغىنىم مىڭ ئەۋزەلكەن ئەمەسمۇ...ئۆز تاتلىق تېرۇرچى غوجام!...

«قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇن تارتىدىغان تۆگمەندە ناشايان ئىش قىلىپ يۈرىشىنى توسۇش كېرەك، بولمىسا بۇ پاسكىنىچىلىقتىن باشقا بىگۇناھ خەقنىڭ ئەقلى بولغانمىدۇ؟»

مەن ئۆلارنىڭ ئۆتكۈزىۋاتقان مانىۋېرىغا چىدىيالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆلارنىڭ بېشىغا كەلدىم، ئىككى زىناخور«ۋاي ئانا!»دېيىشكىنىچە يېنىدىكى قول چىراقنى يۈرتۈپ يۈزۈمگە تۇتتى ئاندىن مېنىڭ چىرايىمنى كۆرۈپ «ۋاي جىن!» دەپ چىقىراشقىنىچە شۈك بولۇپ قېلىشتى، جىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ دەرھال بۇ ئىككى يالىڭاچنى تاشلاپ قويۇپ تۆگمەندىن بەدەر قاچتىم، ئۆيگە كىلىپ ئەينەككە قارا دىگەندەك بولۇپ ئەينەككە قارىسام يۈز-كۆزى ئاپئاق بىر جىن ماڭا قاراپ تۇرماسىمۇ، مەنمۇ «ۋاي ئانا!...» دىگىنىمچە ئەينەكنىڭ ئالدىدىن قاچتىم، ئەسلىدە ھېلىقى بىر خالتا بۇغداي ئۇننى بېشىمغا قويۇپ ياتقان چېغىمدا يۈز-كۆزۈم شۇ ئۇن بىلەن پۇخۇندىلىپ ئاقىرىپ مۇشۇنداق ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالغان ئىكەنمەن،ھېلىقى زىناخورلارنىڭ مېنىڭ چىرايىمدىن قورقۇپ ئايلىنىپ كىتىشىمۇ مۇشۇنىڭدىن بولغان ئىكەن.

ئەتىسى ئاڭلىسام مىنى ئۇرغان ھېلىقى باشلىقنىڭ ئايالى بىلەن ئۇنىڭ شوپۇرى تۆگمەندە ئۆلۈپ قاپتىمىش، ئۆلارغا بىر تۇرۇپ يۈرۈگۈم ئېچىشتى، بىر تۇرۇپ زىناخورلۇق قىلغىنىغا خوپ بولسۇن دېدىم...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەي ئىككىيلەن بىر ئېغىر بىمارنى نوسىلكا بىلەن بۆلۈمىمىزگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىشتى، قارىسام بۇ كېسەل ھېلىقى تۈگمەن بېشىدا ئۆيى بار ئەمەلدارنىڭ ئۆزى شۇ، كارىۋاتتا مەلەقتەك بىھوش ياتىدۇ، بىر قانچە كۈنلۈك تەكشۈرۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىمىزدىكى چوڭ مۇتەخەسسىلەر ئۇنىڭغا «ئۆسۈملۈك ئادەم» بولۇپ قالغانلىق دىئاگنوزىنى قويۇشتى.«ئۆسۈملۈك ئادەم دىگەن گەپ ـ ئۆلۈك ئادەم دىگەن گەپ ئەمەسمۇ!» يا ھەرىكەت قىلالمىسا، يا گەپ قىلالمىسا، يا كۆرەلمىسە، يا بىر نىمە يىيەلمىسە، يا چوڭ ـ كىچىك تاھارىتىنى تۇتالمىسا...

مىنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇنداق كاتتا ئەمەلدارنى يوقلايدىغانغا بىرمۇ ئادەمنىڭ چىقمىغىنى ئىدى، مەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ باشقىلاردىن ئىشنىڭ تېگىنى سورىدىم، ئۇلار ماڭا«بۇ ئادەمنىڭ قولىدا ھوقۇق بار چېغىدا چاپىنىنى كۆتۈرۈشنى تالىشىپ نەچچە يۈز ئادەم ئۆچىرەتتە تۇراتتى، مانا ئەمدى تەشكىلنىڭ بىر ۋاراق ۋەزىپىسىنى توختىتىپ تۇرۇش قەغىزى تۇپەيلىدىن بۇئادەم بىر كېچىدىلا ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ ئۇنى يوقلايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى!» دەپ جاۋاب بىرىشتى...

ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىدى چۈنكى ئۇنىڭ تۇغماس زىناخور خوتۇنى مەن سەۋەبلىك تۈگمەندە ئۆلۈپ قالمىغان بولسا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتى، مەن بىر ئاز ۋىجدان ئازابى تارتقاندەك بولۇپ قالدىم ئاخىرى كۆپ ئويلىنىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغان يېڭى بىر چارىنى ئويلاپ تاپتىم، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ يالغاندىن بىر ۋەزىپىگە ئۆستۈرۈش ئۇقتۇرۇش قەغىزىدىن بىرنى ئۇرۇپ چىقتىم، ئاندىن ئۇ ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئېلىپ باشلىق ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدىم، دىگەنىدەك بۇ يىڭىچە داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى دەرھال كۆرۈلۈشكەباشلىدى، مەن ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇپ« تەشكىل بۇ يولداشنىڭ ئىلگىرىكى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى شۇنداقلا خىزمەتتىكى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىر قىلىپ ئاپتونوم رايۇنغا ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈردى...» دېگەن يەرگە كەلگەندە دىگەندەك مۆجىزە يۈز بەردى، باشلىق بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى،كۆزىنى«لاپپىدە» ئېچىپ قولۇمدىكى قەغەزگە قولىنى سوندى. مەن قەغەزنى ئالدىراپ ئۇنىڭ قولىغا بەردىم، ئۇ قەغەزدىكى «مۇئاۋىن نازىر» دېگەن خەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ بولۇپ ماڭا ۋارقىرىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

- ئەبلەخ!... مۇئاۋىن نازىر دېمەيتۇ، جىك نازىر دەيتىغۇ؟

دەرھال خەتنى ئېلىپ قارىسام راستىنلا «جىك نازىر» دېگەن خەت ئىكەن، مەن ئۇپپۇل-تۇپپۇل ئۇنىڭغا ھىجىيىپ خۇشامەت قىلدىم:

- مۇبارەك بولسۇن نازىر جاناپلىرى!

باشلىق كۆزىگە ياش ئېلىپ ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى يەنە ئۇنىلۇك ئۇقۇشقا باشلىدى، خەتنى ئۇقۇپ يەنە شۇ «جىك نازىر» دېگەن يەرگە كەلگەندە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېغىزىدىن پونتاندەك قان ئېتىلىپ چىقىپ ياستۇققا بېشىنى قويغىنىچە شۇك بولۇپ قالدى، دوختۇر-سېستىرالار پاتىپاراق بولۇپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ باقتۇق، ئەسلىدە ئۇ يېگىدىن ۋەزىپىگە ئۆلتۈرۈش خوشلۇقىدا بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە يۈرىكى يېرىلىپ كېتىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن تەشكىل مىنى «كېسەلنى خاتا داۋالاپ ئۆلتۈرگەن قاتىل!» دەپ بۇ يەرگە سولاپ قويدى، بولغان ئىش مۇشۇ بۇرادەرلەر!

- سىنى ئۇرغان ئۇ باشلىق يۇقىرىدىكىلەرگە شۇنچە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان يەردە قانداق بولۇپ ۋەزىپىسىدىن قالغان بولغىيتتى؟، -دەپ سورىدىم ئۇ باشلىقنىڭ ئۆلۈمىگە بىر ئازئىچىم ئاغرىپ.

- نېمە ئىش بولاتتى، -دېدى دوختۇر يىگىت كۈلۈپ كېتىپ، - مەن تۇگمەندە ئۇخلاپ قالغان ھېلىقى ئاخشىمى يۇقىرىدىن كەلگەن ئۇ چىرىك كاتتىلار مەھەللىدىكى بەش-ئالتە يىگىتنى ئۆيگە ئەكىرىۋاپتىكەن ئەمەسمۇ؟

- ھە، ھېلىقى زىناخور خوتۇن چاقىرىپ ئەكىرگەن ھاراقكەشلەر...

- توغرا، مەھەللىدىكى بۇ شوخ گۈيلار كاتتىلارنىڭ بەرگەن نەچچە يۈز يۈەن پۇللىرىنى چۆنتىكىگە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان سەۋزە-تۇرۇپ دېگەندەك نەرسىلەرنى يانچۇقىدىن سۇغۇرۇشۇپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ كۆتىگە تىقىپ قۇيۇپ قېچىپ كىتىشىپتۇ، ئەتىسى ئۇ كاتتىلارمەستلىكىدىن يېشىلىپ كۆتىگە تىقىپ قۇيۇلغان دانىسى نەچچە كىلوگىرام كىلىدىغان سەۋزە-تۇرۇپلارنى تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئېلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ نەچچە يىللاردىن بىرى مۇشۇنداق ئاخماق بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىشىپتۇ، ئاندىن جان ئاچچىقىدا بارلىق ئۇچىنى بۇ باشلىقتىن ئېلىپتىكەن ئەمەسما!

بىز بۇ گەپتىن بولدى دىگۈچە كۈلۈشۈپ تۇرغىنىمىزدا كامىرنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز قاتتىق جالاقشىپ ئېچىلدى.

- ۋوي چوڭ تەكشۈرۈش! ، ـ دەپ ۋاقىردى ئارىمىزدىن بىرسى پاتمىچۇقتەك ئامغا چاپلاشقىنىچە دىر ـ دىر تىترەپ تۇرۇپ.

بىزمۇ ھاپىلا ـ شاپىلا ئاران تامغا چاپلىشىپ ئۈلگۈردۇق، يېڭى كىرگەن دوختۇر يىگىت بۇئىشلارنى تېخى بىلمىگەچكە بىر ئاز گاڭگىراپ قېلىپ بىزنى دوراپ تامغا چاپلىشىپ باقتى، لېكىن ئۇ كېچىكىپ قالغان ئىدى، تالادىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كىرگەن بەش ـ ئالتە تەكشۈرگۈچى ئەسكەرلەر بۇ دوختۇر يىگىتنى بىردەمدە دەسسەپ ـ چەيلەپ چالا ئۆلۈك قىلىۋەتتى...

كامىرنىڭ ئىچى تەكشۈرۈلۈپ بولۇپ بەدىنىمىز تەكشۈرۈلىدىغانغا نۆۋەت كەلدى، ھەممىمىزقورقۇنچىدىن لاغ ـ لاغ تىترەشكە باشلىدۇق، شۇنچىكى قىڭىر ـ سىڭىر بولۇپ قالساق ھېچ بولمىغاندا بىرە ـ ئىككى قوۋۇرغىمىز سۇنۇپ كىتەتتى...

كۆز ئەينەكلىك ئەسكەرلەردىن بىرسى مىنىڭ ھەممە يېرىمنى سىلاشتۇرۇپ كىلىپ چاترىقىمغا كەلگەندە بىر نىمىنى تېپىۋالغاندەك شۇنداق خوش بولۇپ كىتىپ كۈلگىنىچە ماڭا قاراپ ئېيتتى:

- قاپاق ...قاپاق...

ئۇنى دىمىسىمۇ بىز ئەسلىدە توقۇغان قاپاقلىرىمىزنى ئەسكەرلەرنىڭ تېپىۋالماسلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق يەرلىرىمىزگە ئېسىۋالاتتۇق، قاپاقلىرىمىزمۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كۆپىنچە ھاللاردا يۇلاڭ ـ تالاڭدىن ساقلىنىپ قالاتتى، لېكىن بۇ قېتىم بىز تەييارلىقسىز قالغاچقا تۇقۇغان قاپاقلىرىمىزنى ئۇ يەرگە باغلاپمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدۇق...

- مەندە قاپاق يوق... ، - دېدىم يىغلامسىرىغان ئاۋازدا ئۇنىڭ قاتتىق ئۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ.

- ياق قاپاق بار...بۇ قاپاق بولماي نېمە؟، ـ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قوڭغىرىقامنى تېخىمۇچىڭ سىقتى، مەن ئاغرىققا چىدىيالماي يىغلاپ سالدىم:

- جېنىم ئاكا، ئۇ قاپاق ئەمەس...

- ياق قاپاق...بۇ يەردە ئۈچ دانە قاپاق بار...بىرسى چوڭ قاپاق ..ئىككىسى كىچىك قاپاق...تېپىۋالغاندىمە؟، - دېدى ئۇ ھىجايغىنىچە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىنلا ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ.

- خۇدا ھەققى ئۇ قاپاق ئەمەس...

ئەسلىدە مىنى ئاختۇرغان بۇ بىرى ھەممە ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئ

ۋېيىنىدىكىلەرگە بىر نىېمە دىگەنىدەك قىلىۋىدى، قالغان ئەسكەرلەر مىنىڭ كامىرداشلىرىمنى قوي ھەيدىگەندەك ئالدىغا سېلىپ ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

- ئىشتاننى سال!، -دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ قولىدىكى قارا رەزىنكە كالتەكنى بېشىمغا چەنلەپ تۇرۇپ.

مەن قارا كالتەكتىن قورقۇپ دەرھال تامبىلىمنى سالدىم، ئۇ كۆز ئەينىكىنى ئوبدان رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قوڭغىرىقامنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سىلاپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

- ياق بۇ قاپاق!، -ئۇ يەنە شۇنداق دەپ ۋارقىرىغانچە قوڭغىرىقامنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىپ تۇرىۋالدى.

«ئاھ خۇدا...نەدىن كەلگەن قارىغۇ...جىرتاق نېمە بۇ... قاپاق بىلەن قوڭغۇراقنى ئايرىيالمايدىغان ھالىغا تېخى ئەسكەر باشلىقى بولغىنىنى...»

- جېنىم ئاكا...خوش بولاي قويىۋەت...بۇ قاپاق ئەمەس...بۇ دادامدىن قالغان قاپاق...، - دېدىم ئاغرىققا چىديالماي تېخىمۇ يىغلاپ يالۋۇرۇپ.

- ياق بۇ دىگەن قاپاق!

- قاپاق بولسىمۇ بولسۇن لېكىن بۇ سىنىڭ قاپىقاڭ ئەمەس ئاكا...

- ئەمىسە كىمنىڭ؟

- پاتمىخانىنىڭ قاپىقى جېنىم ئاكا...

- ياق...ياق... بۇ مىنى قاپىقام!

ئۇ شۇنداق دىگەچ قاپاقنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئالدىغا تارتىشقا باشلىدى، مەن بولالماي قاپاق بىلەن بىرگە ئالدىمغا يۈرۈشۈپ كەتتىم، قاپاق ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا تاقىشىپ تاس قالدى ئۇنىڭ كۆز ئەينىكىنى چېقىۋەتكىلى ...ئۇ تۇيۇقسىز يان بىلىنى ئاختۇرۇپ كىچىك بىر قەلەمتىراچنى ئېلىپ قاپاقنى كېسىۋالماقچى بولدى...

بۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىم چەكچىيىپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى، ئاخىرى بولالماي شارقىرىتىپ سىيىپ تاشلىدىم، قاپاقنىڭ سۈيى تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

قاپاقنىڭ قىزىق سۈيىدىن ئۇ بىر ئاز ئەقلىگە كىلىپ مەندىكى قاپاقنىڭ توقۇغان قاپاق ئەمەسلىكىگە چىن پۈتتى، ئاندىن قاپاقنى كىسىۋېلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ كامىردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى مەنمۇ ئۇھ دەپ چاترىقىمنى چاڭگاللاپ تۇرۇشۇم ئۇ يەنە كەينىگە يېنىپ قاپىقامنى قايتىدىن بىر سىلىۋېتىپ

كۆلگىنىچە تىلىنى «لىككىدە» چىقىرىپ قويۇپ چىكتىپ قالدى...

چوڭ تەكشۈرۈش تۈگەپ يېرىم سائەتكىچە مەن ئاغرىق دەستىدىن ھوشۇمنى تاپالماي يۈردۈم، تۇيۇقسىز كامىرنىڭ ئىشىك يەنە جالاقشىپ ئېچىلىپ مىنىڭ ئىسمىم چاقىرىلدى، مەن چاترىقىمنى كەرگىنىمچە سوراققا ئېلىپ چىقىلدىم.

سوراق ئۆيىدە ئىككى ساقچى ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرى يېنىدىكى بىرىگە پۇكلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ماڭا تونۇشتۇردى:

- توختى پوكان!

- خوپ باشلىق...

- بۇ كىشى بولسا بىزنىڭ مەخسۇس چىرىكلىك دېلولىرىنى نازارەت قىلىدىغانغا يۇقىرىنىڭمۇ يۇقىرىسىدىن كەلگەن چوڭ باشلىقىمىز، ھەرقانداق گەپ بولسا بۇنىڭغا دەيلى، بىلدۇقما توختاخون!

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ قېشىدىكى باشلىققا ئۆلگۈدەك خۇشامەت قىلغان پېتى سىرتقا چايدەك بىرنىمە ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى.

سوراقخانىدا ئىككىمىزلا قالدۇق، ئالدىمدا ئولتۇرغان ئۇ سوراقچى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا بىر تال سىگارتنى تۇتاشتۇرۇپ سۇندى، ئۆمرۈمدە بۇ بىرنىمىنى چېكىپ باقمىغان ئىدىم، ئەتىدىن بېرىقى قاپاق تالىشىش جېڭىدە بەك جىلە بولۇپ كېتىپتىكەنمەن، ئاخىرى ئۇنىڭ قولىدىكى سىگارتنى ئېلىپ پۇرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدىم، سوراقچى ئېغىز ئاچتى:

- ساڭا بىر تال سىگارت بولسىمۇ سوۋغا قىلدىم، ئەمدى سەن ماڭا نېمە سوۋغات بېرىسەن؟

«يا مەن مەككە-مۆكەررەمدىكى ھاجىلىقتىن قايتمىسام نېمە سوۋغات ئەكىلەدىم بۇ كۆزئەينەكلىك مەخسۇمغا؟..ئۇنىڭغا لازىمى ھەرقاچان مىنىڭ چىرىكلىك قىلمىشىمنىڭ ھەممە تەپسىلاتى بولسا كېرەك!»

مەن بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي كېكەچلەپراق جاۋاب بەردىم:

- مىنىڭ سوۋغىتىم شۇ...شۇ ...ھەممىنى تولۇق ئىقرا قىلىشتۇ شۇ!

- ياق-ياق...مەن قاپاقنى دىمەكچى!

- ساڭىمۇ قاپاق لازىم؟

«ئاھ خۇدا...قاپاق جىنى چاپلىشىپ قالغان ساراڭ قارىغۇدىن يەنە بىرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدىمۇ نېمە؟»مەن قورقۇنچىدا كاپپىدە چاترىقىمنى چاڭگاللىۋالدىم.

ـ شۇنداق ماڭا قاپاق لازىم!، ـ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە يۇپۇرۇلۇپ كىلىپ چاترىقىمدىكى قۇلۇمنى بىر يانغا ئىتتىرىۋەتتى ـ دە ئۇيەرنى ئابايامقى كوسپۇرۇچىتىمۇ ئۆتە چىك سىقىمدىۋالدى.

ـ توختاڭ...توختاڭ ...ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ، خۇدا ھەققى مەندە قاپاق يوق ئاكا!، ـمەن شۇنداق دېگىنىمچە تامبىلىمنى سېلىپ قاپاقنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

ئۇ سەل ـ پەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ ئىككى يانغا قارىۋەتكەندىن كېيىن سوراقخانا ئىشكىنى ئىچىدىن ئېتىۋېتىپ يېنىمغا كەلدى، ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن قاپاقنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ بىر ھازا ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ تەكشۈرۈشنى خۇلاسىلىدى:

ـ سەن ئۆزۈڭچە قاپىقىڭنى دۇنيادا ھەممىدىن چوڭ دەپ ئويلامسەن؟

ـ ياق ئاكا!

ـ بۇنى كۆرسەڭ نېمە دەيسەن؟

ئۇ شۇنداق دىگەچ تامبىلىنى سېلىپ ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇردى.

ـ ياق ئاكا، ئۇنداق دېيىش ھەددىمۇ؟، ـ دېدىم ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى تازا چۈشىنەلمەي.

ـ قارىغىنا بۇ يەرگە، مىنىڭ كاۋام چوڭمىكەن ياكى سىنىڭ قاپىقىڭمۇ؟، ـ دېدى ئۇ ماڭا ئۆپكىدەك ئىككى پەللىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ـ ئەلۋەتتە سىزنىڭ كاۋىڭىز چوڭ ئاكا، سىز دېگەن كاتتا يەردىن كەلگەن ئادەم تۇرسىڭىز!، ـدېدىم ئۇ ساراڭ جىرتاقنىڭ كۆتىگە قاراپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ.

ـ سېلىشتۇرۇپ ئاندىن جاۋابىنى بەر!

ـ سېلىشتۇردۇم ئاكا سىزنىڭ كاۋىڭىز چوڭكەن؟

ـ ئىككىسىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ ئاندىن گەپ قىل!

ـ قانداق بىر يەرگە قويىمەن ئاكا؟

ـ كەينىمگە چاپلاشساڭ بولدى، مۇشۇ بىر قېتىم!

كاللامدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولۇپ تىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى...

«ھەي سەن زادى يىرتقۇچلارنى تۇتقىلى كەلگەن ئوۋچىمۇ ياكى كاۋاڭنى ساتقىلى كەلگەن قوڭچىمۇ؟ ئۆزەڭنىڭ نەپسانىيەتچى ـ ئاچكۆزلىكىڭدىن قولۇڭغا ئىلىنگەننى قانىڭغا تىقىپ بولدۇڭ... پۇلنىمۇ ئالساڭ، ئالتۇننىمۇ ئالساڭ،

قاشتېشىنىمۇ ئالساڭ، سوقماقنىمۇ ئالساڭ، چىلانىنىمۇ ئالساڭ، قازاننىمۇ ئالساڭ، تۇۋىقىنىمۇ ئالساڭ، ئەمدى سەن ئالمىغان مۇشۇ قاپاق قالغان ئىدى، ئەمدى بۇنىمۇئال!...ئۇنىمۇ ئال!..ئاله ئال...ھەممىنى ئال!... ئۇستىدىكىنىمۇ ئال!... ئاستىدىكىنىمۇئال!... تۇۋىدىن... يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئال، قاپاق بارلىقىنىڭ سايىسىدا ئاناڭ بىلەن خوتۇنىڭنى سەگىدىتەرسەن! خۇدايىم جاجاڭنى بىرەر سەن چىرىك نۇمۇسسىزنىڭ! ئادالەتلىك كومپارتىيىمىز ھامىنى كۆلۈڭنى كۆككە سورۇپ كۆتۈڭگە تۇگمە قادار سەن توڭغۇزنىڭ!...ئاھخۇدا!!...»

1997 ـ يىل

(كېيىنچە پارتىيە ئىنتىزام قۇرلۇشى تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ تەشكىلنىڭ ئادالەتنىڭ ئارغامچىسى يىغىلدى، ھەرساھە ـ ھەر كەسىپتىكى بىر قىسىم چىرىك ئۇنسۇلار بىر ـ بىرلەپ پاش بولۇپ قانون تورىغا چۈشۈشكە باشلىدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# توختى پوكان ۋە كېپەن ئوغرىسى

ئىپادەم ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا پالانماي، مۇشۇ قاماقخانىنىڭ ئاشخانا دېگەندەك ئارقا سەپ بۆلۈملىرىدە يۈگۈرە-يېتىم ئىشلارنى قىلىپ يىلىمنى توشقۇزىدىغان بولدۇم.

بۈگۈن ئەتتىگەن توخۇ پوق يېمەستە جىنايىتىمىز يېنىكرەك دەپ قارالغان ئۈچىمىز تۈرمە ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تال جاھازىسىنى ئوڭشىۋاتاتتۇق، گۈندىپاي بولسا كەكە-ھەرە دېگەندەك لازىملىق نەرسىلەرنى بىزگە سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى.

بىرسى تۈرمە دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقىۋاتقاچ بىزگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋاقىرىدى:

- قېرىنداشلار مەن كەتتىم!

ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا قاراپ يېنىمدىكى ئىت ئوغرىسىدىن سورىدىم:

- كاساپەتنى قويۇۋېتىپتۇ-دە!

- مۇددىتى توشۇپتۇ ئۇ كېپەن ئوغرىسىنىڭ!، -دېدى بۇرادىرىم يەرگە بىرنى ئاچچىق تۈكۈرۈپ، - كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى ھابدالنىڭ تېخى!

- كېپەن ئوغرىسى؟

- شۇنداق، ئىككى كوي پولغا ئىككى يىل كېسىلگەن نۇمۇسسىز ئوغرى ئۇ!

- ۋاي قانداق بولۇپ ئىككى يىل كېسىلىپتىكەن ئۇ؟

- كاتتا بىر قۇرۇلۇش ھۆددىگىرىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالغان ئىكەن، ئۇ ئەبلەخ كىنودىكى مېيىت ساندۇقىغا پول سېلىپ قويىدىغان ئىشنى كۆرۈپ قېلىپ ئەتىسى ئاخشىمى ئۇ قەبرىنى كولاپ مېيىت ساندۇقى ئېچىپتىكەن ئىچىدىن ئىككى يۈەن پۇل بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراق چىقىپتۇ، شۇنىڭغا ئىككى يىل كېسىلدى.

- قانداق بولۇپ تۇتۇلۇپ قالغان بولغىيتتى ئۇ ئىتنىڭ ھەققى؟، -دەپ سورىدى قېشىمدىكى موتۇ ئوغرىسى چىدىماسلىق نەزىرى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ

كىتىۋاتقان كېپەن ئوغرىسىغا قاراپ.

- قانداق بولاتتى، ساندۇقتىن چىققان ئىككى يۈەن پۇلنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا بىر بوتۇلكا هاراقنىڭ ھەممىسىنى سۈدەك ئىچىۋېتىپتۇ، ئەتىسى قورلۇش ھۆددىگىرى قەبرە بېشىنى يوقلاپ كەلسە ئۇ ئەبلەخ موماي رەھمەتلىكنىڭ ساندۇقىدا بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان گەپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇتىۋاپتۇ...

گەپنىڭ ئايىغى تۈگىمەستە تالادىن بىرسى تۇيا توزىتىپ كىرگىنىچە ۋاقىراشقا باشلىدى:

- ۋاي باشلىق، ئىش چاتاق!

- نېمە ۋاقىرايسەن؟، - دەپ توۋلىدى بىزگە قاراپ تۇرغان گۇندىپاي يوگۇرۇپ كىرگەن ئۇ جىنايەتچىگە ئالىيىپ.

- بازاردىن يېنىۋاتسام ھېلىقى كېپەن ئوغرىسى ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى...

- ئۇچرىغان بولسا نېمە بولۇپتۇ، ئۇنى ھازىر قويىۋەتتۇق!، - ۋاقىرىدى باشلىق چېقىمچىغا زەردە بىلەن تەنبىھ بېرىپ.

- لېكىن ئۇنىڭ قولىدا بىر كالا تۇرىدۇ!

- كالا؟، - باشلىق ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ چېقىمچىغا ۋارقىردى، - ئۇنىڭ قولىدا كالا يوقتىغۇ؟

- شۇنى دەيمەن باشلىق، - دېدى چېقىمچى تۇيۇكنى غورتىتىدە يۇتىۋېتىپ، - سورىسام پۇلغا ئالدىم دەيدۇ ئۇ نومۇسسىز ئوغرى!

- ئەستەخپۇرۇللاھ، نېمەدەيدىغانسەن!... تىز چوشۇگلار قاراپ باقايلى!

بىز ئالدىراپ تال جازىسىدىن چوشۇپ باشلىقنىڭ كەينىدىن تۇرمىنىڭ سىرتىغا چىقتۇق، تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يول بويىدا قاتار كەتكەن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى. باشلىق قولىيا سېلىغان بىر ھويلىنىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ئىچىنى مارىلاشقا باشلىدى. مەن ئالدىراپ سورىدىم:

- كالا ئوغرىسى ئاۋۇ يەردە كېتىپ بارسا بىز بۇيەرنى مارىلاپ نېمە ئىش قىلىمىز باشلىق؟

- ۋاي سەن نېمىنى بىلەتتىڭ توختەك!، - دېدى باشلىق شەپكىسىنىڭ سايىلىقىنى كەينىگە بۇراپ قويۇپ ھويلا ئىچىنى كۆزەتكەچ، - بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ ئۆيلۈكنىڭلا كالىسى بار ئىدى، شۇڭا قاراۋاتىمەن!

- ئوغرى كالىنى ئېلىپ يولدا مېگىۋېتىپتۇ...، - دېدىم سەل كېكەچلەپ

باشلىقنىڭ سەمىگە يەنە بىر قېتىم سىلىش ئۈچۈن.

- توختا، بۇ ئۆيدە ئۈششاق باللارنىڭ ئاۋازى بار!

- ئاتا-ئانىسى باللىرىنى ئۆيگە سولاپ قويغاندۇ-شۇ؟، - دېدى يېنىمدىكى ئىت ئوغرىسى كېيەن ئوغرىسنى ياندۇرۇپ ئەكەلگۈسى كىلىپ چىدىيالماي.

- ئېغىزىڭنى يۇمۇش! ئۇن نەچچە بالىنىڭ ئاۋازى، ئاھ... خۇدا!!...ماڭا خۇدايىم بەردى، ھەپتىگە قالماي مىنى تۇرمە باشلىقى دەپ ئاتاشمىغىنىڭنى بىر كۆرەي ئەمدى!، - دېدى باشلىق شەپكىسىنىڭ سايىلىقىنى ئالدىغا رۇسلاپ ھىجايغىنىچە.

- نىمە...نىمە...ئۇن نەچچە بالىنىڭ ئاۋازى؟، - دەپ سورىدىم بۇ گەپنىڭ ھىچنىمىسىنى چۈشىنەلمەي.

- ھەي قاپاق!، - دېدى يېنىمدىكى ھېلىقى چېقىمچى باشلىقتىن ئۆتە خۇش بولۇپ، - يەر ئاستى دىنىي ئۇقۇتۇش نوقتىسى دىگەن گەپ تېرورچىلارنىڭ ئۇۋىسى دىگەن گەپ، باشلىق بۇنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھىچ بولمىغاندا ...

- ۋوي پەس گەپ قىلىش ھارامدىن بولغانلار، بۇنى تۈرمىدىكى خىزمەتداشلىرىم ئاڭلاپ قالمىسۇن!، - دېدى باشلىق ئاۋازىنى كوسۇلدىتىپ.

- ئۇنداقتا كالىنىچۇ...، -دېدىم مەنمۇ ئاۋازىمنى پەسلەپ.

- قوي ئۇ كالىنىڭ گېپىنى...ھازىر مەن تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالىمەن ،ھەرقايسىڭ گۇۋاھ بولۇش!

- خوپ باشلىق!، -دېدۇق تۆتىمىز باشلىقنىڭ بۇيرۇقىغا پەرمەنبەردار بولۇپ.

- بۇيەردە دۈمبەلچەك بولۇپ تۇرۇش!، -دېدى باشلىق تامنىڭ تۈۋىنى كۆرسىتىپ.

تۆتىمىز دەرھال تامنىڭ تۈۋىدە پۈكلىنىپ ئولتۇرۇشتۇق، باشلىق بىرسىمىزنىڭ دولىسىغا بىرسىمىزنىڭ بېشىغا يەنە بىرسىمىزنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا دەسسىگەنچىلىك قىلىپ تامنىڭ ئۈستىگە يىلاندەك يامىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىر چاغدا باشلىق ھويلىغا سەكرىمەستىن ساندۇقتەك پولتىيىپ كەتكەن قورسىقىنى سىلىغىنىچە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تامنىڭ ئۈستىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى...

ھېلى سەكرە...ھېلى سەكرە...ھېچ گەپ يوق...

- نېمانداق مېڭىۋېرىدىغاندۇ... پاراتتىن ئۆتىۋاتامدۇ-يا ئۇ؟، -دېدى بىرسى

پىخىلداپ كۆلگىنىچە ئاۋازىنى پەسلەپ.

- ۋاي تاك، ھارامنى تولا يەپ ئىچى سۈرۈپ قالدى بۇ بىر نېمىنىڭ ھەر قاچان!

- تام ئۈستىدە ئىككى قولى بىلەن زاكىقنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ قۇيسۇپتىدىغان بولدى!

- قاراكلار ئۇ بايتالنىڭ خۇددى توققۇز ئايلىق بولغاندەك قورسىقىغا، - دېدى ئارىمىزدىكى يەن بىرى ئېغىزىنى تۈتۈپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭ ئىچىلىپ قالغان قورسىقىنى ئىشارەت قىلىپ، -چوقۇم تولغاق تۇتقان گەپ!

بۇ چاغدا تام ئۈستىدىكى باشلىق بىزنىڭ يۇشۇرۇن كۈلۈشكىنىمىزنى سېزىپ قېلىپ پەس ئاۋازدا بىزگە ۋارقىرىدى:

- نېمىگە كۈلىشىسەن ھارامدىن بولغانلار؟

- ياق بىز كۈلمىدۇق باشلىق!، -دەپ تەك جاۋاب بەردۇق تۆتىمىز بېشىمىزنى چايقاپ كۈلكىمىزنى بېسىۋالغان ھالدا.

- ئەستا...بىۇيەردىن چۈشەلمەيۋاتىمەن!، - دېدى باشلىق ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە ئىككى يانغا قاراپ تىت-تىت بولۇپ.

- ساقچى بولغاندىكىن قورقماي سەكرىمەمسىز!، - دېدىم باشلىقنىڭ بۇلۇمسىزلىقىغا قاراپ ئىچىم سىقىلىپ.

- ساقچى بولاپ ئاناڭنى ئالدىمىا مەن! ، -دەپ تىل سالدى باشلىق ئۆزىنىڭ سەكرىيەلمىگەن ئاچچىقىنى مەندىن ئېلىپ.

- ھېلى باشقىلار كۆرۈپ قالسا سىز بىزگە مۇندىغى قالار باشلىق!، -دېدىم ئۇنى سەكرەشكە ئالدىرىتىپ بىر بىلىكىمنى«داك-داك» قىلىپ مەيدەمگە ئۇرغىنىمچە.

- «باشقىلار» دېگەن گىپىمنى ئاڭلىغان باشلىق لىۋىنى-لىۋىگە چىشلەپ ماڭا ھومايغىنىچە ھويلىغا «گۈپپىدە»قىلىپ سەكرىدى.

لېكىن«گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك باشلىقنىڭ «ۋايجان!» دېگەن ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تامنىڭ تۆۋگەكىلىپ باشلىقتىن سورىدۇق:

- ۋوي باشلىق زادى نېمە ئىش بولدى؟

- ۋايجان...ۋايجان...ئادەم بارمۇ؟...

باشلىق ئاۋازىنى كالىدەك سوزۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

«تېرورچى ئۇنى تۇتىۋالدىمۇ نېمە؟»

تۆتىمىز دەرھال ئۆينىڭ قوش قانات ئىشىكىنى كۆچەپ تېپىپ تېرورچىنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ كىردۇق.

قارىساق باشلىق خۇددى ئۈچ ياشلىق بالا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە ئىككى پۇتىنى كەرىپ تاماق قاچىسىنى ئىككى چېتىنىڭ ئارلىقىغا قىستۇرۇپ تاماق يېگەندەك ئىككى پۇتىنى ئالدىغا سوزۇپ ئولتۇرۇپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

- ۋوي نېمە بولدى باشلىق؟، - دەپ ئالدىراپ سورىدىم ئۇنىڭ پولتىيىپ چىقىپ كەتكىلى قوپقان كۆزلىرىگە قاراپ قورققىنىمدىن.

- ئاناڭنى ئالغان بولدى!... ۋايجان...ۋايجان!...

- باشلىق بۇ زادى...، - دەپ كېكەچلىدى ئارىمىزدىكى ھېلىقى چېقىمچى ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئېڭىشىپ قارىغاچ.

- ۋاي... توختى پوكان...ۋايجان...كەينىمگە بىر قارىغىنا... ئۇ زادى نېمىكەن؟، -دېدى باشلىق ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى پىلدىرلاتقىنىچە قاتتىق ئىنجىقلاپ.

مەن دەرھال ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىسام باشلىق كەتمەننىڭ ۋالىداپ تۇرغان تۆمۈريۈزىدە ئولتۇرۇۋاپتۇ.

- كەتمەننىڭ بىسىدا ئولتۇرۇپ قاپسىز باشلىق!، -دېدىم ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ.

- ۋايجان... بىر نېمە ئىچىمگە كىرىپ كەتتى...قارىغىنا توختى ... بىر ئۇچى...ئېغىزىمغا كىلىپ تۇرىدۇ!

باشلىقنى دەرھال يېلىن قىلىپ كەينىگە قارىدۇق، دىگەندەك كەتمەننىڭ تۆمۈر يۈزى ئۇنىڭ كۆتىگە چاپلىشىپ قاپتۇ، مەن ئۇنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ شۇندا تۇتۇشۇم باشلىق يەنە «ۋايجان!» دەپ قاتتىق چىقىراپ كەتتى، ئۇبدان قارىسام كەتمەننىڭ دەستىسىمۇ باردەك...

ئېغىزىمغا ئىسسىق سۇ كەلدى...دەرھال ياقامنى چىشلىدىم...ئەسلىدە باشلىق ھويلىغا سەكرىگەندە يەردە ئۆرە قويۇلغان كەتمەننىڭ ئۈستىگىلا سەكرىگەچكە دەستىسى ئۇنىڭ كۆتىگە تولۇق كىرىپ كىتىپتىكەن ئەمەسمۇ...

«بىر مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ كەتمەننىڭ سېپى ئەمدى بۇ بىچارىنىڭ قەيەرىگە كىلىپ توختىغاندۇ...ھاخ خۇدايىم... تۆگەپتۇ بۇ باداڭ قۇرساق!...»

ئەتىراپتىكىلەر كۆلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراشتى، مەنمۇ كۈلكەمنى بېسىپ تۇرۇپ باشلىققا ئېيتتىم:

- دوختۇرخانىغا بارايلى باشلىق!

- شۇنچە ئېغىرمىكەن...توختى !...، -دېدى باشلىق خارقىراپ يىغلاپ.

- ئېغىرنىڭىزغا كىلىپ ئاقاشقىنى كەتمەننىڭ دەستىسى ئىكەن باشلىق!

- ۋايجان...ئەمدى مەن قانداق قىلاي...توختى...

- تۆرمىدىكىلەرگە خەۋەر قىلاي، سىزنى ماشىنىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى!، -دېدىم مەنمۇ يالغاندىن يىغلامسىراپ.

- ياق...ياق...توختى پوكان... بۇ بىزنىڭ... خىزمەت نەتىجىمىز... باشقىلار...بىلمىسۇن!

- لېكىن سىزنىڭ ھاياتىڭىز بۇ خىزمەت كۆرسىتىشتىن مۇھىم تۇرسا باشلىق!

- سەن... بىز... پارتىيىگە نېمە دەپ... كىرگەن... ھۆكۈمەتنىڭ ... ماشىنىسىنى ...شەخسى ئىشقا... ئىشلەتسەك... بىز خەلققە ... قانداق يۈز كېلىمىز...

«ماۋۇ ماز گەپنى ئەمدى... ئۇنىداق دىگۈچە بۇ قانۇنسىز دىنىي ئۇقۇتۇش ئۇۋىسىنى باشقىلار ئوقۇۋالسا نەتىجە مىنىڭ بولماي باشقىلارنىڭ بولۇپ كىتىدۇ...مەن ئۆسەلمەي باشقىلار ئۆسۈپ كىتىدۇ دىسەڭ بولماسمۇ...!»

- ئەمىسە قانداق قىلىمىز باشلىق؟، - دەپ گەپكە ئارىلاشتى يېنىمدىكى ئىت ئوغرىسى يالغاندىن ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن بولۇپ.

- ئالدى بىلەن... ئۆينىڭ ئىچىدىكى... ساۋاغ ئېلىۋاتقان... باللارنى تۇتۇڭلار...ئۇستازىنى تۇۋرۇككە باغلاپ... ئاندىن ... مىنى... دوختۇرغا ... ئاپىرىڭلار!...

بىز بۇيرۇققا ئاساسەن ئۆيگە قۇيۇندەك باستۇرۇپ كىردۇق. قارىساق ئۆيدە بىرمۇ ئادەم يوق، پەقەت كىچىك بىر تېلېۋىزوردا باللارنىڭ پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى چىقىۋېتىپتۇ...

بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدۇق ئاندىن پېشانىمىزنى تۇتۇشقىنىمىزچە باشلىقنىڭ يېنىغا چىقتۇق.

-قانداق بولدى...تۇتىۋالدىڭلارمۇ؟...، - دەپ سورىدى باشلىق ناھايىتى تەسلىكتە لىۋىنى مىدىرلىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ سوئالغا باشقىلار جاۋاب بىرىپ بولغىچە مەن باشلىقنىڭ كېسىلىنىڭ ئۆزگۈرۈپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تېزلا جاۋاب قايتۇردۇم :

- شۇنداق باشلىق ھەممىنى تۇتۇۋالدۇق!

- يىگىرمە-ئوتتۇز بالىكەن! ، - دېدى يېنىمدىكى ئىت ئوغرىسىمۇ ماڭا يېقىندىن ماسلىشىپ.

- ساقاللىق ئۇستازىمۇ بار تېخى! ، - دېدى موتۇ ئوغرىسىمۇ گېلىنى قىرىپ كۈلگىنىچە.

- يىگىرمە ئوتتۇز...ناھايىتى ياخشى...مىنى... ھازىرچە... يۇدۇپ ئېلىپ ...مېڭىڭلار!...يولدا...بىر نېمە...ئۇچراپ قالار!

شۇنداق قىلىپ ئارىمىزدىكى موتۇ ئوغرىسى باشلىقنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈردى، ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئالا-ئالماي «ۋايجان!» دىگىنىچە باشلىقنى يەرگە يۇمىلىتىپ تاشلىۋەتتى...

باشلىق يەردە يەنە چىرقىراپ تولاشقا باشلىدى...

- ۋوي نائەھلى! ، - دەپ ۋارقىرىدىم ئاچچىقىمدا موتۇ ئوغرىسى دېگەن كۇسپۇرۇچقا قاراپ، -باشلىقنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭ كەتمەننىڭ سېپى تېخىمۇ كىرىپ كەتمەمدۇ؟

- ۋوي مەن كۆتۈرەلمىسەم! ، -ۋارقىردى موتۇ ئوغرىسىمۇ بوش كەلمەي ماڭا ئالىيىپ، - يامان بولساڭ ئۆزۈڭ كۆتىرە!

- ئۇنداق بولسا مەن كۆتۈرەي! ، -دېدى ئارىمىزدىكى چېقىمچى مەيدىسىگە مۇشتلاپ باشلىققا خۇشامەت قىلغان ھالدا.

بىز يىغلاپ چىرقىراپ كەتكەن باشلىقنى تەسلىكتە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ قويدۇق، ئۇمۇ بەش-ئالتە قەدەم ئالا-ئالماي «ۋايجان!» دىگىنىچە باشلىقنى يەنە يەرگە تاشلىۋېتىپ كۈتىنى چىڭ تۇتقىنىچە بىر يانغا ئۆتۈپ بىزگە تىل سالدى:

- مىنىڭ كۆتۈمگە پىچاق تىققان قايسىڭ؟

-نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ساراڭ! ، -دېدىم يېنىمدىكى ئىككىسىگە قاراپ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.

ئاڭغىچە بىچارە باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن كۆپۈك يېنىپ بېشى بىر يانغا چۈشۈپ كەتتى...

مەن بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ جان ئاچچىقىمدا يېنىمدىكى ئوغرىلارنى غەزەپ

بىلەن بىريانغا ئىتتىرىۋېتىپ باشلىقنى كۆتۈرۈپلا ھاپاش قىلىپ ئېلىپ ماڭدىم، ئەچچە قەدەم ئېلىشىمغىلا پەللىكىم ھەرە چىقىۋالغاندەك پېژىلداپ كەتتى... بۇرادەرلەرنىڭ بىرەسى چاقچاق قىلىپ كۆتۈمگە شۇخىدەك بىر نىمىنى سانجىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ كەينىمگە «شارت»ئۆرۈلۈپ قارىسام ھېچكىم يوق...مەن ئاغرىققا چىدىيالماي بىرقۇلۇمنى پەللىكىمگە ئاپارسام ھېلىقى كەتمەننىڭ بىسى بىردەمدىلا كۆتۈمنى غاجىلاپ قان ـ قان قىلىۋېتىپتۇ...

«ھە...ئەسلىدە بايامقى كوسپۇرۇچلارنىڭ كۆتىنىمۇ مۇشۇ كەتمەننىڭ بىسى مۇشۇنداق غاجىلىغاچقا ھاپاش قىلىۋالغان باشلىقنى تاشلىۋېتىپ كۆتىنى ئۇۋۇلىشىپ تۇرۇپتىكەن ـ دە! »

دەرھال يېنىمدىكىلەرگە ۋارقىرىدىم:

ـ كەتمەننىڭ بىسىنى كەينىگە قايرىپ قوي!

ـ ۋوي سەن پارتىيە ئەزاسى بولغاندىكىن بىردەم چىدىغىن پەھلىۋان! ، ـ دېدى موتۇئوغرىسى باشلىقنىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلگىنىچە.

ـ بۇ كاساپەتنى مۇشۇ ھالى بىلەن ئېتىزغا قويۇۋېتىدىغان بولساق قوگىدىكى ساپال بىلەن ئون مويەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىكەن ـ ھە! ، ـ دېدى يەنە بىرسى باشلىقنى چاقچاققا كەلتۈرۈپ.

ـ ئەلپازىدىن قارىغاندا قوگىدىكى تەييار قالقىنى بىلەن سپارتاكنىڭ ئورنىدا جەڭگە چۈشۈدىغاندەكمۇ قىلىدۇ ئۇ!

ـ قالقىنى بولغان بىلەن نەيزىسى بولمىسا بولماس ئاغىنىلەر!

ـ ۋاي ۋاقتى كەلگەندە نەيزىسىنى قوگىدىن سۇغۇرۇپلا ئالامدۇ!

ـ ئۇنى تانكىنىڭ ئۇچچىغا مىندۈرۈپ قويۇپ جەڭگە چىققان بولساق دۈشمەنلىك ھەممە ئوقىنى مۇشۇنىڭ قالقىنى توسۇپ قالاركەن ـ ھە!

ـ ناۋادا يامغۇر يېغىپ قالسا كاساپەتنىڭ كۆتىنى ئاسمانغا قىلىپ قويساقلا تانكىغابىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمەيتتى!

ـ قاراڭلار! بۇ تۆمۈر كۈنلۈكنىڭ ئىگىز ـ پەسلىكىنى تەگشەشمۇ شۇنداق قۇلايلىقكەن!

ـ غالتەكتىن تۆتنى بىكتسەكلا ئۇنىڭ كۈنلىكى ماشىنىغا ئۆزگەردى دېگەن گەپ ئاغىنىلەر!

ـ ئۇچاغدا ئۇ تۈرمىنىڭ ئىچىدە بۇ ئۇيۇنچۇق ماشىنىسىنى ئىككى پۇتى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەيدەپ ئويناپ بىزنى ئوخلىغىلى قويماس!

- ئـۇخلىغىلى قويمىسا بـۇ ئومـاق قوزىچاقنىـڭ ئۈيۈنچـۈق ماشىنىسـىنى ئېلىۋالىمىز!

- ... ... ... ...

مۇشۇ تاپتا بۇ ئۈچى «ئېشەك ئۆلسە كۆتى غىجەك تارتىپتۇ!» دېگەندەك تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈشكىنىچە چاقچاقلا چۇشۇشكەن ئىدى...

- ۋوي ھـاراملىقلار! چـاقچىقىڭنى قويۇشـۇپ كەتمەننىـڭ بىسـىنى كەيـنىگە قايرىـپ قويـۇش! ، -دەپ قـاتتىق ۋارقىرىـدىم بـۇ ئـۈچىگە كۆزۈمنىـڭ پاختىسـىنى چىقىرىپ.

موتۇ ئوغرىسى كۈلكىسىنى توختۇتۇپ كەتمەننىڭ بىسىنى تۈتۈپ شۇنداق يانغا قارىغان ئىدى، باشلىق ئاغرىققا چىـدىماي «ۋاي كۆتـۇم!» دەپ قـاتتىق چىرقىـراپ كەتتى...

- ۋوي بولمـىدى ئاكـا، بـۇ بەك چىڭـكەن!، -دېـدى قورقـۇپ كەتـكەن موتـو ئوغرىسى كەتمەننىڭ بىسىنى قۇيىۋېتىپ كەينىگە داجىغىنىچە .

- ئۇنداق بولسا كەتمەننى سۇغۇرۇۋەتسەكلا بولمىدىمۇ!، -دېدى ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان چېقىمچى ئۆزىچە ئۇستاتلىق قىلىپ.

- ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ؟، - دېدىم بېشىمنى جىددىي چايقاپ.

- ۋاي ھېچـنىمە بولمايـدۇ!، - دېـدى يانـدا قـاراپ تۇرغـان ئـىت ئوغرىسـى كەينىمگە كەلگەندەك قىلىپ، - مانا ھېچنىمە بولمىدىغۇ؟

مەن ئالدىراپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام ئىت ئوغرىسى دېگەن ئەبلەخ قانغا بۇيالغان قىزىل دەستىلىك كەتمەننى قولىدا تۇتۇپ ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ...

«ئـاله شـەھىرىڭنى...دوختـۇر مـاۋۇ يەردىـكەن ئەمەسـمۇ؟...نـېمە قىلامـىزا باشلىقنى دوختۇرغا ئاپىرامىز دەپ... بۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بۇلارنىڭ نېمە كارى... ئۆمرۈمدە بۇنداق نائەھلى ئوغرىلارنى كۆرمەپتىكەنمەن...»

-ئەبلەخ!، - غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم، - ئۇنى سۇغۇرۇۋەتسـەڭ بولمـايتتى... قارىغىنا ئىككى قولۇمغا قىزىق بىرنېمە قۇيىلىۋاتىدۇ...

- ۋاي ئاكا... ھەممىسى قانكەن! ، - دېدى چېقىمچى ماڭا قاراپ پېشانىسىگە بىرنى شاپىلاقلاپ.

- ھـوي...مەن دىگىنـا راھەنـدى جوھـوت!، -دەپ توۋلـىدىم ئـىت ئوغرىسـى

دېگەن قەلەندەرگە.

- ۋاي مەن ئەمدى قانداق قىلاي!، - دەپ ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى ئىت ئوغرىسى قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ.

- كىم سىنى دەستىنى سوغار دېگەن؟، - دەپ ۋارقىرىدى چېقىمچى دەرھال ئىت ئوغرىسىغا تاپا-تەنە قىلىپ.

- ئۇنداق بولسا ئورنىغا تىقىپلاۋاتاي ئاكا!...

ئىت ئوغرىسى شۇنداق دېگىنىچە كەتمەننىڭ دەستىسىنى كەينىگە چىنەپ يۇپيۇرۇلۇپ كەلدى.

- ۋوي توختا...خۇدا ھەققى ...ئەمدى دەستىنى تىقما، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ!، - مەن شۇنداق دېگىنىمچە باشلىقنى يۇدۇپ بەدەر قاچتىم...

-ئاكا توختا!

- ۋوي ئىتنىڭ ھەققى، مىنى قوغلىما!

- توختا دەيمەن ئاكا...توختا!...

- خۇدا ھەققى!...ئۇنى تىقما!... ئىت ئوغرىسى!...

- ئاكا يېرىمىنى تىقىپ بولدۇم، قانمۇ توختىدى!

- ھاخ... خۇدايىم! ۋوي...نېمە دەيسەن؟

- خاتىرجەم بول، بىسنى كەينىگە قىلىپ تىقتىم!

«ئاھ خۇدا...بۇ ماڭا نېمە كۈن...غىچ ساراڭنىڭ ئارىسىدا قاپتىمەن ئەمەسمۇ...»

ئۆرۈلۈپلا ئىت ئوغرىسىنى كۆچەپ تېپىپ باشلىقنى يەرگە يېلىن ياتقۇزدۇم، كۆزلىرىمدىن ياشلار مارجاندەك ئاقتى...لىۋىمنى-لىۋىمگە چىشلەپ يېرىمى كىرىپ بولغان كەتمەننىڭ دەستىسىنى ئۇنىڭ كۆتىدىن ئاستا-ئاستا سوغۇرۇپ ئالدىم، ئاندىن كۆزۈمدىكى ياشلارنى سۈرتكىنىمچە پايپىقامنى سېلىپ ئۇنىڭ بۇقۇلداپ قان ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان كۆتىنىڭ تۆشىكىگە تۇرمەللەپ تىقتىم...بىر جۈپ پايپىقام كات قىلمىدى...باشقا راھەندىلەرنىڭ پۇتىدا پايپاق بولمىغاچقا ئۇلار چاپان-كۆينەكلىرىنىڭ ئۈيەر-بۇيەرلىرىدىن قىيىندىلارنى چىقاردى...ئۇنىمۇ تۇرمەللەپ تىقتىم... ئاخىرى بۇلاقنىڭ ئېقىشى توختىدى...باشلىق كۆزىنى تەستە ئېچىپ ئېغىز ئاچتى:

- توختى... پوكان... نەتىجە...بىزنىڭ...باشقىلار...بىلىپ قالمىسۇن!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە لاۋزىلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن...بىر تۇرۇپ ئۆلسەڭ ئۆل دەپ ئۇنى تاشلىۋەتكۈم كەلدى...يەنە بىر تۇرۇپ يۈرۈگۈم ئېچىشتى..قاندافلا بولمىسۇن..تىرىكجان ئەمەسمۇ...

ئاخىرى كۆزۈمدىن ئاققان ياشلارنى يېگىم بىلەن سۈرتىۋېتىپ باشلىقنى كۆتۈرگىنىمچە شەھەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدىم، قالغانلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ كەينىمدىن ئۇپۇل-تۇپۇل يۈگۈرۈشۈپ مېڭىشتى...

بىز تۆتىمىز باشلىقنى نۆۋەت بىلەن يۈدۈپ يۈرۈپ مىڭ بىر بالادا شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىردۇق.

كۆز ئەينەك تاقىغان دوختۇر بىزگە بىر نىمىلەرنى دېدى، بىز ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەلمەي جەمشىتنىڭ مۈشۈكىدەك كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردۇق، ئاڭغىچە بىر ئاق خالاتلىق تەرجىمان ئۇنىڭ گېپىنى بىزگە ئۆرۈشكە باشلىدى:

- نېمە بولغان؟

- شۇ ...شۇ...، - دېدىم ئۇ گەپنى دېيىشتىن خىجىل بولۇپ.

- ۋاي نېمە شۇ؟

- بۇ يەرگە قارىسىڭىزلا ھەممىنى بىلىسىز!، - دېدىم موتۇ ئوغرىسىنىڭ دۈمبىسىدىكى ھۇشسىز ياتقان باشلىقنىڭ قاناپ كەتكەن كۆتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئاق خالاتلىق تەرجىمان بىر نىمىلەرنى دېگەندىن كېيىن دوختۇر يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينىكىنى ئۇبدان بىر رۇسلىۋېلىپ باشلىقنىڭ كۆتىگە ئىگىشىپ تازا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تەرجىمانغا بىر نېمىلەرنى دەپ كولدۇرلىدى.

- دەرھال ئىككىنچى قەۋەتكە ئاچىقىڭلار!، -دېدى تەرجىمان بىزگە جىددىي بۇيرۇق قىلىپ.

بىز باشلىقنى يۈدۈپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئاچىقتۇق، بىزنىڭ كېسەل ئېلىپ چىققىنىمىزنى كۆرگەن سېستىرا قىز كارىدوردا تۇرۇپ دەرھال دوختۇرنى چاقىرغاچ بىزنى ياندىكى بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ كېسەلنى تەكشۈرۈش كارۋىتىدا ياتقۇزۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن بىزگە ئېيتتى:

- بىز ھەربىي-ساقچىلارغا ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلاتتۇق، ھەر نېمە بولسا بۆلۈم مۇدىرىمىز بار ۋاقىتداكەپسىلەر، كېسەلنى مۇدىرىمىز ئۆزى كۆرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە مۇدىرنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى، بىزمۇ جىددىيلەشكىنىمىزدىن ئۇنىڭ كەينىدىن يوگۈرۈپ مۇدىر ئىشخانىسىغا تەڭ كىردۇق، ئىشخانىغا كىرىشىمىز ئاق خالاتلىق ئايال مۇدىرنىڭ يانچۇقىغا بىرسى پۇل تىققىلى تۇرۇپتىكەن، ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قىلىپ هۇلۇق-مولۇق جىم بولۇپ قېلىشتى.

سېسترا بىر نېمىلەرنى دېگەن ئىدى، ئايال مۇدىر ئۈستەلدىكى كۆز ئەينىكىنى تاقاپلا تەكشۈرۈش ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، مەن كارىدوردا ماڭغاچ سېسترا قىزدىن سورىدىم:

-بايامقى يىگىت مۇدىرنىڭ ئېرىمۇ؟

- ياق ئۇ دېگەن تۇغۇت بوخچىسى ساتىدىغان دورا سودىگىرى!، - دېدى سېسترا قىز ماڭا ئاستا پىچىرلاپ.

-ئەمىسە مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئەشۇنداق خىزمەت سومكىسى كۆتۈرۈۋالغانلاردىن يەنە ئۈچ-تۆتى تۇرىدۇيا؟

- ھەممىسى دورا سودىگىرى!

مۇدىر بىزنىڭ كۇسۇرلاشقانلىقىمىزنى بىلگەندەك سېسترا قىزغا ئالىيىپ قويۇپ باشلىق ياتقۇزۇلغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.ئۇ كارىۋاتتا بىهوش ياتقان باشلىققا بىرقارىۋەتكەندىن كېيىن ئەگىشىپ كىرگەن تۆتىمىزگە قاراپ يەنە بىر نېمىلەرنى دېگەن ئىدى، ئاڭغىچە سېسترا قىز بىزدىن سورىدى:

- قايسىڭلار ئۇنىڭ ئىگىسى؟

- بىز!

تۆتىمىز تەڭلا جاۋاب بەردۇق.

- ئۇنىڭ يېنىدا بىرسىڭلار تۇرۇشۇڭلار كېرەك!

قېشىمدىكى ئۈچى دېيىشىۋالغاندەك ماڭا تەڭ ئۆرۈلۈپ قاراشتى. بۇنى كۆرگەن سېسترا قىز ماڭا قاراپ ئېيتتى:

- ئۇنداق بولسا سىز قېلىڭ!

مەن باشلىقنىڭ يېنىدا قالدىم، قالغان بۇ ئۈچ ئەبلەخ بىر-بىرسىگە كۆز بېقىشىپ مۇدىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى،ئارىمىزدىكى هېلىقى چېقىمچى تېخى كۆز يېشى قىلىپ ئۇ ئايال مۇدىرنى قۇچاقلاپمۇ قويدى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىزغىن خوشلاشقىنىغا قاراپ

ئېغىزىمنى تۇتۇۋېلا قالدىم، چۈنكى بۇ ئۈچى ئاللاقاچان مۇدىرنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقداپ بولغان ئىدى.

- قانچە ئايلىق بولغان؟، -دەپ سورىدى سېسترا قىز مۇدىرنىڭ گېپى بويىچە مەندىن.

- نېمىگە؟

- ئايالىڭىزنىڭ قورسىقىغا؟

- ئايالىڭىزنىڭ؟...

- شۇنداق، ئايالىڭىزنىڭ قورسىقىغا قانچىلىك بولغان؟، -سورىدى سېسترا قىز تېخىمۇ ئۇنلۇك قىلىپ.

«نېمە دەيدۇ ماۋۇ ساراڭ...كۆزىگە بىر نېمە كېرىپ كەتتىمۇ بۇنىڭ...»

- ۋوي ئۇ مىنىڭ ئايالىم ئەمەس، ئۇ دېگەن بىزنىڭ باشلىق!

- سىلەر ئەرلەر ھەمىشە خوتۇنلىرىڭلارنى باشلىق دەۋالىسىلەر!، -دېدى سېسترا قىز كۈلگىنىچە ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ.

- ۋوي نېمە دەيدىغانسىز...بۇ بىزنىڭ تۇرمىدىكى باشلىقىمىز شۇ!

- سىلەر ھەمىشە قىزلارغا ئۆزەڭلار تەكلىپ قويىسىلەر، توي قىلىپ بولغان ھامان ئۆينى تۇرمىگە ئوخشىتىۋالىسىلەر! بەك قىزىق...

ئاڭغىچە ئايال مۇدىر باشلىقنىڭ تامبىلىنى سالدۇرۇپ پۇتىنى تەكشۈرۈش كارۋاتىنىڭ ئىككى يېنىدىكى جازىغا بىردىن ئېلىپ چاترىقىنى كەرىدى ھەم كىچىك بالىنىڭ سۈنىيدەك بىر نىمىنى باشلىقنىڭ سېمىز قۇرسىقىدا ئۇيان-بۇيان يۆتكەپ بىر نىمىنى تىڭشاشقا باشلىدى...

- بالىنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئاجىزكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا تەتۈركەن!، -دېدى سېسترا قىز دەرھال مۇدىرنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىم پىقىراپ ئىشخانىنىڭ ئىچى چۆرگىلەشكە باشلىدى.

«ئاھ ... خۇدا... ئەمدى بۇ نېمە كارامەت... چۈشۈممۇ-يا... ئۇڭامۇ-بۇ...»

- بالا تەتۈركەن!... ۋوي چاقچاق قىلمايۋاتقانسىز؟

- كىم چاقچاق قىپتۇ، بىزنىڭ مۇدىر دېگەن دوختۇرخانىمىز بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن تۇغۇت بۆلۈم مۇتەخەسسىسى جۇمۇ، مەخسۇس ئىچكىرىدىن كەلگەن ئاكىشور!

- ئىچكىرىدىن كەلگەن ئاپشاركا؟
-ۋاي قۇرۇق گەپنى قويۇڭ! مۇدىر بالىنىڭ بىر پۇتى چىقىپ قاپتۇ دەيدۇ!
- ئوخخو ...ۋوي ئەمدى نېمە پۇتكەن ئۇ؟
- ئەسلى بالا بېشىدىن تۇغۇلسا ئاندىن ئوڭ بولاتتى، ھازىر بالا تەتۈر كىلىپ قالغاچقا شۇڭا بىر پۇتى چىقىپ قالغان گەپ، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز كىلىپ قاراپ بېقىڭ!

«تويە مانا...بۇرۇت ساقالنى ئۆلگۈدەك قىرغانغا باشلىق غوجام...بۇرۇت - ساقال بولمىسا چىرايىڭدىن ئەر ياكى ئاياللىقىڭنى بىلگىلى بولمىسا...بار يوقنىڭ ھەممىنى يەپ قۇرسىقىڭ تېخى توققۇز ئايلىق بولغان ئايال كىشىنىڭ قۇرسىقىدەك چىقىپ قالغان تۇرسا...نەگىلا بارساق كۆز ئەينەك تاقىۋالغان ئۇلۇغ خان - غوجىلىرىم، يا گېپىمىزنى ئۇقالمىسا...بولار تېخى پوقنى ئىككىگە بۆلەلمىسە...»

- ۋاي مەن قارىمىساممۇ بىلىمەن!، - دېدىم ئاچچىقىمدا مۇدىرغا ۋارقىراپ، - ئۇ دېگەن بالىنىڭ پۇتى ئەمەس...

ئاڭغىچە مۇدىر دېگەن ساراڭ قېرى بالىنى تارتىپ ئالماقچى بولۇپ بالىنىڭ پۇتىنى كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى، بىچارە باشلىق ئاغرىققا چىدىيالماي چىرقىراپ توۋلاپ كەتتى:

- ۋاي...پوكان...بۇ ... قەيەر...؟
- بۇ...بۇ...ۋاي ... بۇ زادى قەيەر؟، -دەپ سورىدىم مەنمۇ بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ ھېچنېمىسىنى بىلەلمەي.
- بۇ دېگەن تۇغۇت بۆلۈم!، -دەپ ۋارقىرىدى بالىنى تارتىپ ئالالمىغان مۇدىر جىلە بولغىنىدىن ماڭا ۋارقىراپ.
- خۇدا ھەققى... توختى پوكان... مەن ئۆزۈم تۇغاي... مەن خوش بولاي ...ئۇنىڭغا -دە... ئۆزۈم تۇغاي... ئۇنى ئۇنداق سوزمىسۇن!، -دېدى بىچارە باشلىق كارۋاتتىن بېشىنى كۆتۈرگۈدەك ھالى يوق ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.
- ئەمدى ئۇنى تارتما ئالۋاستى قېرى!، -دەپ ۋاقىرىدىم مەنمۇ كۆزۈمدىن دەريادەك ياش ئاققۇزۇپ چاترىقىمنى چاڭگاللىغىنىمچە باشلىققا ئىچىم ئاغرىپ.
- تارتمىساق بالا چىقمايدۇ، بالا تۇنجۇقۇپ قالسا ئۆزۈڭ ئىگىمۇ؟، -دەپ ۋارقىرىدى مۇدىر بالىنىڭ پاچىقىنى ئىككى قولى بىلەن تېخىمۇ كۈچەپ تارتىپ ئىنجىقلىغىنىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-ئۆلسە ئۆلسۇن... ۋۇ نائەھلى... بۇ دېگەن ئەركىشى تۇرسا!...، -ۋارقىرىدىم كارىدۇرنى بېشىمغا كىيگۈدەك قىلىپ باشلىقنىڭ نالىسىغا چىدىماي.

- نېمە....نېمە؟...

مۇدىر شۇنداق دېگىنىچە كۆز ئەينىكىنى قايتىدىن ئوڭشاپ قايتا بىر تەكشۈرۈش قىلغاندىن كېيىن شۇ يەردە ۋارقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى پولغا ئېتتۇەتتى...ئاڭغىچەسېسترا دېگەن ناياقمۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ «ۋاي ئانا!» دېگىنىچە مۇدىرى بىلەن تەڭ ئۆزىنى پولغا ئېتىپ يۇمىلىنىشقا باشلىدى...

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ناھايىتى كېلەڭسىز بىر سېمىز ئايال ئىشىك ئالدىداپەيدا بولدى، ئۇ پولدىكى يىغلاۋاتقان مۇدىر بىلەن سېسترا قىزغا تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ئىشخانا ئىچىدىكى پولغا ئېتىۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلاشقاباشلىدى:

- ۋاي توختى!...مىنى ھاقارەت قىلغان خوتۇن ئاشۇ شۇ...

«توختى؟...ئوخخو...ماۋۇ ئىشنى...ئەمدى بۇ كىمتۇ...مىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ يۈرۈيدا... بۇ خوتۇن مىنىغۇ كۆرسەتمىگەندۇ...»

ئىشكتىن بۇرۇت -ساقىلى مايلىشىپ كەتكەن تۆگىدەك بىرسى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە يەردە يىغلاپ ئولتۇرغان ھېلىقى سېمىز خوتۇندىن سورىدى:

- سىنى تىللىغىنى زادى قايسى؟

ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ كەتكەن بولۇپ كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك قان تامچىلايتتى.

- ئەنە ئاۋۇ شۇ!، -دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خوتۇن قولىنى بىز تەرەپكە سۇنۇپ يىغلىغىنىچە.

ئۇ ئەبلەخ يېنىدىكى مۆڭگۈز دەستىلىك پىچاقنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئالدىمغا كەلگىنىچە ياقامنى چىڭ بوغدى...

- سەن بىر ئەركىشى تۇرۇپ خوتۇنۇمغا ھاقارەت قىلغۇدەك بولدۇڭما؟، -دەپ ۋارقىرىدى ئۇئەبلەخ بوم ئاۋازىنى تىترىتىپ ماڭا خىرقىرىغىنىچە.

- ئاكا...مەن...مەن...، - دېدىم قورققىنىمدىن ئىشتىنىمغا سىيگۈدەك بولۇپ.

- ۋاي توختى...مىنى تىللىغىنى ئۇ ئەمەس...ئاۋۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغان

ئۇنجىمارۇق ئالۋاستى شۇ!

ئالدىمدىكى بۇ «سىمىز توختى» ئۇ گەپنى ئاڭلاپ مىنى قۇيۇۋەتتى-دە پىچىقىنى غىلابىغا سېلىۋېتىپ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغان سىستىرا قىزنىڭ ياقىسىنى بوغقىنىچە يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئالدى:

- ئېيتە قانجۇق، خوتۇنۇمنى نېمشقا تىللىدىڭ؟

- مەن ...مەن...كىمنى تىللاپتىمەن؟، -دېدى سىستىرا قىز يىغىسىنى دەرھال توختىتىپ ئىشىك تۈۋىدە يىغلاپ ئولتۇرغان سىمىز خوتۇنغا قاراپ.

- مىنى بايام شۇنچە جىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا «پوتەي،پوتەي!» دەپ تىللىمىدىڭما، مىنىڭ سىمىزلىكىم سىنىڭ قەيىرىڭگە تاقاشتى؟، - سىمىز خوتۇن شۇنداق دىگىنىچە ئاۋازىنى قۇيىۋېتىپ تېخىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

- شۇنى دەيمنا؟!، -دەپ كالىدەك ھۆركىرىدى خوتۇنىغا ئامراق توختى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، - بىز سەندىن ئاش-نان سورىمىغاندىكىن، قانداق يىسەك ئۆزىمىزنىڭ ئىشى،نېمە دەپ خوتۇنۇمغا «پوتەي» دەپ ھاقارەت قىلىسەن-ھە؟ پوتەي بولامدۇ-ئىستىھكام بولامدۇ سىنىڭ نېمە ئىشىڭ؟

«سىمىز توختى » سوئال-سوراقنى كۈچەيتتى، بىر چاغدا قەرنەگە ئېسىلىپ قالغان سىستىرا قىز كۆلۈپ كېتىپ ئېغىز ئاچتى:

- ۋوي ئاكا! مەن خوتۇنىڭىزنى تىللىمىغان، ئۇنىڭ قورسىقىغا يەتتە ئايلىق بولۇپتىكەن، بالا چۈشۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ، بىز بۇنداق كېسەلنى «ھامىلىنى ساقلاپ قېلىش» دېگەن مەنىدە خاڭسۇچە «باۋتەي» دەپ ئاتايتتۇق،بايام باش دوختۇر كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا «باۋتەي» دىن بىرسى كەلدى دەپ ئۇنلۇكرەك دوكلات قىپتىمەن... خوتۇنىڭىز يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ چىكەتكەندەك قىلىۋىدى سىزنى باشلاپ كىرىپتۇ ئەمەسمۇ؟

- ھەرقايسىڭنىڭ ئانىسىنى بوۋتەي ئېلىشمىغاندىكىن، زۇۋانىڭنى ئوڭشاپ يۈرۈش قاسماقلار!ئۆتكەندە دىسە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان سىڭلىم سالامەتلىك تەكشۈرتكىلى كەلسە سەن خەق «ب تىپلىق جىگەر» ياللۇغى دېگەن گەپنى ئوڭشاپ دېيىشەلمەي «يىگەن، يىگەن»دىيىشىپ شۇنچە جىق ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا «تەكشۈرۈشتە يىگەن چىققان قىز سىزمۇ؟» دەپ داۋراڭ قىلىشىپسەن...سىڭلىمنىڭ ساۋاقداشلىرى سىڭلىمنىڭ ئۈستىدىن «ئۇ يىگەن چىقىپتۇ..يەپتىكەن...يەپ ساپتىكەن» دىيىشىپ گەپ تېپىپتۇ... تاس قالدى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېسىلىپ ئۆلىۋالغىلى...يەنە شۇنداق زۇۋانىگىدىن پوق ئېقىتىپ يۇرۇشسەڭ... ھەممىڭنىڭ تىلىنى مۇشۇ پىچاق بىلەن كېسىۋېتىمەن!

ئىچىمدە ئانا تىل شىركىتىنىڭ ھەسسىلىنى يېگەن بۇ«سېمىزتوختى»غا خېلى ھۆرمىتىم كەلدى، بىردەملىك غەلىلە-غۇدۇردىن كېيىن بىزمۇ خۇددا ئۇرغان بۇ جايدىن باشلىقىمىزنى يۇدۇپ دەرھال تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكەلدۇق.

كەچكە يېقىن تۆتىمىز كامېرغا قايتىش ئۈچۈن تۇرمىنىڭ ئالدىغا كەلسەك ھېلىقى كېپەن ئوغرىسى قولىغا كويزا سېلىنغان ھالدا تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن يېنىمدىكىلەرنىڭ گۇل-قەقەلىرى ئېچىلىپ تۇخۇنىڭ چۈجىسىدەك چۇكۇلداشقا باشلىدى:

- خوپ بوپتۇ بۇ قەلەندەرگە!

- دىمىدىمۇ ئۇنى تۇغما ئوغرى دەپ!

- توختا باشلىقتىن بىر سوراپ باقاي ئۇ زادى نېمە بولۇپ كىرگەندۇ!، - يېنىمدىكى ئىت ئوغرىسى ئالدىراپ ئالدىمىزدىكى كېپەن ئوغرىسىنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان گوندىپايغا يېتىشىپ ئۇنىڭغا ھىجايدى:

- دوكلات باشلىق!

- نېمە دەيسەن ئوغرى!

- بۇ كاساپەتنى يەنە مازارلىقتىن تۇتىۋالدىڭلارمۇ؟

- ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلما، ئۇ دېگەن ھازىر داڭلىق سېھرىگەر!

- سېھرىگەر؟

- ئەتىگەن تۇرمىدىن چىقا-چىقماي دەرۋازا ئالدىدىكى بىرسىنىڭ كالىسىنى ئوغۇرلاپ يېرىم يولدا ئۇنى قاسساپقا سېتىپتۇ، ئارقىدىن بازاردىكى دۇكانلارنى تېخى ئاچماستا قاتارى بەش-ئالتە دۇكاننى ئەرەختە-پەرەختە قىلىپ ئۇنىڭغىمۇ قانماي ئاشلىق بازىرىدىكى بىرمۇنچە دېھقانلارنىڭ پۇللىرىنى جايلاپتۇ،مانا ئەمدى بۇنىڭ قېشىدا يا نەخ پۇل يوق، يا زاڭ مال يوق، سېھرىگەرنىڭ ئۆزىكەن-بۇ!

باشلىقنىڭ گېپىگە قىزىقىپ مەنمۇ دەرھال يۇگۇرۇپ بېرىپ ھېلىقى «سېھرىگەر» دىن سورىدىم:

- ئالدىدىكى ئىككى ئىشنىغۇ بوپتۇ قىلغانسەن، ئاشلىق بازىرىدىكى ئىشنى قانداق قاملاشتۇردۇڭ، سىنىڭ كەسپىڭ ياكى يانچۇقچىلىق بولمىسا ...

- ۋوي نېمە دەيدۇ ماۋۇ!، - دېدى كېپەن ئوغرىسى مىنىڭ گېپىمنى

ياراتمىغاندەك ئېغىزىنى مايماقشىتىپ، -تۇرمىدە بىكار ياتمىدۇق بىز، يېڭىمىدىكىلەر ئوغرىلارنىڭ پىرى تۇرسا ھۆنەر-پۈنەر دىگەننى يىگىلاپ تۇرىمىز!... ئىسلاھات دەۋرى بۇ!

- ۋاي قانداق جايلىدىڭ؟، -دېدىم ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمەي.

- ئاشلىق بازىرىغا باردىم ئاندىن ئادەملەر تازا يىغىلغان جايغا كىلىپ ئۆزۈمنى-ئۆزۈم ئىككىنى كاچاتلاپ «پۇلۇمنى يانچۇقچى ئېلىۋاپتۇ جامائەت...ۋاي ئىست پۇلۇم!...ۋاي ئىست پۇلۇم!...» دەپ بىرلا ۋارقىرىغان ئىدىم، يانچۇقىدا پۇلىسى بار ئاخماقلار دەرھال پۇل سالغان يەرلىرىنى تۇتۇپ بېقىشتى، بەزى پوكانىبايلار تېخى پۇللىرىنى بىر يانچۇقىدىن ئېلىپ يەنە بىر يانچۇقىغا سېلىشىپ يۈرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتمەمتىمكى!

- قانداق بولۇپ تۇتۇلۇپ قالدىڭ؟، -دەپ سورىدىم گەپنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ.

- ۋاي قانداق بولۇپ تۇتىلاتتىم، تۇرمىدە ئۆزۈن يېتىپ بەدىنىمنى پىت بېسىپ كىتىپتۇ، تازا بىر يۇيۇنىۋالاي دەپ مۇنچىغا كىرسەم، كىيىم ساقلايدىغان قاتار-قاتار ئىشكاپلار كۆزۈمگە چېلىقىپلا تۇرىۋالدى،شۇنىڭ بىلەن ئالقىنىم قىچىشىپ چىدىيالماي ئامبۇرنى قولۇمغا ئالدىم-دە ھەممىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتتىم،بۇگۈن مۇنچىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى قەلەندەر-ھابدالكەن، يانچۇقىنى تەتۈرسىگە ئۆرىۋەتسەممۇ بىر تىيىن چىقمىدى... ئاخىرى بىر كىيىم ساقلاش ئىشكاپىدا ساقچى كىيىمى تۇرىدۇ، شۇنى بولسىمۇ ئېلىپ ئۇچامغا كىيىۋالدىم، ئەينەككە قارىسام يېڭى خىزمەت كىيىمىم ماڭا شۇنداق يارىشىپتۇ ئاندىن مۇنچىنىڭ ئالدىدىكى دۇكاندىن بىر جۇپ ئاق پەلەينى سېتىۋالدىم-دە دەرھال خىزمەتكە ئاتلاندىم!

- ساقچى كىيىمى بىلەن ئوغرىلىق قىلدىڭما؟، -دەپ سورىدىم ئۇنىڭ گېپىدىن ئەجەبلىنىپ.

- شۇنداق، قاتناش ساقچىسى بولۇپ چوڭ يولدىكى ماشىنىلارنى بىردەم توسقان ئىدىم، توسقانلىكى ماشىنا يۈزسومدىن تاشلاپ ماڭدى!

-ۋوي ئۇنداق ئاسان ئىش يوقتۇ؟

- ۋاي ئاسان ئىشكەن ئۇ، ئاۋۋال ماشىنىنى توسىدىكەنسەن، ئارقىدىن كىنىشكە دەپ سورايدىكەنسەن، شوپۇر كىنىشكىنى تەڭلەيدىكەن، مەن كۆزۈمنىڭ

پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا يەنە «كىنىشكە!» دەپ ۋاقىرايدىكەنمەن، ئۇ ئاستا ماشىنىدىن چۈشۈپ كىنىشكىنىڭ ئارىسىغا يۈز سومدىن بىرنى قىستۇرۇپ كىنىشكىسىنى تەڭلەيدىكەن، مەن كىنىشكىگە قارىغان بولۇپ ئارىسىدىكى پۇلنى چۆنتەككە سالىدىكەنمەن...ئۇنىڭ كەينىدىكى ماشىنىلارنى مەن توسمىساممۇ ئۆزىچە توختاپ يۈز سوملۇق كىنىشكىنى تەڭلەۋېرىدىكەن...ئىسىت!... ئىسىت!.. ياخشى ئۇقۇپ قاتناش ساقچىسى بولمىغىنىمغا مىڭ بىرپۇشايمان...ناۋادا خىزىر ئۇچراپ قېلىپ مەندىن نېمە تەلىپىڭ بار دەپ سوراپ قالسا «مىنى پەقەت بىر ھەپتە قاتناش ساقچىسى قىلىپ قويساڭ!» دەپ تىلەرئىدىم...مەن بىر ھەپتە قاتناش ساقچىسى بولىۋالسام ئارقىدىن قايناۋاتقان بىر قازان ياغقا سەكرىگىن دىسىمۇ سەكرەيتتىم...

- قانداق بولۇپ تۇتۇلدۇڭ دەيمەن؟

- قانداق بولۇپ تۇتىلاتتىم،ئالى دەرىجىلىك بىر كىچىك ماشىنىنى توسۇپتىمەن، ئۇنىڭ شوپۇرى بولغان گۇي كىنىشكا دىسەممۇ يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تورىدۇ،ئەمىسە پۇل ئال دىسەممۇ يېنىدىكى بىرسىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تورىدۇ، ئاچچىقىمدا شوپۇرنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئۇ بىرسىگە پۇل ئال دەپ ۋارقىراپتىمەن، ئۇمۇ ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە سېرىكچىنىڭ گاچىسىدەك كۈلۈپلا ئولتۇرىدۇ، ۋاي كىمنى زاڭلىق قىلىدۇ دەيمەن ماۋۇ تاز... ئاچچىقىم دىگەن كەلمەسمۇ...ۋاي...ۋاي...يەردىن مۇشتۇمدەك تاشنى ئېلىپ سالدىم دىگىنە خام كاللا پاينەكۆاش تازنىڭ بېشىغا... كاللىسىدىن ئوقتەك قان كەتمەسمۇ ئۇنىڭ...يەن كۈلە-ھە!... يەنە ھجىيىپ ئولتۇرە!... ئاچچىقىمدا قۇلۇمدىكى تاش قوم بولۇپ كەتكۈچە سالدىم يۈز كويغا چىدىمىغان ئۇ پاخشەك تازنىڭ بېشىغا... يۈز سوم پۇل ئۇنىڭ ئانىسىمكەن يا؟!...شۇنداق قىلىپ ئۇ تازنىڭ كاللىسى خېمىر قىلىۋەتتىم دەڭلا...بىر چاغدا بىرسى بېشىمغا تاپانچىدەك بىر نىمىنى تەڭلەيدۇ ... قارىسام شوپۇر دىگەن گۇي... ئەسلىدە ئالدىمدا چالا ئۆلۈك بولۇپ ياتقىنى قاتناش ساقچىسىنىڭ ئەڭ كاتتىسىكەن ئەمەسمۇ!...

- «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دىگەن مۇشۇدە، -دىدى ياندا ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ تۇرغان گۇندىپاي كۈلۈپ كېتىپ، -ئوغرىلىق قىلىشتىن نومۇس قىلساڭچۇ -ھەي!

- نامراتلىق يامان تۇرسا باشلىق!، -دىدى كېپەن ئوغرىسى ھېچ ئىش

بولمىغاندەك باشلىققا قاراپ.

- يەر تېرىغىن، تىجارەت قىلغىن، ئاڭلىسام سەنمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپتىكەنسەن،بىرە ئىش قىلساڭ بولىدىغۇ!،-دېدى باشلىق ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ.

- يەر تېرىغىن، تىجارەت قىلغىن دەپ كەتكىنىنى تېخى، تۇفىي!

- سەن قاراقچى تېخى ماڭا گەپ ياندۇرۋاتىسىنا؟!

- يەر تېرىغىلى مىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولسۇن، بىز بەش جاننىڭ ھەممە يېرى ئاران بەش موغا بارمىسا....بەش مو يەردىن قانچىلىك ھوسۇل چىقىدۇ.. . تېرىغىنىڭ گېلىڭغايەتمىسە!

- ئۇنداقتا ئوغرىلىق قىلغىنىڭ توغرىمۇ؟

- كىم توغرا دەپتۇ؟

- ئەمىسە ئوغرىلىق قىلما!

- ئەمىسە بىزگە تېرىيدىغانغا يەر تېپىپ بەر!

- مەن قانداق تاپىمەن؟

- ئامال قىلمامسەن؟

- ۋاي قانداق ئامال؟

- سەن ئونىۋېرسىتېتتا ئوقۇغانمۇ ياكى سەي ساتقان يەردىن ئىشقا ئورۇنلاشقانمۇ؟

- ئاكاڭ قارغاي ئونىۋېرسىتېتتا ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئۇقۇغان جۇما ئوغرى!

- ئەمىسە سەندىن سوراي!

- نىمىنى؟

- شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى چوڭمۇ؟

-دۆلىتىمىز ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ!

- بۇ ئۇمۇمى كۆلەمنىڭ ئىچىدە ئىنسان ياشاشقا مۇۋاپىق دەپ قارالغان بوستانلىق قانچىلىك؟

- تەخمىنەن بەش پىرسەنت!

- دېمەك بۇ بەش پىرسەنت بوستانلىقنىڭ قانچىلىكى ئاپتونوم رايون نوپۇسىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قولىدا؟

- تەخمىنەن يىگىرمە پىرسەنتتىن سەل ئارتۇقراقى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- قالغان سەكسەن پىرسەنتتىگە يېقىنچۇ؟
- دۆلىتىمىزنىڭ قولىدا!
- دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟
- تەخمىنەن ئىككى يېرىم مىليون!
- قالدى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئومۇمى نوپۇسچۇ؟
- تەخمىنەن يىگىرمە ئىككى مىليون ئەتراپىدا!
- شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئەللىك پىرسەنتى دۆلىتىمىزنىڭ قولىدا توغرىمۇ؟
- توغرا دېدىڭ، تېرىلغۇ يەرنىڭ قالغان ئەللىك پىرسەنتى ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردىكى دېھقان چارۋىچىلارنىڭ قولىدا!
- دېمەك بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر كۆلىمى ھازىر بىر موغا يەتمەيدۇ، توغرىمۇ؟
- بۇ يەرنىڭ بىرموغا يەتمىگەن بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ھېسابلىساق ئۈچ موغا يېقىنلاپ قالدۇ...
- دۆلىتىمىزدىكىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر كۆلىمى ئەللىك بەش موئەتراپىدا، توغرىمۇ؟
- بۇ دېگىنىڭ توغرا كېپەن ئوغرىسى!
- ئۇنداق بولسا سەن بۇ تەلپىمىزنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بىزنىڭ نوپۇسىمىزنى دۆلىتىمىزگىلا ئۆتكۈزۈۋەت! بىزنىڭ تېرىيدىغان يېرىمىز كۆپرەك بولسا، بىزمۇ بۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈرمىسەك، قانداق دەيسەن؟
- بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمتى ھەي تىگى پەس ئوغرى!
- ئەمىسە يەر تېرىشنىڭ گېپىنى ئاز قىل!
- ۋۇ كۇسپۇرۇچ....سەن تېخى مىنى سەنلىگۈدەك بولدۇڭما..ئەمدى بۇنى كۆر!
گەپتە يېڭىلگەن باشلىق شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى بىر بېشى ساڭگىلاپ قالغان قارا رەزىنكە كالتەك بىلەن كېپەن ئوغرىسىنى تازا سېلىشقا باشلىدى.
- ۋوي باشلىق ئاكا، ئەمدى مەن گەپ قىلماي! ، ـ دەپ ۋارقىرىدى كېپەن ئوغرىسى يەردە تىزلىنىپ قالغىنىچە قارا كالتەكنىڭ سۇنۇپ كەتكەن ئۇچىنى قولىدا چىڭ تۇتىۋېلىپ تۇرۇپ.

- كالتەكنى قويۇۋەت! - ۋارقىرىدى باشلىق تېخىمۇ جىلە بولۇپ.
- ئەمىسە ئۇرماڭ باشلىق...
- قويۇۋەت!
- قويۇۋەتسەم ئۇرىسىز...
- قويۇۋەت دېدىم قويۇۋەت!

باشلىق كالتەكنى تېخىمۇ كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى، كېيەن ئوغرىسى ئاخىرى ئەبجەق كالتەكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بېشىنى قويۇۋەتتى، ھايىنى - ھۇيت دېگۈچە قارا كالتەكنىڭ بىر بېشى ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۇدۇل باشلىقنىڭ توڭكىيىغا تەگدى،كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ ئىككى كالپۇكى تەكىيدەك پولتىيىپ چىقتى، ئارقىدىن كالپۇكىدىكى ئىششىق تىزلىكتە پېشانىسى تەرەپكە يامراپ بىردەمدىلا ئۇنىڭ بېشى كۈپتەك چوڭىيىپ ھەتتا شەپكىسىمۇ پاتماي قالدى...

مەن دەرھال يەردە چېچىلىپ ياتقان بەش - ئالتە تال چىشنى تۈپىنىڭ ئارىسىدىن مالتىلاپ ئېلىپ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن باشلىققا قوش قوللاپ سۇندۇم، باشلىق يۈزىدىكى ئىششىقنىڭ يامانلىقىدىن كۆزنى ئاچالماي ئىككى بارمىقى بىلەن بىر كۆزنى كەرىپ ئېچىپ ئالىقىنىمدىكى چىشلارنى كۆردى ئاندىن ۋارقىرىغىنىچە قولىدىكى كالتەك بىلەن مېنى سالغىلى تۇردى...

دەل شۇ چاغدا سىرتتىن كىرگەن يەنە بىر باشلىق بىزنى ئۇرىۋاتقان باشلىققا توۋلىدى:

- تىز بول نامازغا بارىمىز!
- نامازغا... كىمنىڭ نامىزىغا؟ - سورىدى باشلىق بىزنى ئۇرۇشتىن توختاپ.
- مۇشۇ تۈرمىمىزدىكى بىر بۇرادىرىمىز دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ قاپتۇ!
- ۋوي نېمە بولۇپ؟

- تېرورچىلارنى تۈتىمەن دەپ خىزمەت ئۈستىدە يارلىنىپتۇ! - باشلىق شۇنداق دېگىنىچە يان بىلىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن بىز گە قاراپ ۋارقىرىدى:

- قايسىڭنىڭ پۇت - قولى چاققان!

- مېنىڭ چاققان باشلىق! - دىدۇق ھەممىمىز بەس - بەستە بۇ تاياق يەيدىغان سورۇندىن كىتىشكە ئالدىراپ.

- ھويلىنىڭ ئاچقۇچى ئىچىدىكى ياتاق ئۆيۈمدە قاپتۇ، ياتاقنىڭ ئىشىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق، بىرسىنىڭ كىرىپ ئاچقۇچنى سۇنغىنى!

- مەن كىرەي باشلىق! ، - دىدۇق بەشىمىز تەڭلا خىزمەت كۆرسىتىشكە ئالدىراپ.

باشلىق بەشىمىزگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

- توختى پوكان سەن كىر!

مەن تاياقتىن قۇتۇلغىنىمغا خوش بولۇپ نەچچە قەدەم نېرىسىدىكى خىزمەتچىلەر ياتىقىنىڭ ئالدىغا كىلىپ باشلىقتىن كۆلۈپ سورىدىم:

- باشلىق!

- نېمە دەيسەن پوكان؟

- هويلىغا قانداق كىرىمەن؟

- تامدىن ئارتىلىپ كىرمەمسەن!

«ئاھ خۇدا...تامدىن ئارتىلغىلى بۇ تام يا بىر كونا چىتلاق بولمىسا، شۇ تامغا چىقىپ سەكرەپ چۈشىدىغان گەپ...هېلى تېخى تامدىن سەكرىگەن بىرسى قوڭغا تۈۋاق قاداپ سۇنئى هەمرا بىلەن ئالاقىلىشىۋاتقان يەردە... مەن تامدىن سەكرەيمەن دەپ كۆتۈمگە چىش سالدۇرۇپ يۈرمەي يەنە... ئەڭ ياخشىسى قوڭامنى غىت قىساي!...»

- ۋاي جېنىم باشلىق مىنىڭ پۇتۇم تىگىدىن سۇنۇق، ئاۋۇ تۆتى مەخسۇس تامدىن سەكرەيدىغانلار، شۇنىڭغا بىر دەڭا!

مەن شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ قېشىدىن بەدەر قېچىپ بىر يانغا كىلىپ تۇرۇۋالدىم،باشلىق ماڭا تازا بىر ئالىيۋەتكەندىن كېيىن قۇلىغا كويزا سېلىنغان كېپەن ئوغرىسىنى بىر يانغا سىلكىۋېتىپ قالغان ئۇچىگە هۆرپەيدى:

- قايسىڭ تامدىن سەكرەشكە ئۇستا؟

- مىنىڭ لىپكىم چىكتىپ ئەمدى ئوڭشالغان باشلىق! ، - دەرهال جاۋاب بەردى موتو ئوغرىسى تىزىنى سىلاپ تۇرۇپ.

- مىنىڭ پۇتۇمنىڭ بارمىقى تۇغۇلۇشۇمدىلا ئالتە ئىكەن باشلىق! . - دېدى ئىت ئوغرىسىمۇ ئايىغىنى سېلىپ پۇت بارمىقىنى باشلىققا چىنەپ.

- خۇدا هەققى... مىنىڭ داس سۆڭىكەممۇ مانا مۇشۇ يەردىن دەز كەتكەن! ، - دېدى چېقىمچىمۇ تامبىلىنى تىزىغا چۈشۈرۈپ ئۆلگۈرۈپ.

باشلىق ئۇلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ «خەپ...خەپ...سەن ئوغرىلارنى!»

دىگىنىچە هويلىنىڭ تېمىغا مايمۇندەكلا يامىشىپ چىقىپ كەتتى ئاندىن ئۆزىنىڭ نوچىلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويغاندەك بىزگە هاكاۋۇرلارچە قاراپ قويدى، بىزمۇ ئۇنىڭ چەبدەسلىكىدىن هەيرانلا قالدۇق ئاندىن ئۇ هويلىنىڭ ئىچىگە «گۇپپىدە» قىلىپ سەكرىدى...

لېكىن «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ باشلىنىڭ «ۋايجان!» دېگەن چىرقىرىغان ئاۋازى تۇرمە ئاسمىنىنى بىر ئالدى، بىز تۆتىمىز ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر-بىرىمىزگە قاراپ كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتىشىپلا قالدۇق.

تۇيۇقسىز ئارىمىزدىكى ئىت ئوغرىسى ئۆزىنىڭ پىشانىسىگە «پاققىدە» بىرنى سىلىپ يەردەزوك ئولتۇرغىنىچە هۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى...

ئۇنىڭ بۇنداق هازا ئاچقىنىنى چۈشىنەلمىگەن ئۈچىمىز تەڭلا ۋارقىرىدۇق:

- ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟

- دىگىلى بولمايدۇ!

- ۋوي دىگىنە تىز!

- ئەتىتىگەن تال جاھازىسىنى ئوگشىۋاتقاندا قۇلۇمىدىكى كەكە چۈشۈپ كەتكەن!...

- نەگە چۈشۈپ كەتكەن!

- مۇشۇ هويلىغا!

«ئاھ ئۇلۇغ خۇدا... مىنى بۇ نەس باسقانلارنىڭ يېنىدىن قۇتقۇزغىن!... مىنى سۇلىساڭمۇ تېمى يوق... چىتلىقى يوق بىر يەرگە سۇلىغىن!...مىنى بۇنداق سەكرىگىلى ئامراقلارنىڭ يېنىدىن نېرى قىلغىن!... ئۇلۇغ خۇدا...»

مەنبە: باغداش مۇنبىرىدىن ئېلىندى